# بىز مۇسۇلمانمۇ؟

مۇھەممەد قۇتۇب

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ......................................................... 5
ئىسلامنىڭ ئۇقۇمى .................................... 11
مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىن نەمۇنىلەر ........... 85
بۇرۇلۇپ كېتىش سىزىقى ........................... 142
يەرلىك ئامىللار ........................................ 166
ئالەمشۇمۇل دولقۇن ياكى دۇنيا ئېقىمى........ 267
كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپ! ...................... 306

**بسم الله الرحمن الرحيم**

# (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

(لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ) «سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى، ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنىغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر» (سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت).

بۈيۈك ئاللاھ ھەقىقەتەن راست سۆزلىدى.

«ئىمان ئارزۇ قىلىش بىلەن ۋەياكى تاشقى جەھەتتىن ياسىنىش بىلەن بولمايدۇ، قەلبتىن ئورۇن ئالغان ۋە ئۇنى ئەمەلىيەت بىلەن ئىسپاتلىغان نەرسە ئىماندۇر».

—— ھەدىس شەرىفتىن.

# مۇقەددىمە

## (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلامنىڭ ئاممىباپ ئۇقۇملىرى قانداق بولۇپ بىزنىڭ قەلبىمىزدە قاتمال، جانسىز، چۈشىنىش قىيىن بولغان ئۇقۇمغا ئايلىنىپ قالدى؟

ئىسلام نېمە سەۋەبتىن ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ تەبىئەت، ھاياتلىق ۋە ئىنسان قاتارلىق ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئاممىباپ ئۇقۇمىدىن، ئادا قىلىپ قويسىلا بولىدىغان، ئادا قىلمىسىمۇ، ئەمەلىيىتىدە قىلمىسىمۇ كۆڭلىدە بولسىلا بولىدىغان، ھەتتا مۇتلەق ئادا قىلمىسىمۇ بولىدىغان، كۆڭلىدە بولسۇن ياكى بولمىسۇن بولىۋېرىدىغان، «ئىسلام دېگەن ئىبادەت» دەيدىغان تار رامكىدىكى دوگماتىك ئۇقۇمغا ئايلىنىپ قالدى؟

ئۇلار ئىسلامنىڭ نامى بىلەن كۆرەڭلەپ ئۆزلىرنى «بىز ئىسلامغا لايىق سادىق مۇسۇلمانلار» دەپ تەرىپلىنىشۋاتىدۇ. بۇ ئۇقۇم قەيەردىن كەلدى ؟!

ئىسلام نىمە بۇلۇپ ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىغا، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ماددىي، مەنىۋىي، سىياسىي، پىكرىي، ھېس-تۇيغۇ، رېئال ھاياتتىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرى قاتارلىق بىر پۈتۈن ھاياتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇپ ئىنتىزاملاشتۇرىدىغان ئاممىباپ دەستۇردىن، رېئاللىقتا ھېچقانداق ئەمەلىي رولى يوق قۇرۇق ئاتغا ئايلىنىپ قالدى؟

ئۆزىنى مۇسۇلمان چاغلاپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرۈيدىغان مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەس (كۇفرى) جەمئىيەتلەردە ياشاشتىن

نومۇس ھېس قىلمايدىغان، ئۇ يەردىكى ھاياتنى ئىنكار قىلمايدىغان، ئۆزگەرتىشكە ئورۇنمايدىغان، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ھاياتىدا بولامدۇ ياكى ئىجتىمائى ھاياتىدا بولامدۇ مۇسۇلمانلار پائالىيىتىگە قاتناشمايدىغان، مۇسۇلمانلار ماڭغان يولدا ماڭمايدىغان، ئۆرپ-ئادەتلىرى ، تەپەككۇرى ، تەسەۋۋۇرى ، كۇندىلىك ئىش-پائالىيەتلىرىنىڭ ئىسلام بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان، شەخس بىلەن شەخس، شەخس بىلەن كوللېكتىپ، ياكى شەخس بىلەن دۆلەت، ياكى رەھبەر بىلەن پۇقراغا ئالاقىدار مۇناسىۋەتلەر بولسۇن، ئىسلام بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان، لېكىن ئۆزىنى مۇسۇلمان چاغلايدىغان بۇ قاراش قەيەردىن، نېمە سەۋەبتىن بارلىققا كەلدى؟!

ئىسلام نىمە بۇلۇپ دۇنيا ۋە ئاخىرەت، ئاسمان-زېمىن، ھاكىم-مەھكۇم، ئەر-ئايال، ئائىلە-جەمئىيەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، پىكىرى، نەمۇنىسى ۋە ئەمەلىي پائالىيىتى ئىسلام پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن پۈت تىرەپ تۇرىدىغان كامىل ھاياتلىقتىن، چاڭ-تۇزان پارچىلىرىغا ئوخشاش بىر-بىرىگە چېتىشلىقى بولمىغان جۇزئىلەرگە ياكى بىر پارچە رەختتىكى قاملاشمىغان سىزىقچىغا ئوخشاش نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى؟!

ئىسلامنى بىر تەرەپتىن ئەمەلىيتى يوق قۇرۇق ئاڭغا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاڭدا يوق قۇرۇق ھەرىكەتكە ئايرىۋېتىدىغان، ئاندىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋېتىدىغان قىزىقارلىق پىكىرلەر قەيەرلەردىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان قۇرۇق ئاڭنى بۇ «ئىسلام» دېيىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىمىز؟ بۇ تەسەۋۋۇر قەيەردىن پەيدا بولدى؟

ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەرنى يەر شارىدىكى ئىسلامى بولمىغان تۈزۈلمىلەردىن ئىمپورت قىلىش، جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۇسۇل-قائىدىلىرىنى يەر شارىدىكى ئىسلامىي بولمىغان پىكىرلەردىن

ئىمپورت قىلىش، ئۆرپ-ئادەتلەرنى يەر شارىدىكى ئىسلام بولمىغان قايىسى بىر جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئىمپورت قىلىش،كىشىلەرنى قانداقمۇ ئۆزلىرىنى بىز مۇسۇلمان دېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلسۇن؟!

ئەھۋال ئەنە شۇنداق تۇرۇپ ئۇلار يەنىلا بىر مۇسۇلمان؟!

قولىدىن كېلىشىچە ھەممە نەرسىدە ئائىلەرنىڭ پەرۋىشچىسى بولغان ئىگىسى ئاللاھنىڭ تەلىم-تەربىيە ۋە كۆرسەتمىلىرىگە قارىمۇ-قارشى يول تۇتىدىغان، ئاشۇ ئىگىسىنىڭ بارلىق ئامانەتلىرىگە خىيانەت قىلىدىغان، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق ۋە ئىسيانكارلىقنى سەنئەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان، ھالال تاۋارنى ھارام تاۋارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان، تېخى ئاشۇ تاۋارلارغا ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىنتىلگەنلىكتىن خار-زەبۇنلۇقنى قوبۇل قىلىدىغان، بىۋاستە ئۆزى قاتنىشىش ياكى چاقىرىق ئارقىلىق بولسۇن ئىسلامى جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ چىقىش قۇرۇلۇشىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئەكسىچە زۇلۇم، ئەسكىلىك ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردە پۇت تىرەپ تۇرىدىغان، مۇسۇلمان ئەمەس، ئىسلام بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشىدىغان، ئاندىن ئىخلاس بىلەن ياكى ئىخلاسسىز كۈندە بىر قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇپ قويۇش بىلەن ئۆزىنى مەن ئۆلچەملىك مۇسۇلمان بولدۇم، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق جاۋاپكارلىققا تارتىلمايمەن، مەندىن بارچە مەسئۇلىيەتلەر سۇرۇشتۇرۇلمەيدۇ دەپ قارايدىغان ۋە ئۆزىنى مۇسۇلمانلار قاتارىدىن سانايدىغان كىشىلەرگە بۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش قەيەردىن كەلدى؟ بۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش قانداق مۇمكىن بولدى؟

قولىدىن كېلىشىچە ھەممە نەرسىدە ئاللاھنىڭ پەرۋىشچىسى بولغان ئىگىسى ئاللاھنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋە كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپ ھالدا ياشاپ، ئاشۇ ئىگىسىنىڭ بارلىق ئامانەتلىرىگە خىيانەت قىلىدىغان، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك قىلىدىغان، يالغان ئېيتىدىغان، ئىگىسىگە ئىسيانكارلىق قىلىدىغان، يېرىم ياكى پۈتۈن يالىڭاچ كوچىلارغا چىقىپ ئۆزىنىڭ بەدەنلىرى بىلەن شەھۋانىي كىشىلەرنىڭ ئاچكۆز كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان، كىشىلەرنى ئۆز بەدەنلىرى بىلەن ئازدۇرىدىغان، ئۆزنى توغرا يولدا مېڭىش ،پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش ياكى دەۋەت ئارقىلىق مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدىن قاچۇرىدىغان، ئەكسىچە زۇلۇم، ئەسكىلىك ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئاساسىدا پۈت تىرەپ تۇرىدىغان ،ناچار، مۇسۇلمان ئەمەس جەمئىيەتلەر قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشىدىغان، ئاندىن قەلبىدىكى «ياخشى نىيەت» ئاللاھ ئالدىدىكى بارچە مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ دەپ قاراپ، ئۆزىنى مۇسۇلمانلار قاتارىدىن سانايدىغان بۇنداق مۇسۇلمان ئايال قانداقمۇ مۇسۇلمان ھېسابلانسۇن؟!

دىن نېمە ئۈچۈن ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلەر، شەخس بىلەن كوللېكتىپ ياكى دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەر، رېئال ھاياتتىكى كۈندىلىك ئەمەلىي پائالىيەتلەر، كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىچە بولىدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئارىلىشىۋالىدۇ؟ دىن نېمە دەپ ئاياللارنىڭ كىيىنىش، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىگە ئارىلىشىۋالىدۇ؟ دىن نېمە ئۈچۈن ئىلىم ـ پەنگە ئارىلىشىۋالىدۇ؟ دىن نېمە ئۈچۈن گېزىت ـ ژۇرنال، كىنو ـ تىياتىر، ناخشا ـ ئۇسسۇل، رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدۇ؟ قىسقارتىپ ئېيتقاندا، دىن بىلەن

ھاياتلىقنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ياكى دىنىنىڭ ھاياتلىققا نېمە كېرىكى؟ زېمىن ئۈستىدە ياشاۋاتقان ئىنسانىيەت رېئاللىقى بىلەن دىنىنىڭ نېمە ئالاقىسى؟ دىگەندەك كۆزقاراشلار مۇسۇلمان شەخسىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا قەيەردىن كەلدى؟ شەكسىزكى، ئىسلام كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ ئىشلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقىدەك قاراشلارغا كېلىپ قېلىشىنىڭ نۇرغۇن سەۋەپلىرى بار؟

ئىسلام ھەقىقەتلىرى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان چاغلاردا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى ھەرگىزمۇ ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى، ئىسلام جەمئىيەتلىرى فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىقىدىن ئىلگىرىكى يېقىن دەۋرلەرگىچە، ئەسىرلەر مابەينىدە كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كەلگەن پاساتچىلىقلار بىلەنمۇ ھازىرقىدەك ھالەتكە كېلىپ قالمىغان.

دىنىي ئىدىيە بىلەن رېئال ھايات ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنمىچىلىك ئىسلام تارىخىدا ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق سالالمىغان، مەركىزى ھۆكۈمەت ھۆكۈمرانلىق سىياستى ۋە مال ـ مۈلۈك سىياسىتىدە بىر بۆلۈك بۇزغۇنچىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، مەركىزى ھۆكۈمەتتىن باشقا بارلىق جايلاردا ئىسلامنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كۈللى بولامدۇ، جۇزئى بولامدۇ ئىسلامىي ئۇقۇملار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ... يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدىن مۇھىمراقى، جەمئىيەت تۈزۈملىرى ئىسلام ئاساسىدا تۈزۈلگەن، يۇرگۈزۈلگەن قانۇنلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قانۇن دەستۇرىدىن ئېلىنغان، ھەرگىزمۇ باشقا قانۇن ـ تۈزۈلمىلەردىن

ئىلىنمىغان. تۇرۇكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە يۇقىرىقى بۆلۈنمىچىلىك تېخىمۇ كېڭەيگەن، ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپمۇ جەمئىيەت ئىشلىرى ۋە ئۇقۇملىرى خالىس ئىسلامىي ئۇقۇملار ئاساسىدا ئىلىپ بېرىلغان، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى، ئەخلاقى، مۇئامىلىلىرى، تەسەۋۋۇرلىرى ۋە پىكىرلىرى ئىسلامىي بولغان.

VIIIX ـ، IXX ـ، XX ـ ئەسىرگىچە سوزۇلغان ئاخىرقى قېتىملىق ئەھلى سەلىب ئۇرۇشىغا قەدەرمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىقىدەك بولغان.

مۇشۇ قېتىمقى ھۇجۇمدىن كېيىن مۇسۇلمان جەمئىيەتلەردە ئىختىلاپلار ، بۇزۇقچىلىقلار (يۇچۇقلار) كۆپەيدى. بۇ كىتابچە ئاشۇ بۇيۇك ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر پۇتۇنلۇككە ئىگە ئىسلامنىڭ ،قانداق بولۇپ ھازىرقىغا ئوخشاش بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئىخلاس بىلەن ياكى ئىخلاسسىز ھالدا ئادا قىلىدىغان «ئىبادەت» ئۇقۇمىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ۋە بۇ ئىبادەتلەر ئاللاھ مەقسەت قىلغاندەك ئىسلام بولمىسىمۇ ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئاللاھ ئۇلاردىن، ئۇلار ئاللاھتىن رازى بولىدىغان ئىسلام دەپ چۈشىنىۋېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە يېزىلدى!

بۇ خىل ئېغىپ كېتىشنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن چېغىمىزدا، بۇ ئىشلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى سۇيىقەست ۋە ھىيلە-مىكىرلەرگە سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز ... ئاللاھ تەرەپكە قايتالىشىمىز ... ئۆزلۈكىمىزگە قايتالىشىمىز ... مۇسۇلمانلىق ھالىتىمىزگە قايتالىشىمىز مۇمكىن. مەقسەتكە يەتكۈزگۈچى ئاللاھتۇر.

—

مۇھەممەد قۇتۇب.

## ئىسلام ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشەنگەن؟ ئۇنىڭ مەنىسىنى بىز قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك ؟

ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى ھازىرقى دەۋردە چۈشەنگەندەك ئىسلام دېگەن ئەمەلىي ھاياتتىن ئايرىلغان ھالدا ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر يىغىندىسى، ئىنسان پەرز، نەفلە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئاللاھ تەرەپكە يۈزلەنسە، ئىبادەتلىرى ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ئۆلچەملەر ئىچىدە بولسلا، تۇرمۇشى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە بولمىسىمۇ بولىدۇ دەپ چۈشەنمىگەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھى يوق .

ئۇلار ئىسلامنى ھەقىقەتەن پەيغەمبەر — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — چۈشەنگەندەك، ئۇ زاتتىن ساھابىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى چۈشەنگەندەك ئاللاھقا تولۇق بويسۇنۇش، ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ۋۇجۇدى ئاللاھقا يۈزلەنگەن بولۇش، ئىنساننىڭ پىكىرلىرى، ھېس-تۇيغۇلىرى، ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتلىرى ھەممىسى ئاللاھ بېكىتكەن دەستۇرنىڭ ھۆكۈمى بويىچە بولۇش دەپ چۈشەنگەن.

مۇسۇلمانلار «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرىدۇر» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى، روھ چوڭقۇرلىقى بىلەن ھاياتتا قارارگاھى ۋە ھېچبىر تەسىرى

بولمىسىمۇ، ئىغىزنىنىڭ ئۈچچىدا ئىيتىپ قويسىلا بولىدىغان سۆز دەپ چۈشەنمىگەن.

ئۇلار «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دىگەن بۇ شاھادەت كەلىمىسىنى مۇشۇ كائىناتنىڭ بىردىنبىر ئىگىسى ئاللاھتۇر، تەبىئەتتە يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ بىردىنبىر پىلانلىغۇچىسى ئاللاھتۇر، ئىبادەت قىلىشقا لايىق زات ئاللاھتۇر، قەلبلەر قورقۇش ۋە تەقۋادارلىق بىلەن يۈزلىنىشكە تېگىشلىك بولغان بىرلا زات ئاللاھتۇر، ھاياتلىقنى بەرگۈچى يېمىرىلمەس كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى بىرلا ئاللاھتۇر، ئاللاھنىڭ غەيرىگە قورقۇش ياكى ئىبادەت قىلىش بىلەن يۈزلىنىش، ئاللاھتىن باشقا ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى قايسىبىر كۈچ ئىگىسى كىشىلەرگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلەيدۇ دىگەن ئويدا بولۇش، ئاللاھتىن پاناھ تىلەشكە تېگىشلىك شېرىكتۇر دەپ چۈشەنگەن. ئۇلار يەنە يۇقىرىقىلاردىن ھالقىپ «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر» دىگەن كەلىمىنىڭ مەنىسىنى خۇددى اللاھ قۇرئاندا: ( قُلْنَا اهْبِطُواْ مِنْهَا جَمِيعاً فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَايَ فَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ ○ وَالَّذِينَ كَفَرواْ وَكَذَّبُواْ بِآيَاتِنَا أُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ) «ئۇلارغا: ‹ھەممىڭلار بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر) كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ› دېدۇق، كافىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ» (سۈرە بەقەرە 38 ـــ 39 ـ ئايەتلەر)دەپ ئېيتقاندەك ئىنسانىيەتكە شەرىئەت، ھايات ئۈچۈن قانۇن، مەئىشەت ئۈچۈن دەستۇر تۈزۈپ بېرىدىغان، پۈتۈن شەيئىلەرگە يالغۇز ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بۈيۈك زات ئاللاھتۇر، ئاللاھتىن باشقا ئاسمان ـ زېمىندىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىلىرىدىن قايسى بىرى بولسۇن، ئۇنداق قىلىشقا

يارىمايدۇ ھەم ئىنسانىيەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئەزەلدىن يارىتىلىشتىن ئىلگىرىمۇ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولغان، ئادەم ئاتىمىز زېمىنغا چۈشكەندە بۇ ئىش ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەڭ چۈشكەن دەپ چۈشەنگەن.

مانا بۇ پۈتۈن تارىختىكى ئىنسانىيەتكە لازىم ئىش. ئۇلار ئاللاھنىڭ ھىدايىتىنى چىڭ تۇتۇشى، ئاللاھنىڭ تەلىپى بويىچە ياشىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەس. ئۇلار مۇھەممەد ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى اللاھ قۇرئاندا: ( وَمَا أَرْسَلْنَا مِن رَّسُولٍ إِلاَّ لِيُطَاعَ بِإِذْنِ اللّهِ ) «بىز ھەرقانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ)» (4-سۈرە 64- ئايەت)دەپ ئېيتقاندەك، ئۇ ئىنسانىيەتكە ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن، ئىنسانىيەت بويسۇنۇش ۋە ئەگىشىشكە تېگىشلىك بولغان ھىدايەتنى ئېلىپ كەلگۈچى، رەببىنىڭ ئەمىر-پەرمانىنى يەتكۈزگۈچى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىللە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش لازىم دەپ چۈشەنگەن.

پەيغەمبەر ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ئەرشتىن چۈشكەن ۋەھيىنى ئەمەلىيەتكە جانلىق تەدبىقلىغۇچى، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئۈلگە بولغۇچى، مۇسۇلمان جامائەتنىڭ رەھبىرى ۋە تەربىيىلىگۈچىسى، ئۇستازى ۋە مۇئەللىمى، زۇلمەتلەرنى يورۇتقۇچى نۇردۇر.

*** *** ***

يۇقىرىدىكىلەر بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېگەن كەلىمە شاھادەتنىڭ ئومۇمىي ياكى ئېنىقسىز ئۇقۇمى بولۇپ، ئۇنى دىلدا تەسدىق قىلغان ئادەم ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كەلىمىنى تەسدىقلىغان ئادەم ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى شەكىللەندۇرىدۇ. ئىنسان ئىدىيىسىدىن قارار ئالغان بۇ مۇقەررەرلىك ئىنسان ھاياتىنى ئۆزگەرتىشكە، ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە ... ئاللاھنىڭ يولغا باشلاشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ يوليۇرۇقلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن كېڭەيگەن يۇقىرىقى ئېنىقسىز ئۇقۇمدىن باشقا ،يەنە تۆرلۈك ئۇقۇملار بارلىققا كەلگەن. بۇ ئۇقۇملارنى ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار گەرچە بىزلەردەك «پەلسەپەلەشتۈرمىگەن»، ئۇ ھەقتە بىز يازغاندەك كىتاب ـ ژۇرناللارنى يازمىغان بولسىمۇ،ئۇلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ھېس ـ تۇيغۇرلىرى، پىكىرلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن. ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار قەلبكە يوشۇرۇنغان توغرا نىيەت، كۆز بىلەن كۆرگىلى، قولاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولىدىغان، رېئاللىقتا ئىپادىلىنىدىغان ئەمەللەر سۈپىتىدە رويابقا چىقمىسا، ئۇ ئىسلام بولمايدۇ، بۇنداق توغرا نىيەت رېئاللىقنىڭ تارازىسىدا ،ئاللاھنىڭ ئۆلچىمىدە ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، يارىمايدۇ دېگەن چۈشەنچىدە بولغان. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ : «ئىمان كۆڭۈلدە ئارزۇ قىلىش، سىرتقى جەھەتتىن زىننەتلىنىش بولماستىن، بەلكى قەلبتە قارار ئالغان ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان نەرسىدۇر» دېگەن.

بىز خۇسۇسەن ئىسلامنى چۈشىنىشتىكى بىلىم دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، بۇ ئىدىيىنى پەلسەپىگە ئايلاندۇرساق، بۇ سۆزنىڭ دەرھەقىقەتلىكى ۋە ئىنسان ھاياتىدىكى مەنىسىنىڭ نەقەدەر روشەن ۋە چوڭقۇرلىقىنى تونۇپ يېتىمىز. ئىنسان بىرەر پىكىرىدىن تولۇق قانائەتلەنگەنلىكى ۋە بۇ پىكىردىن تۇيۇنغانلىقىنى ھېس قىلىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قانائەتلەنگەن پىكىرىنى ئۆزى ئۆزگەرتىشى ياكى باشقىلارنىڭ ئۆزگەرتىشى ھاجەتسىز. چۈنكى، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. لېكىن، قەلبىڭىزدىكى بۇ پىكىرنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقتا ھېچقانداق تەسىرى ياكى ئورنى بولمىسا، بۇنداق ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئالدامچىلىق ، خالاس. ئەگەر ئۇنداق بولمايدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، رېئاللىقتىكى بۇ ئاجىز، يوقىلاڭ ئىش ھاياتلىق چاقىنى ئالغا سىلجىتىشقا كۇپايە قىلمايدۇ.

بەزىدە خىيال قىلىپ ئولتۇرغىنىمىزدا كىچىككىنە بىر كۈچەش بىلەن پۈتۈن بىر كائىناتنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋېتىدىغاندەك ئويلايسىز، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇستەلنى مىدىرلىتالمايسىز، كۆتۈرۈشتىن ئېغىز ئېچىش بولسا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇ سىزگە ئېغىر كېلىدۇ. ئەگەر ئۇستەلنى زادى يۆتكىمىسىڭىز بولمىسا، ئۇنداقتا كۈچۈڭىزنى يىغىپ ئىتتىرىشىڭىز كېرەك ياكى كۆڭلىڭىزدىكى يوشۇرۇن رىغبىتىڭىزنىڭ رېئاللىقتىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈشىڭىز كېرەك، ئالدى بىلەن قارىمۇ-قارشى مەيداندا تۇرۇشقا يەتكۈدەك كۈچ يىغىشىڭىز، كېيىن داۋاملىق كۈچ توپلىشىڭىز كېرەك. شۇندىلا ھېسسىي ھەرىكىتىڭىز رېئاللىققا ئايلىنىدۇ، ھەرىكەت ئورۇنىنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ.

بۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىغىلا خاس بولغان ھەقىقەت بولماستىن، بەلكى ئۇ كاتتا تەبىئەت ھەقىقەتلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا مەۋجۇدات قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ھەربكەتلىنىدىغان ماشىنىلارنى كەشىپ قىلغان كەشپىياتچىلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلگە پۈككەن كۈچنىڭ ئۆزىلا كەشپىياتتا بىر نەرسىگە يارىمايدىغانلىقى، بەلكى بۇ يوشۇرۇن كۈچنى ئاشكارا كۈچكە، كۆڭۈلدىكى نىيەتنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى، يىغقان بۇ كۈچ پەقەت قارىمۇ-قارشىلىقتا يېتىدىغان بولماستىن، بەلكى قارشى تەرەپتىن غالىپ كەلگۈدەك دەرىجىدە بولغاندىلا، ئاندىن ئەمەلىيەتتە كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويغان.

يوشۇرۇن كۈچنى ئاشكارا كۈچكە ئايلاندۇرۇش ۋە بۇ كۈچنى قارشى تەرەپتىن غەلىبە قىلغۇچە ئاشۇرۇش، ئاندىن تەلەپكە لايىق ھەرىكەت قىلىش، مۇشۇ ھەقىقەت ئۈستىدە پۈت تىرەپ تۇرىدىغان چوڭ تەبىئەتنىڭ قانۇنى بولغان ھەرىكەتتۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ نەپسى ئۆزلۈك قانۇنىيىتىگە ئاساسەن سەيرى قىلىدىغان تەبىئەتنىڭ بىر قانۇنىيىتى بولۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋي تەبىئەتنىڭ يادرولىرىدا پەرق يوق. ھازىرقى زامان ئىلمىدە ماددا بىلەن يادرو بىر نەرسە ھېسابلىنىدۇ .

ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلىنالمىغان كۆڭۈلدىكى يوشۇرۇن كۈچ (ياخشى نىيەت) ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى داۋانلار ئالدىدا سىناپ كۆرمىگەن، ئىنسان ھاياتىدىكى قارشى تەرەپكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى يېڭىپ تاشلاش ئۈچۈن بىرىنچى قېتىم تەڭ ئورۇندا تۇرۇش، ئاندىن ئەمەلىي ھاياتتا ھەقىقى ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن يوشۇرۇن كۈچنى ئاشكارا كۈچكە ئايلاندۇرمىسا، «كۆڭۈلدىكى نىيەت» كۆپايە قىلمايدىغان «تەبىئىي تۇسالغۇلار»نىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىگە قاراپ باقايلى:

ئىنساننىڭ روھى دۇنياسىدا يوشۇرۇن تۇرغان تۇسالغۇلار كۆپ بولغاندەك، رېئال ھاياتتىكى تۇسالغۇلارمۇ شۇنچە كۆپ.

ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى تۇسالغۇلار :كۆنۈپ قېلىش، ئادەتلىنىش، ئۆرپ ـ ئادەت، قولاي ۋە شېرىن هاياتقا قىزىقىش، جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىن ـ قىستاق، هېرىپ ـ چارچاش ۋە خىيىم ـ خەتەرلەرنى يامان كۆرۈش، ۋەهاكازالاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسى «كۆڭۈل خاھىشى»، يەنى كۆڭۈل تارتقانلىكى نەرسىلەرنىڭ كەينىگە كىرىش، كۆڭۈلنىڭ تەلەپ ـ مەقسەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتۇر.

سىرتقى جەھەتتىكى تۇسالغۇلار: زوراۋان ئىجتىمائىي تۈزۈم، جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋە هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئۆزگەرتكۈچى كۈچلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسى «تاغۇت»تۇر. تاغۇت دېگەن سۆز ئۆزىگە بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىدىن ئۆتۈپ كېتىش ۋە توغرا سىزىقتىن چىقىپ كېتىش دېمەكتۇر.

ئىچكى جەھەتتىن كۆڭۈل ـ خاھىش، سىرتقى جەھەتتىن «تاغۇت»قا قارشى تۇرۇشتا، ئالدى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇش، ئاندىن كائىناتنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ماس قەدەمدە مېڭىشتىكى توغرا هەرىكەتكە ئېرىشىش،ھەسسىلەپ كۈچ ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يوشۇرۇن كۈچنى ئاشكارا كۈچكە ئايلاندۇرۇش تېگىشلىك بولغان چوڭ دۇشمەندۇر .

ئىچكى تەرەپتىن «كۆڭۈل ـ خاھىشى»، سىرتقى تەرەپتىن «تاغۇت» تولىمۇ ئېغىر ۋە قاتتىق بېسىمغا ئىگە بولغان، رېئاللىقتا هەرىكەت قىلىۋاتقان «ئەمەلىي» كۈچتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشتا نىيەتنىڭ بولۇشىلا يېتەرلىك ئەمەس، ساغلام يولدا توغرا هەرىكەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ،قارشى تۇرۇشتىن هالقىپ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشكە توغرا كېلىدۇ.

مانا بۇ نەپسنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرىدىن بىر پرىنسىپ، هاياتلىق قائىدە ـ پرىنسىپلىرىدىن بىر پرىنسىپ بولۇپ،

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ بۇ نۇقتىنى بىلىش ھەقىقىتىدە بىلگەنلىكى ئۈچۈن: «ئىمان ئارزۇ قىلىش ۋە سىرتقى جەھەتتىن زىننەتلىنىش بىلەن بولماستىن، بەلكى قەلبتە قارار ئالغان، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان نەرسىدۇر» دېگەن سۆزنى ئېيتقان، ئۇنىڭ تۈنجى ئەۋلاد ساھابىلىرىمۇ ئۇ چۈشەنگەندەك چۈشەنگەنلىكتىن نەپسلىرىنى توغرا مەنھەجگە ئاساسەن قۇرۇپ چىقىش، ئىسلام قائىدە ـ پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلغان ۋە بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى سەرپ قىلغان.

ھايات رىئاللىقىدا خالىس ۋە ياخشى نىيەتنىڭ نېمە قىممىتى بار؟! ياكى يەنە ئۇنىڭ نېمە ئەيىبى بار؟

ئۇنىڭ كەمچىلىكى ئۇ ھەقىقەتەن ئالدامچىدۇر. سەن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىڭدا، بەلكى چۈش كۆرگىنىڭدە كىچىككىنە بىر ھەرىكەت بىلەن پۈتۈن كائىناتنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە قادىر بولىدىغاندەك ئويلايسەن، لېكىن سەن بىر ئۈستەلنى يۆتكەش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ، قانچىلىك تىرىشچانلىق كېتىدىغانلىقىنى تېخى تەجرىبە قىلىپ كۆرمىدىڭ؟

سەن ئىخلاسلىقسەن، قەلبىڭ پاكىزە، ھەرىكەتلىرىڭ غۇبارسىز، تەبىئىيىتىڭ راۋرۇس، ئاللاھقا يېقىن، ئاللاھ رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلغۇچى ئىكەنلىكىڭدىن قانائەتلەنگۈچىسەن، توغرا. ... لېكىن سېنى قانائەتلەندۈرگەن نەرسە سەندىن، سەن قىزىقىدىغان رىغبەتلىرىڭدىن بىرەرسىدىن چەكلىنىشنى تەلەپ قىلسا ياكى سەن كۆنۈپ قالغان، ئادەتلىنىپ قالغان ئىشلىرىڭنىڭ بىرەرسىنى ئۆزگەرتىكىن دېسە، ياكى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلسا، ياكى سەندىن كىشىلەرنىڭ توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ

كەتكەندىن كېيىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىغا روبىرو قارشى تۇرۇشقا مۇھتاج بولسا، ياكى سىنى توغرا يولۇڭدىن بۇرۇۋېتىشكە ئورۇنغۇچىلارنى يولۇڭدىن قوغلىۋېتىشكە ھاجىتى چۈشسە، شۇلار سەۋەبلىك ساڭا دەرت ـ ئەلەملەر، قايغۇ ـ ھەسرەتلەر، ئازار ـ كۈلپەتلەر ۋە مەھرۇم قىلىشلار يەتسە، ... ئاشۇ ئېتىقادىڭ سەندىن جىمي تاغۇتلارغا قارشى تۇرۇشۇڭنى تەلەپ قىلسا، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھاياتىڭ خېيىم ـ خەتەرلىرىگە دۇچ كەلسە، ... شۇ چاغدا سىنىڭ مەيدانىڭ نېمە بولىدۇ؟ ئىدىيەڭدە يوشۇرۇن ساقلانغان ياخشى نىيەتنىڭ «رېئاللىق»تىكى ئورنى نېمە بولىدۇ؟

دەرھەقىقەت، كۆڭۈلدە يوشۇرۇن تۇرغان ئاشۇ توغرا نىيەتسىز ھېچقانداق شەيئى ۋە ھېچقانداق ئەمەلنىڭ، ھەرىكەتنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. لېكىن، ... ھايات رېئاللىقىدا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىدىغان ئاشكارا كۈچكە ئايلىنالمىغان يالغۇز توغرا نىيەتنىڭلا نېمە قىممىتى بولسۇن؟!

پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن): «ئىمان ئارزۇ قىلىش ۋە سىرتقى جەھەتتىن زىننەتلىنىش بىلەن بولماستىن، بەلكى قەلبتە قارار ئالغان، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان نەرسىدۇر» دېگەن سۆزىنى كىچىك ئىشنى چوڭايتىش ئۈچۈن دېگەنمىدۇ؟! ياكى رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ رېئالىزمچىلار ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن رېئالىزمچىمۇ؟؟

مۇشۇ ياخشى نىيەتتىن كۈتۈلگەن ھەقىقى كۈتۈلمە، ئۇنىڭ نەپسىنىڭ ئىچكى تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەن «تاغۇت»قا قارشى تۇرۇشقا قادىر بولالىشىدۇر. ئەگەر ياخشى نىيەت ئەمەلىيەت رېئاللىقىدا قارشى تۇرۇشقا ئايلىنالمىسا، قارشى تۇرغاندىن سىرت ئۇستۇنلۇك قازىنالمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئېچىلغان ۋاقتىدىكى

گۈزەل مەنزىرىسى ئادەمنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدىغان، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي تۇزۇپ كېتىدىغان «مامكاپ گۈل»ـدىن قانداق پەرقى بولسۇن؟! ياكى تۇتقاندا يۇمشاق ئورۇنغان بىلەن، بىرلا پۇۋلىسە بوشلۇققا تارقىلىپ تۈگىشىپ كېتىدىغان «توزغاق»تىن قانچىلىك ئارتۇقچىلىقى بولسۇن؟! شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام پەقەت ياخشى نىيەتنىڭ بولۇشى بىلەنلا كۇپايىلەنمىدى. ئۇنى رېئال ئەمەلىيەتتىكى نەتىجىلىك ھەرىكەتتىن ئايرىپ قويمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» «ئىمان ئېيتقان كىشىلەر»لا دېمەستىن، بەلكى داۋاملىق «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر» دەيدۇ. مانا بۇ قەلبتە قارار ئالغان، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان نەرسىدۇر. مۇشۇ سەۋەبلىك ئىسلام «پىترەت دىنى» بولدى. چۈنكى، ئۇ تەبىئەتنىڭ تەبىئىيلىكى ۋە مەۋجۇدات قانۇنىيىتى بىلەن ماس قەدەمدە ماڭىدۇ.

*** *** ***

مانا بۇ بىر ئېيتقاندەك تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئىسلام توغرۇلۇق چۈشەنگەن قائىدە-پرىنسىپلار ئىچىدىن بىر قائىدە-پرىنسىپ بولدى. ئۇلار ئىسلامىي ئۇقۇمدىكى مۇشۇ قائىدە-پرىنسىپنى بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئىسلامىي پىكىرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن رېئال دۇنيادا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلدى. بوشلۇققا ئېسىلىپ قالغان گۈزەل «ئارزۇ-ئارمانلار» ۋە «ياخشى نىيەتلەر» بىلەنلا بولدى قىلمىدى.

ئۇلار بىر تەرەپتىن شەخسىي پائالىيەتلەردە ھەرىكەت قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامىي جەھەتلەر قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇشىنىڭ ماددىي رېئاللىقىدا ھەرىكەت قىلدى.

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلاردىن ھېچبىرسى ھەقىقەتەن ئاللاھ «قەلبلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، نەپسلەرنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەرداردۇر، ئەمەللەر كەينىگە يوشۇرۇنغان ياخشى نىيەتلەرنى بىلگۈچىدۇر» دېگەن ئەقىدە ـ ئېتىقادقا تايىنىپ، ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئىسلامغا قارىمۇقارشى ئىش قىلسىمۇ، ئۆزلىرىنى «مۇسۇلمان» دېيىش مۇمكىن بولىدۇ دېگەن چۈشەنچىدە بولغان ئەمەس. بەلكى، «نىيەت» بىلەن «ئەمەلىيەت» ئىككىسىنىڭ بىرىنى يەنە بىرى بولماستىن ئۇقۇقىلى بولمايدىغان بىر نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى دەپ چۈشەنگەن. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، رېئاللىقتا ئورنى بولمىغان ياخشى نىيەتنىڭ ئۆزى بىر قۇرۇق تۇلۇق بولۇپ، ياخشى نىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان ئەمەلىيەتمۇ ئاسمان ـ زېمىن ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ يۈرۈپ تۇگىشىدىغان ھەرىكەت بولىدۇ، خالاس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ ئەمەللىرىدىن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى تەلەپ قىلىنغان خالىسانە بولغانلىرىدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ ياخشى نىيەتنىڭ مەنىسىدۇر.

يەر شارى ئۆلچەملىرى گەرچە بىر مۇددەت كېچىكىپ بولسىمۇ، ساختا نىقاپنى يىرتىپ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلاردىن ھېچبىرى كۆز ئالدىدىكى پايدا ـ مەنپەئەتنى دەپ، قولغا كەلگەن ياكى قولدىن كېتىشتىن قورقىدىغان راھەت ـ پاراغەتنى دەپ، ياكى ئۆزىگە يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان خاپىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت ياكى خېيىم ـ خەتەرنى دەپ ھاياتلىق ئىشلىرىنىڭ بىرەرسىدە ئۆزىنىڭ «كۆڭۈل خاھىشى»نىڭ كەينىگە كىرگەن ئەمەس، ياكى كۆڭۈلنىڭ ئارامىنى ئارتۇق كۆرۈپ، ئاشۇ جەمئىيەتتىكى ئالىي ئىمتىياز، ئۇستۇن ئورۇن، ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋەھاكازالارنى ئارتۇق كۆرۈپ، ياكى روھىي جەھەتتىن زەربە بېرىدىغان كۆز قىسىش،

مېيىقىدا كۈلۈش، دىمىقىنى سۈرۈش، ھاقارەتلەش، مەسخىرە قىلىش، زاڭلىق قىلىش قاتارلىق ئەزىيەتلەردىن، ياكى جىسمانىي جەھەتتىن بەدەنگە تېگىدىغان تاياق ـ توقماق، يېمەك ـ ئىچمەكتىن مەھرۇم قېلىش، زەنجىر ـ كىشەنلەر بىلەن بوينىغا تاختاي ئېسىلغان ھالدا قاراڭغۇ زەي كامېرلارغا قامىلىش، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەلمەسلىك، ھە دېسە دەككە ـ دەشنام، تىل ـ ھاقارەت، ئۇرۇش ـ دۇمبالاشلار، ياكى دارغا ئېسىلىش، بىرنەچچە پاي ئوق بىلەن مېڭىدىن يا يۈرەكتىن ئۆتۈپ چىقىپ كېتىش ئارقىلىق ھاياتىنى زاۋاللىققا توغرا قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ياكى ئەسكىلىكلىرى ئۈچۈن ئۆزى قارشى تۇرۇشقا بىرىنچى دەرىجىدە تېگىشلىك بولغان مۇسۇلمان ئەمەس جەمئىيەتلەرنىڭ كەينىگە كىرگەن، شاپاشلاپ ماڭغان كىشىلەرنى ئۇ «مۇسۇلمان» بولىدۇ دەپ چۈشەنمىگەن.

ئۇلار ھەقىقەتەن ئىسلامنىڭ مەنىسىنى ئىسلامنى رېئال دۇنيادا ئىجرا قىلىش، ھەر بىر پائالىيىتى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قانچىلىك خەتەرلەر ئەگىشىپ كەلسۇن ئىسلامچە بولۇشى كېرەك، ئاشۇ كىشىلەردىن بىرىككەن جەمئىيەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قانچىلىغان خەتەرلەر ئەگىشىپ كەلسۇن چوقۇم ئىسلامچە بولۇشى كېرەك دەپ چۈشەنگەن.

بۇ يەردە سۆزلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ھەقىقەت بار.

ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ نەپسى داۋاملىق توغرا مەنھەج ئۈستىدە راۋۇرۇس تۇرۇپ بولالمايدۇ. داۋاملىق جاپا ـ مۇشەققەتلەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا قارشى تۇرۇشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ. قولىدىن كەلمەيدۇ. ھەقىقەتەن گاھى چاغلاردا ئۇنى ياكى بۇنى قىلىپ كېتىشتىن ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ: ( وَخُلِقَ الإِنسَانُ ضَعِيفًا) «ئىنسان (نەپسى ـ خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى» (4 ـ سۈرە 28 ـ ئايەت). ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ

ئاجىزلىقىنى، ئاجىز تەرەپلىرىنى بىلىدۇ. ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. مادامىكى، ئۇلار گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە ئىسيانكارلىقنى داۋاملاشتۇرمىسا: ( ... وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ ○ وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُواْ أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُواْ اللّهَ فَاسْتَغْفَرُواْ لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ اللّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَى مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ) «ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ. گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ» (3 ـ سۈرە 134 ـ، 135 ـ ئايەتلەر).

لېكىن، بۇ يەردە ئىنسانىيەت ھاياتىدا قارار ئالغان مۇشۇ «ھەقىقەت» بىلەن يالغۇز «ياخشى نىيەت»نىڭ بولغىنىلا «ھاياتلىقتا كۇپايە قىلىدۇ، ئىسلام ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن گۇمان ئوتتۇرىسىدا پەرق بار؟ ... شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ياخشى نىيەتنى ئەمەلىي رېئاللىقتا نەتىجىلىك ئەمەلىي ھەرىكەتلەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، ئاندىن ئوتتۇرا يولدا ياكى يول ئاچىلىرىدا كۈرەش سېپىدىن چۈشۈپ قالغان، لېكىن ئۇلار چۈشۈپ قالغان يېرىدە بىر ئىزدا داۋاملىق توختاپ قالمىغان، بەلكى قىلغان خاتالىقلىرىنى تونۇپ قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، يېقىلغان ئورنىدىن قايتا تۇرغان، ئاللاھ تەرەپكە يۈزلەنگەن، خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلىگەن ۋە ئۆز سەئيى ـ سەۋەبلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئىزدىگەن بەندىلىرى ئۈچۈن ئۆز نەپسىگە رەھمەتنى پۈتتى. ئاللاھ ئۇلارغا مەغفىرەت ۋە رازىلىق بىلەن ئىنئام قىلىدۇ: ( إِلَّا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا فَأُوْلَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ○ وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَإِنَّهُ يَتُوبُ إِلَى اللَّهِ مَتَابًا ) «پەقەت

(ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ. ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. كىمكى (گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلنى تۈزەيدىكەن، ئۇ ئاللاھقا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ)» (25- سۈرە 70 ــ 71- ئايەتلەر).

⁂ ⁂ ⁂

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ گەرچە ئۇلارنىڭ يامان ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان، ئەسكىلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ ماڭمىغان تەقدىردىمۇ مۇسۇلمان ئەمەس جەمئىيەتلەرنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويۇپ «ياخشى نىيەت»نىڭ بولغىنى مۇسۇلمانچىلىق بولىدۇ دەپ چۈشەنمىگەن.

ئۇلار ئىسلامنىڭ مەنىسىنى ئەسكىلىككە تولغان مۇشۇ جەمئىيەتلەرنى ئاللاھقا ئىشىنىدىغان، ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھۇدۇد-بەلگىلىمىلىرىنى چەك تۇتىدىغان «مۇسۇلمان جەمئىيەت»لەرگە ئۆزگەرتىش كېرەك دەپ چۈشەنگەن. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇلار «مۇسۇلمان» ئەمەس؟! ئۇلارنىڭ بارلىق كۆرەشلىرى، تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلامنىڭ مەنىسىنى پرىنسىپال تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئىسلام كۈچۈلىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە ۋە رېئال ئەمەلىيەتتە بولىدىغان ھەرىكەتتۇر. بۇ ئەقىدىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ھايات رېئاللىقىغا ئايلانماستىن ئورۇن ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ئىسلام بارلىققا كەلگەن تۇنجى جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن

هادىسىدۇر. رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ ئۆز كۆزى بىلەن نازارەت قىلىپ، بىر قوللاپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئىمان ھەقىقىتى قارار ئېلىشىنىڭ ئۆزى بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان ھەرىكەت ناچارلىشىپ كەتكەن ئەتراپتىكى تاشقى جەمئىيەتلەرگە قەدەر يېتىپ بېرىپ، بۇ جەمئىيەتلەرنى تۈزەشكە تۇتۇش قىلدى. ئازغۇن نەپسىلەرگە قەدەر يېتىپ باردى. ئۇلارنى ھىدايەتكە يېتەكلەشكە باشلىدى. ئارقىغا سىلجىتقۇسى ئۆرپ ـ ئادەتلەر، خاتا ئەنئەنىلەرگە قەدەر يېتىپ باردى. ئۇلارنى ئىنسان پەرزەنتىگە لايىق ئورۇنغا ئېگە قىلىشنى ئىرادە قىلدى. ئۇلار مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سوۋغىسى بىلەن توغرا يول تاپقان ھالدا، پەيغەمبەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدا شەكىللەنگەن ئەمەلىي نەمۇنىلەر ئاساسىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. چۈنكى، ئۇلار قىلىشنى ئىرادە قىلدى. ئۇلار «ئىدىيىلەر دۇنياسى»دا ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىرادىسىنى «رېئاللىق دۇنياسى»دا ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. ئۇلار شۇ چاغدا ئاللاھ ماختىغۇدەك مۇسۇلمانلاردىن بولالىدى.

✱✱✱ ✱✱✱ ✱✱✱

بۈرۈنقى مۇسۇلمانلار تونۇپ يەتكەن قائىدە ـ پرىنسىپلارنىڭ بىرى، بۇ مۇسۇلمان جەمئىيەت ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئاساسەن پۈت تىرەپ تۇرۇشى كېرەك. ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن ئايرىلغان كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ چۈشەنگەن.

بىر چاغلاردا ئىسلامىي جەمئىيەت ئۇزۇن زامان پۈت تىرەپ تۇرغان، بۇ قائىدە ـ پرىنسىپلار ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ يېگانە

هالدا تونۇلىشى، باشقا جەمئىيەتلەردىن ئايرىم تۇربدىغان ئالاھىدە ئىمتىيازلىق بولۇشىنىڭ بىردىنبىر سىماسى بولغانىدى.

ئاشۇ قائىدە-پرىنسىپلار ئاساسىدا پۈت تىرەپ تۇرغان ئىسلام تارىخىدىكى بۇ ئالاھىدە سىمانى مۇشۇ تارىخنى تەتقىق قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوبدان بىلىدۇ. ھەتتاكى، بۇ چوڭ مەركەزنى ۋەيران قىلىش ـــ مۇسۇلمانلار ھاياتىدىكى جەمئىيەتنى شەرىئەتتىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن شۇنچە جاپا تارتقان شەرقشۇناسلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. بۇ شەرقشۇناسلار ئىسلام ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتلىرى بىلەن قاتتىق ھەپىلەشىش جەريانىدا، بۇ ئالاھىدە سىمانىڭ كۈچىنى ۋە بۇ سىمانىڭ ئىسلامىي جەمئىيەتلەر بىناسىدىكى چوڭقۇرلۇقىنى ۋە بۇ سىمانىڭ قانچىلىك مۇستەھكەم ئورناشقانلىقىنى شۇنچىلىك چۈشىنىپ يەتكەن.

جىب (Gibb) ئۆزىنىڭ «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىي يۈزلىنىشلەر» (detn Trehdsim isiqm mo) دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىسلام جامائىتى ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇرۇپ چىققان جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى، مۇشۇ كائىنات ۋە ئۇنىڭ غايىسىنىڭ تېگى-ماھىيىتى ئەتراپىدىكى ئېتىقادلار ئاساسىغا، ئىنسانىيەت روھىنىڭ كائىناتتا تۇتقان ئورنىنىڭ ماھىيىتىگە قاراشلىق بولغان ھالدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كۆنۈكۈش ۋە چىقىشىشقا يېتەرلىك بولغان نەزەرىيەدۇر. چېركاۋ مۇنبىرى بۇ نەزەرىيەلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەكرارلاپ تۇرۇشتىن ھەرگىز توختاپ قالمىغان، ئۈزۈلۈپ قالمىغان بولسىمۇ، جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇشۇ پرىنسىپقا ھەقىقىي مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك مۇستەھكەم قۇرۇپ چىقالىغان بىردىنبىر دىن ئىسلام دىنىدۇر. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرغان بىردىنبىر قورال ئىسلام شەرىئىتىدۇر».

نىڭ بارىيوم von crunebaum ئۆزىنىڭ «ئىسلام (lslam) بىزدىكى شەرھىلەش ئۇچۇن كامانلار» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئىلگىرىكى مەسھىلەردىن بىلىۋېلىش ئۇچۇن يىللاپ تەلەپ قىلىنغان ئىشنى مۇھەممەد — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — بىر نەچچە يىلغا قالمايلا بىلدى ۋە بىلدۈرۈپ بولدى. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى دۇنيا ھاياتىنى قاچانغىچە — ئۇزۇن بولسۇن ياكى قىسقا بولسۇن — سوزۇشنى تەلەپ قىلسا، ئىسلامىي جامائەت مۇشۇ جەرياندا ئاللاھ تەرەپتىن ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ، ھەمىشە بىقارار تۇرۇشقا لايىقتۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ جامائەت ئىنسانىي مەۋجۇدلۇق تەرەپلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ سايىسىدا، ھاياتلىق ئۇچۇن ئەتراپلىق ئۈلگە-نەمۇنە بارلىققا كەلتۈرۈش ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم جامائەتكە ئايلانغان. پىكرىي ۋە مەنىۋىي تەسەۋۋۇرغا ئائىت ئىشلار، شۇنداقلا ئەمەلىي ۋە ماددىۋىي ئىشلارنى كۆمۈپ تاشلاشنى، مۇقەددەس نەرسىلەر بىلەن ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىدىن بولغان دۇنيالىق نەرسىلەر ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ بىكار قىلىۋېتىشتى. يەنە ئۆزئارا دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن چەمبەرچەس زىچ ئويۇشۇپ كەتكەن مۇشۇ ھاياتلىقنىڭ ئىچىگە، تولىمۇ نازۇك بولغان ھەممە نازۇك تەرەپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغان كىشى، ئەمەللەرنىڭ قايسى بىر تۈرىنى ئادا قىلماقچى بولغاندا تاكامۇللۇق ئۇچۇن بەلگىلەنگەن دىنىي قائىدە-پرىنسىپلارنى يوقىتىشقا موھتاج بولىدۇ، مۇشۇ يوللار ئارقىلىق پائالىيەت كۆرۈنۈشلىرىنىڭ قاندىقى بولسۇن ئەڭ ۋايىغا يەتكۈزگەن ھالدا بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندۇر. لېكىن، ھاياتلىقنىڭ ھەممىسى، ھەتتاكى ئۇنىڭ تەپسىلاتىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك تەرەپلىرىگە قەدەر دىنى ئۇقۇملاردىن كېلىپ

چىققان يۈكسەك كۆرۈنۈشلەرنى بېرىدۇ. يالغۇز شەخسلەرنىڭ هاياتىلا ئاللاھ تەلەپ قىلغان ئەمەللەردىن بىرىككەن مەجمۇئەگە، كۆپچىلىك بىرلىككە ئايلانماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن مەجمۇئەسىدىكى ئىسلامىي جەمئىيەت ئۈلگە بولۇشقا لاياقەتلىك بولغان، مەسىلەن، بۇرۇنقى مۆئمىنلەر ئېگىدا دۆلەت، ئەسكەر، ئامبار (بەيتۇل مال، ئىسلام مالىيەسى)، ئاللاھنىڭ دۆلىتى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى ۋە ئاللاھنىڭ مال ـ مۈلكى دېگەن ئۇقۇملارغا ئايلانغان، ئۇقۇمغىلا ئەمەس بەلكى رېئاللىققا ئايلانغان».

ۋولفېرد كانتول سمىس ـ Wilfed cantwell smith ئۆزىنىڭ «هازىرقى زامان تارىخىدىكى ئىسلام» (Islam in modern history) دېگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىق بولۇشىنىڭ بىرىنچى سىماسى ‹ئىسلامىي› بولغانلىقى بولسا، بىز مۇشۇ ھەقىقەت كۆڭۈل بۆلگەن ئىشلانى ئېنىق بايان قىلىش بىلەن تەتقىقاتىمىزنى باشلايمىز».

ئۇ «ئىسلام ۋە تارىخ» دېگەن كىتابىدىكى «بىزلەرنىڭ نەزىرىمىزدىكى شەرھىلەش كامانلىرى» دېگەن بۆلۈمىنىڭ 26 ــ 27 ـ بەتلىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «... تەتقىقاتىمىز مۇشۇ دىن مەسىلىسى توغرىسىدا ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ نامايەندىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقىنى ئالاھىدە چىڭ تۇتقانلىقى، بۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى دوستلۇقى ۋە ئۆملۈكى ھەقىقەتەن كاتتا، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىشتۇر. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ، ئىسلامىي جامائەتنىڭ پەقەت جامائەت ھاسىل قىلغان كۆپچىلىك بىرىكمىسى، ئۇيۇشمىسىلا بولماستىن، بەلكى دىنىي مەجمۇئە، بىرلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

ئىسلام ئىشلىتىشىدە ھەقىقەتەن «دىن بىلەن دۆلەت» بىر ئىش بولۇپ، بۇ ھەقتە بىز غەربلىكلەر بەرگەن «دىن بىلەن دۆلەت ئايرىم ئىش» تەبىرىنى ئىشلەتسەك، «ئىسلام»غا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى شەخسلەر ۋە كوللېكتىپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ۋە دوستلاشتۇرۇشتىكى بىرلىك ئۇسۇلى باشقا جەمئىيەتلەرنىڭكىگە ھەرگىز ئوخشاش بولماستىن، بەلكى ئەقىدە ۋە قىممەتلەردىن گىرەلەشكەن پۇختا ۋە قۇيما ئىنتىزام بىلەن ۋە قائىدە-پرىنسىپلار بىلەن بولغاندۇر. ئۇ ئۇلۇغۋار ۋە بۈيۈك نەتىجىلەر نەمۇنىسىلا بولماستىن، بەلكى شەخسىي چوڭقۇر قانائەتلىنىشتىن ئۇرغۇپ چىققان ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەنلىك، ھەربىر ئەزاسىنىڭ كۆڭلىدە ئۇقۇمى بار ۋە ھارارىتى بار قانائەتلىنىشنى بەخش ئەتكەنلىكى ئۈچۈندۇر. بىز بۇ جەمئىيەت — جامائەت — نى يۇقىرىدا شەخسنى چۈشەندۈرۈشتە ئىشلەتكەن «دىنىي» دېگەن مەنا بىلەن بۈيۈك ۋە ئۇلۇغۋار «دىنىي» نەمۇنىلەرنىڭ مەھسۇلى دەپ تەبىر بېرىشكە ھەقلىقمىز. ھەرقانداق ئەقىدە ياكى دىنىي ئاساسلار ئۇستىدە پۇت تىرەپ تۇرىدىغان ؟؟؟؟ لىك ئىنتىزام، شەخسلەرنىڭ ئېتىقادلىرى ئۈچۈن، ئەقلىي كۆرۈنۈشلەر مەيدانىدا تۇرۇپ تەبىر-باھا بېرىشكە مۇمكىن بولىدۇ. كۆپىنچە ھالەتلەردىكى ئەھۋاللار مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. خۇسۇسەن خرىستىئان دىنىدا شۇنداق. چۈنكى، تۇرلۇك پائالىيەتلەرنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىجتىمائىي تۇزۇمنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشى مۇسۇلمانىنىڭ شەخسىي ئېتىقادىنى نەزەردە تۇتۇپ باھا بېرىدۇ».

بىز بۇ توغرىدىكى سۆزلىرىمىزنى شەرقشۇناسلارنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلارنى توپلاپ ياكى ئىزدەپ يۈرۈش بىلەن ئۇزارتىۋېتىشنى خالىمايمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ئىسلامىي ئۇقۇم» ۋە «ئىسلام تارىخى»دىكى يارقىن سىمانى ئېنىق بايان قىلغان. ھەقىقەتەنمۇ «ئىسلامىي جەمئىيەت»، «ئىسلامىي ئەقىدە»دىن ئۇرغۇپ چىققان ۋە ئىسلامىي ئەقىدە ئاساسىغا پۇت تىرەپ تۇرغانكى، جەمئىيەتنى ئەقىدىدىن ئايرىپ قاراش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە، ئەمەلىي پائالىيەتلەردە شەكىللەنگەن، بۇ ئەقىدە ھاياتلىق تەرەپلىرىنىڭ ھەربىر تەرەپلىرىدە تۇتقا قىلىنغان ئەتراپلىق شەرئىي دەستۇردىن ئۇرغۇپ چىققان ۋە قوبۇل قىلىنغان.

مانا يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز، ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلاردا بارلىققا كەلگەن ئىسلامىي ئۇقۇمنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇسۇلمان جەمئىيىتى بارلىققا كەلمەي تۇرۇپ ئىسلام بارلىققا كەلمەيدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئىسلام شەرىئىتىنى مەنبە قىلغان ئاساسلارغا تايىنىپ جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ تىرىشچانلىق قىلمىغۇچە ئىسلام مەۋجۇد بولمايدۇ.

مۇشۇ قائىدە ـ پرىنسىپلارنىڭ كېلىشىنىڭ ئاجايىپ يارقىن نامايەندىلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش «ئىسلام شەرىئىتى» ھەقىقەتەن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئاممىباب بىر شەيئى. ئۇ زېمىن يۈزىدىكى ئىنسانىنىڭ بارچە ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇلار «ئىسلام شەرىئىتى»نى پەقەت «ئىبادەتلەر» ياكى خوتۇن ئېلىش، ئاجرىشىش، قۇل ئازاد قىلىش، مىراس قاتارلىق «شەخسىي ئەھۋاللار» ئۇقۇمىغا قىسقارتىپ، تار

رامكىدىكى مەنالارغا ئىگە شەرىئەت دەپ چۈشەنمىگەن. بەلكى، جەمئىيەتتە بار بولۇشى مۇمكىن بولغان يۇقىرىدىكى ۋە يۇقىرىدىكىدىن باشقا «مۇئامىلىلەر»نىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ چۈشەنگەن.

مادامىكى، بۇ جەمئىيەت ئىسلامىي ئاساسلار ئۈستىدە پۈت تىرەپ تۇرغان مۇسۇلمان جەمئىيىتى بولغان بولسا، مادامىكى كۆزگە كۆرۈنىدىغان رېئال دۇنيادا بىۋاسىتە ئىسلامىي پىكىرلەردىن ئۇرغۇغان ياكى بىۋاسىتە «مۇسۇلمان جەمئىيىتى» دەپ «باھا» بەرگىلى بولىدىغان جەمئىيەت بولسا.

شەخس بىلەن شەخس، ياكى شەخس بىلەن كوللېكتىپ، ياكى شەخس بىلەن دۆلەت قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئېلىم-سېتىم، ئىگىلىك ھوقۇقى، رەنە قويۇش، ئىجارە بېرىش-ئېلىش، قەرز ئېلىش-بېرىش ... قاتارلىق «مەدەنىي» ياكى «ئىقتىسادىي» مۇئامىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىسلام قانۇن-شەرىئەت بەلگىلەپ بېرىدۇ. بۇ ياكى ئۇ مۇئامىلىلەرمۇ شۇ شەرىئەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئاساسلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، بېجىرىلىدۇ. مەسىلەن، ئىسلام شەرىئىتى سودا-سېتىقنى ھالال قىلىدۇ. ئۆسۈم ئېلىش ۋە بېرىشنى ھارام قىلىدۇ. بېسىمدارلىق①نى ھارام قىلىدۇ. ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق، سالدۇرۇۋېلىش، تارتىۋېلىش، بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، كۆز بويامچىلىق، خىيانەت ۋە زۇلۇم قاتارلىقلارنى ھارام قىلىدۇ.

① مال ۋە تاۋار بۇيۇملىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، مال باھاسى ئۆرلىگەندە سېتىش ئۈچۈن يىغىپ ساقلاش، ياكى مال باھاسىنى ئۆستۈرۈش، ياكى ئۆزى كونترول قىلىش ئۈچۈن يىغىپ ساقلاش دېگەن مەنىدە.

بىر بۆلۈك بايلارنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ جەمئىيەتنىڭ باشقا كىشىلىرىدىن توختىتىۋېلىشنى هارام قىلىدۇ، زاكات ماللىرىنى ئادا قىلىدۇ ۋە دۆلەت ئۇنى «قۇرئان كەرىم» دەلىل كەلتۈرگەن بېرىشكە تېگىشلىك ئورۇنلارغا چىقىم قىلىدۇ. «بەيتۇلمال» ــــ ئاللاھنىڭ مالىيە ئۆيىگە كىلىدىغان مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ مەنبەلىرىنى ۋە بۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىم قىلىپ ئۆلەشتۈرىدىغان قائىدە ـ تۈزۈملەرنى بېكىتىدۇ، بەلگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاللاھ ئۆزىنىڭ كىتابىدا، پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدە بېكىتكەن، ئىجتىمائىي ئادالەتنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى قۇرۇلۇپ چىقىدۇ ۋە بۇنى دۆلەت ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان دۆلەت بولۇشى ئۈچۈن چىڭ تۇتىدۇ.

ھۆكۈمرانلىق سىياسىتى، ھۆكۈم يۈرگۈزۈش سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان شەخسنىڭ دۆلەت بىلەن بولغان ياكى دۆلەتنىڭ شەخس بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىلىرىنى، قۇرئاننىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى، قۇرئاننىڭ روھى بەلگىلەپ بېرىدۇ. رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ نىڭ سۈننەتلىرى بەلگىلەيدۇ. ئاندىن بۇ ۋە ئۇ ۋەھيىگە تايىنىپ مۇسۇلمان جامائەت بەلگىلەيدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىش ئاساسىدا «شۇرا» (مەسلىھەت كېڭىشى) پرىنسىپىغا ئاساسەن باش بولغان كىشى بەلگىلەيدۇ. خۇددى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇ بەكرى ــــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ــــ ئوچۇق جاكارلاپ: «مەن سىلەرنىڭ توغراڭلاردا ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان ئىشلاردا ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر مەن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغان بولسام،

ئۈستۈڭلاردا ماڭا ئىتائەت قىلىش يوقتۇر» دېگەن سۆزىدەك. ئۇنىڭ بۇ سۆزى رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ نىڭ: «ياراتقۇچى ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا مەخلۇققا بويسۇنۇش يوقتۇر» (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان) دېگەن ھەدىسىنىڭ تېكىستىدىن كېلىپ چىققاندۇر.

قاتىللىق، زىنا ـ پاھىشە، ئوغرىلىق، ھاراق ـ شاراب، مۇرتەدلىك، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىش قاتارلىق چوڭ جىنايى ئىشلارغا بەلگىلەنگەن ۋە بۇلاردىن كىچىك جىنايى قىلمىشلارغا بەلگىلەنگەن، مۇسۇلمان جامائەت چىڭ تۇتۇش ۋە ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئېنىق بەلگىلىمىلىرى ۋە دەلىل ـ پاكىتلىرى بولغان جىنايى ئىشلار شەرىئەت دەستۇرى بار. ئۇلار يەنە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك سۈننەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «شۈبھىلەرگە تايىنىپ جازا ئىجرا قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار» دېگەندەك نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي شەرھىلىرىمۇ بار. مۇسۇلمان جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان بىرەر جىنايەتچى شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، گۇناھىدىن قول ئۈزگەنلىكى، ئۆز جىنايىتىگە باھا بەرمەسلىكى ۋە جىنايەتلەر سەۋەبلىك ئۆز ئۈستىگە چۈشىدىغان جىنايى جازانى قوبۇل قىلىشى ئاستىدا، ئاشۇ جىنايەتنى پاكىت قىلىۋېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى شەرەپلىك تۇرمۇش يولىغا تاقاق سېلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش، جەمئىيەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئەنئەنىلىرى، پائالىيەت جەريانىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى ۋە جىنسىي ئەدەب ـ قائىدىلەرگە قەدەر ئىسلام شەرىئىتى ۋە يوليورۇقلىرى بەلگىلىمە چىقىرىدۇ. تىنچلىق، قېرىنداشلىق، ھەمكارلىق، دوستلۇق ۋە سىلە ـ رەھىم، ياخشىلىق قاتارلىقلار «ئاللاھ بىلەن ئالاقىسى بار بولغان» مۇسۇلمان جەمئىيەتنىڭ بۈيۈك سىماسىدۇر.

ئىسلام شەرىئەت ـ تۈزۈمى ۋە يوليورۇقلىرى مۇسۇلمان جەمئىيىتىدىكى ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ تەبىئىتىنى ئوچۇق ۋە روشەن ھالدا بەلگىلەپ بېرىدۇ. بۇ بەلگىلىمە جەسەت بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئايال كىشى كىيىمدىن نېمىنى كىيىدۇ، نېمىنى كىيمەيدۇ. نېمىنى ئاشكارىلايدۇ، نېمىنى يۆگەيدۇ، بۇنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. جىنسىي ئەدەب ـ ئەخلاقنى ۋە ھەرقاچان جەمئىيەتنى پاك ـ پاكىزە ساقلايدىغان، راۋۇرۇس، توغرا ھاياتنىڭ ھېسسىياتلىرى ۋە تۇغۇلما تەبىئىتىنى قاندۇرىدىغان ئىشلار ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساغلام بولغان تۇغۇلما مىجەز ـ خاراكتېر رازى بولىدىغان دەرىجىدە ئوچۇق بايان قىلىدۇ.

ئەنە يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش ئۇنداق يا مۇنداق ھاياتلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى شەرىئەت ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

*** *** ***

بۈرۈنقى مۇسۇلمانلار «ئىلاھىي شەرىئەت» قانۇن ـ تۈزۈم دېگەن ئىبارىنى داۋاملىق ھاياتلىقتا كېرەكلىك مەنبە، زېمىن يۈزىدىكى ئىنسانىيەت ھاياتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئىنتىزاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا مەنبە يوق، ئۇنىڭدىن باشقا مەنبەنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، مۇمكىن ئەمەس دەپ چۈشەنگەن.

بۇ ئۇقۇم ئاللاھقا بولغان ھەقىقىي توغرا ئىماننىڭ ئاجايىپ يارقىن قائىدە ـ پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى بولغان، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قارار ئالغان بۇ ھەقىقىي ئىماننىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن؟ ئاللاھ كىتابىدا

كىشىلەرگە جىبكىلىگەن، ئۇلارغا بەلگىلەپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارغا ياخشىلىق كەلتۈرۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان، ئۇلارغا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەتنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇشقا ۋە ئىجرا قىلىشقا بۇيرىغان. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىكى ئەرشىسىدىن نازىل قىلغان نەرسىلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغاندا، كاپىرلار، زالىملار ۋە پاسىقلار دەپ باھالىنىدىغان نەرسىلەرنى راست دەپ يۈرگەننىڭ ياكى ئىمان ئېيتتۇق دەپ يۈرگەننىڭ نېمە مەناسى بولسۇن؟!

مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئېيتقان سۆزلەرگە ئىشەنمىسە، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا بارلىق قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت ئىچىدىن ھەقتىن ئاداشقان بىر تائىپىنىڭ «كۆڭۈل خاھىشى»دۇر، پەقەت يالغۇزغىنە ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ھەقتۇر. چۈنكى، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى زۇلۇم قىلمايدىغان ۋە كۆڭۈل خاھىشىغا بوي ئەگمەيدىغان، ھەقىقەتنى مەنبە قىلغاندۇر دەپ ئىشەنمىسە، ھەقىقىي توغرا ئىماننىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن؟!

مۇسۇلماننىڭ ئېڭىدا ئاللاھنىڭ ئىلمى چەكلىك، ئىنساننىڭ ئىلمى ۋە تەجرىبىسى ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئەۋزەل ۋە سەمىمىي، بۇنىڭغا ئەگىشىشكە ئەڭ لايىقتۇر دېگەن قاراشلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرسا، ئۇنداقتا ئاللاھقا ھەقىقىي ئىمان بار دېگەن بۇ ئىماننىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن؟!

مۇسۇلماننىڭ ئېڭىدا بۇ بىر پۈتۈن تەپسىلىي بەلگىلەنگەن، كائىنات ۋە مەۋجۇداتنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىر تۇتاش تۈزۈلگەن مۇشۇ تەپسىلىي شەرىئەتنى ئەينى چاغدىكى پەيغەمبەر ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ بىللە ياشىغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئاشۇ بىر

ئۈچۈم ئەرەبلەر ئۈچۈن ۋە ئۇلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن، ئۇلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن شەرىئەت ئەمەلدىن قالىدۇ دەپ چۈشەنسە، ھالبۇكى ئاللاھ تائالا ئۆز كىتابىدا بۇ دىن پۈتۈن خالايىقلار ئۈچۈن، «ئالەملەر» ئۈچۈن دەۋاتسا: (إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِّلْعَالَمِينَ) «ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر» (81 ـ سۈرە 27 ـ ئايەت)؛ (يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ) «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇغ قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)» (49 ـ سۈرە 13 ـ ئايەت). «قۇرئان كەرىم» ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرىئەت ۋە يولىيورۇقلارنىڭ ھەممىسى دەرھەقىقەتتۇر: (وَبِالْحَقِّ أَنزَلْنَاهُ وَبِالْحَقِّ نَزَلَ) «قۇرئاننى بىز ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق. قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى» (17 ـ سۈرە 105 ـ ئايەت). بۇ ھەقىقەت چوڭ مەۋجۇداتنىڭ (پۈتۈن كائىناتنىڭ) قانۇنىيىتى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر: (وَخَلَقَ اللَّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِالْحَقِّ وَلِتُجْزَى كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ) «ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەقلىق بىلەن ياراتتى. ھەر ئىنساننىڭ قىلمىشىغا يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ» (45 ـ سۈرە 22 ـ ئايەت). مانا بۇ ھەقلىق شەرىئەت ۋە بۇ شەرىئەتنىڭ تەلىپى بولغان ھەربىر ئىنسانغا ئۆز قىلمىشىغا قارىتا جازا ياكى مۇكاپات بېرىشى ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىننى

ياراتقان ھەقىقەتنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇنداقتا ئۇ ھەرگىزمۇ يېرىم ئارالدىكى بىر ئۇچۇم ئەرەبلەر ئۇچۇن چۈشۈرۈلگەن پارچە-پۇرات ھەقىقەت ئەمەس ۋە رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشىغان چەكلىك زامانغا توختىتىلغان زامان چەكلىمىسى بار ۋاقىتلىق ھەقىقەتمۇ ئەمەس. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ ئاخىرىسىدا نازىل قىلغان ئايەتتە بۇ ھەقىقەتنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق، ئومۇمىيۈزلۈك ھەقىقەت دەۋاتىدۇ: ( الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الإِسْلاَمَ دِينًا) «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە بەرمەكچى بولغان ‹نېئمىتىم›نى تولۇقلىدىم. دىنىڭلار بولۇشقا ‹ئىسلام›نى تاللىدىم (يەنى ئىسلام بويىچە ھايات كەچۈرسەڭلار، مەن سىلەردىن رازى بولىمەن)» (سۈرە مائىدە 3- ئايەت).

ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىدە يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى توغرىلىق بىرەر نەرسە يۈز بەرسە ياكى مۇشۇ دىن ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە قارىتا بولامدۇ ياكى يولىيورۇقلارغا قارىتا بولامدۇ، ھەقىقەتلىكى توغرىسىدا گۇمانلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ ئاللاھقا ھەقىقىي ئىمانى بولغىنىنى نېمە كېرىكى؟ نېمە مەنىسى بولسۇن؟!

ھەقىقەتەن، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك قاراش ياكى ئىدىيە ياكى شۇ خىلدىكى ئىمان ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ھەقىقىتىگە قارىمۇقارشى كېلىدۇ. ئىمانى ساغلام، پىكىر-تەپەككۇرى ساغلام مۇسۇلمان ئۇنداق قاراشلارغا ھەرگىزمۇ ئىلتىپات قىلمايدۇ.

بۇ شەرىئەت ئاسماندىن چۈشكىلى 14 ئەسىر بولدى. زېمىننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ئىنسانىيەتكە نۇرغۇن

تەجرىبىلەر ئۆتتى. كىشىلەر پەلسەپەنى بارلىققا كەلتۈردى، ئۆگەندى، سىياسىي ئىلىملەر ساھەسىدىمۇ ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆگەندى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىدىن يەكۈنلىگەن خۇلاسىسى، ھەقىقەتەنمۇ يەر شارىغا تەۋە قايىسى قانۇن ـ دەستۇر بولسۇن، ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان، ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋە ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان «تەبىقىگە مەنسۇپ» ئىكەن. بۇ قانۇن ـ تۈزۈم ئاشۇ ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قالغان مەھكۇم تەبىقىلەرنىڭ ھېسابى ئۈستىگە شەكىللەندۈرگەن، بىر قېتىم فېئودالىزم ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئۇ «ئاقسۆڭەك»لەر تەبىقىسىنىڭ ھېسابى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، ھوقۇقلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن «خەلق»لەر تەبىقىسىنىڭ قان ـ تەرى ۋە زېمىنى ھېسابىغا ئاساسەن قانۇن يۈرگۈزىدۇ. بىر نۆۋەت كاپىتالىزم ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، كاپىتالىستلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، ئىشچىلارنىڭ قان ـ تەرىنى شوراش ئۈچۈن ھېساب ئاچىدۇ. يەنە بىر نۆۋەت «پرولتارىيات دىكتاتۇرىسى» ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئەڭ ئەقەللىيسى پۈتۈن خەلق ئاممىسىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا قارشى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھېساب ئاچىدۇ، تارىختا بۇنىڭدىن باشقىسى بولۇپ باقمىدى.

مانا بۇ ئاللاھ ئۆزىنىڭ بۈيۈك كىتابىدا بېكىتكەن ھەقىقەتكى، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا بارلىق قانۇن ـ تۈزۈملەر «كۆڭۈل خاھىشى» بولۇپ، ئۆز ئىگىلىرى قەيەرگە مايىل بولسا، شۇ تەرەپكە بىللە مايىل بولىدۇ.

بۇ شەرىئەت ئاسماندىن چۈشكىلى 14 ئەسىر بولدى. زېمىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىكى ئىنسانىيەت نۇرغۇن

تەجرىبىلەرنى ئۆتكۈزدى. بۇ تەجرىبىلەر خالايىقلار ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكلىرى سەۋەبىدىن ئىنسان چىدىغۇسىز ئاچچىق، ئەلەملىك بەختسىزلىكلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. ھېچقايسى ئەسىر كىشىلىرى دۇچ كەلمىگەن بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولدى. ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكى، بىخەتەرلىكى ۋە راھەت-پاراغەتلىرىگە تەھدىت سېلىندى. گۇرۇھ-گۇرۇھلارغا، تارماق-ئېقىملارغا بۆلۈندى. بەزىسى بەزىسىنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتىنىڭ تەمىنى تېتىدى. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا، ياق، ئۆزىدىن باشقىلارغا كۈچىنى كۆرسەتتى. تېخى پۈتۈن يەر شارى كىشىلىرىگە بۇ بەختسىزلىك يەتمىگەندەك بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرى مۇشۇ ئەسىردە ئارقا-ئارقىدىن پاتلىدى. ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى تارىختىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ھالاكەتنى تونۇدى. بۇ ھالاكەت ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە يېتىپ كەلدى. بۇلاردىن سىرت، ئائىلىلەر پارچىلاندى، ئائىلە ئۇقۇمى مۇزېيخانىلاردىن ئورۇن ئالدى. ئەخلاق ئۇقۇمى يىمىرىلدى. جامائەت ۋە گۇرۇھلارنى تۇرلۇك ئېقىملار ۋە پىكىرلەر پارچىلاپ تاشلىدى. كىشىلەر ئورىتىسىدىن ئايرىلغان سەييارىلەردەك بولۇشىغا ياشايدىغان بولدى. ساراڭلىق، مالىخولىيا، روھىي كېسەللىكلەر، نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، يۇقىرى قان بېسىمى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قاتارلىق بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقان بىر قاتار پاجىئەلەرنى تارىختىكى ھېچبىر ئەۋلاد ياكى جەمئىيەت كۆرۈپ باققان ئەمەس، بۇ نېمىنىڭ مەھسۇلى؟!

بۈرۈنقى مۇسۇلمانلار ئەينى چاغدا ئۆزىدىكى ئىلىملەرنى، بىزلەر بۈگۈنكى كۈندە پەلسەپەلەشتۈرگەندەك

پەلسەپۋىيلەشتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئىنسان تەبىئىتىدە داۋاملىق ئۆزگەرمەس خىلىت ۋە ئۆزگەرگۈچى خىلىت بار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىپ چۈشەنگەن. ئەگەر بۇ ئىككى خىلىت ئىنسان ۋۇجۇدىدا بىر-بىرىگە تولۇق بىرلەشمىسە، يەنە شۇنداقلا ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ھەرقايسى ئەسىرلەر ۋە ئاشۇ ئەسىرلەردىكى پۈتۈن ئەۋلادلارغا كېرەكلىك، شەرىئەت داۋاملىق بىر خىل تۇرغۇچى خىلىت بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى خىلىتنى بىرلىكتە كاپالەتلەندۈرىدۇ ۋە بۇ ئىككى خىلىتنى دىن مۇناسىۋىتى ۋە ئاللاھ توغرىسىدىكى ئەقىدە مۇناسىۋىتى بىلەن چەمبەرچەس ۋە مەھكەم بىرلەشتۈرىدۇ دەپ چۈشەنگەن.

«ئىنسان»دىكى ئۆزگەرمەس خىلىت بارلىققا كېلىشىدىلا ئەزەلىي ھەقىقەتلەردىن كېلىپ چىققان، ئۇنى ئەھۋاللار ۋە مۇھىتلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىدىن سادىر بولغان: (وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً) «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ‹مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىمەن› دېدى» (2- سۈرە 30- ئايەت)؛ پۈتۈن ئىنسانىيەت ھەقىقەتەن بىر جاندىن يارىتىلدى: (يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ) «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار» (4- سۈرە 1- ئايەت)؛ ئاشۇ بىر جاندىن، يەنى ئۆز جىنسىدىن ئۇنىڭ بىلەن ھاياتلىقنى ئورتاق كۈتۈۋالىدىغان، ئۆمۈر مەنزىلىدە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان «جۈپتى»نى ياراتتى: (وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً) «ئاياللار بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھ)نىڭ ئۇلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلار

(يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھرى-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر» (30- سۈرە 21- ئايەت). ئاشۇ بىر جان ۋە ئۇنىڭ بىر تەن جۈپتىدىن پۈتۈن خالايىقلارنى ۋە ئايماقلارنى ياراتتى ۋە ئەتراپقا تاراتتى: ( يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيراً وَنِسَاء ) «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار» (4- سۈرە 1- ئايەت): ( يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ ) «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋا بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)» (49- سۈرە 13- ئايەت).

مۇشۇ ئەزەلىي بولغان ھەقىقەتلەرگە باشقا ھەقىقەتلەر ئەگىشىپ، ئاشۇ داۋاملىق ئۆزگەرمەس خىلىتلارغا ئوخشاش ھەقىقەتلەرگە ئايلىنىدۇ.

ئاشۇ ئەزەلىي ھەقىقەتلەرگە ئەگىشىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى تەبىئىي مىجەز-خاراكتېرى ساغلام بولىدىكەن، مەخلۇقاتلار ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىنى قىياس قىلغاندىمۇ ئاللاھقا

ئىبادەت قىلىدۇ، ھاياتلىقىدا ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ.

«ئاشۇ ئەزەلىي بولغان ھەقىقەتلەرگە تەۋە ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى: ئاللاھ بىر جان، بىر تەندىن ياراتقان بىر جۈپ ئەر-ئايال بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش، ئىچ ئاغرىتىش ۋە چاپلىشىش بىلەن ئىككىسى بىرلەشمىگەن، دوستلاشمىغان ۋە بىر-بىرىگە رەھىم-شەپقەت قىلىشمىغان ئەھۋالدا ئىككىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ تولۇق بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ».

«ئاشۇ ھەقىقەتلەرگە تەۋە ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى، پۈتۈن خالايىقلار كۆڭلى ساپ، قەلبى پاك بولغانلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتتىكى ئورتاق قېرىنداشلىقنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاتىنىڭ ئۇرۇغىدىن، بىر ئانىنىڭ بالىياتقۇسىدا تۆرەلگەن تۆرەلمە، بارچە ئىنسان ئۇرۇغ-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياخشىلىقتا ھەمكارلىشىدۇ ۋە ئورتاقلىشىدۇ».

«ئەنە شۇ دائىمىي خىلىتلار بولۇپ، ئۇلار ھەقىقەتەن دائىمىي ئاساسلار ئۈستىگە مەركەزلىشىدۇ. ئىنسانىيەت مەلۇماتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئەقىل بىلەن كائىنات ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق رېئاكسىيەلىنىش، كائىناتنىڭ سىر-ھېكمەتلىرىنى بىلىش تېگى-تەكتىنى بىلىش، ماھىيىتىنىڭ قانداقلىقىنى چۈشىنىش، كان-بايلىقلىرىنى قېزىش، كائىناتنى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇش قاتارلىقلارغا ئورۇنۇش جەريانىدا ھەركۈنى يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان باشقا خىلىتلار چېلىقىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭى ۋەزىيەتلەر بارلىققا كېلىدۇ. كىشىلەر بەدەۋىيلىكتىن ھەزارەتكە (يېزىدىن شەھەرلىشىشكە)، يېزا ئىگىلىكىدىن سانائەتلىشىشكە، سانائەتتىن ؟؟؟؟گە يۆتكىلىدۇ».

«ئىسلام پىترەت دىنى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئىنسانىيەتنىڭ مىجەز-خاراكتېرىگە ماس قەدەمدە ماڭىدۇ».

بىرىنچى تەرەپ ئۆزگەرمەس خىلىتلارغا ئۆزگەرمەس شەرىئەتلەر ۋە قانۇن-تۈزۈملەرنى بېرىدۇ. ئىككىنچى تەرەپ ئۆگىرىپ تۇرغۇچى خىلىتلارغا ئۆزگەرمەس ئاساسلارنى بېرىدۇ. شۇلارنىڭ ھەممىسىدە تەبىئەتنىڭ پىترىتى ۋە ھاياتلىقنىڭ پىترىتىگە ماس قەدەمدە ماڭىدۇ. بىرىنچى تەرەپكە ئەقىدىنى بېرىدۇ، ئاللاھ توغرىسىدىكى ئەقىدە بىر بولۇپ، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا تايانغان ئاساسلار مۇستەھكەم ئاساسلار بولۇپ ئۆزگەرمەيدۇ.

«ئەقىدە تەرەپكە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، توي قىلىش، ئاجرىشىش ۋە جىنايى جازالارنىڭ بەلگىلىمىلىرى قاتارلىقلاردەك شەرىئەت تۈزۈملىرىنى، مەدەنىي مۇئامىلە قانۇن-تۈزۈملىرى ۋە دۆلەتكە ئالاقىدار تۇرلۇك قانۇن-نىزاملارنى بېرىدۇ. توي قىلىش ۋە ئاجرىشىش ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە، ئۆزگەرمەس خىلىت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزگەرمەس شەرئىي بەلگىلىمىلەر بار. چۈنكى، ئۇ ئۆزگەرمەس ئاساسلار ئۈستىدە مەركەزلىشىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئەر، بىر تەرەپتىن ئايالدۇر. ئوتتۇرىدىكى كۈچلۈك ئالاقە ھەربىرىنى بىر-بىرىگە قاتتىق تارتىپ ۋە باغلاپ تۇرىدۇ. ھاياتلىق ۋە تۇرمۇشنىڭ شارائىتلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، جەمئىيەتمۇ ئۆزگىرىدۇ. ئىقتىساد ۋە تەلىم-تەربىيە نىزاملىرىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. سىياسەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ؛ لېكىن پىسخولوگىيىلىك، بىئولوگىيىلىك بەزىسمان ۋە خىمىيىلىك ئالدىن ھۆكۈم قىلىدىغان مۇستەھكەم ھەقىقەتلەردىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئەر كىشى ئايال كىشىدىن،

ئايال كىشى ئەر كىشىدىن ھېچقاچان بىھاجەت بولالمايدۇ، ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئۆزلىرى مۇستەقىل ھالدا ياشىيالمايدۇ»①.

«جىنايى ئىشلارغا بەلگىلەنگەن جازا بەلگىلىمىلىرىمۇ ئۆزگەرمەس خىلىت بولۇپ، ئۆزگەرمەس شەيئى ئۈستىگە مەركەزلىشىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ ئىنسان قېرىندىشى بىلەن ئالاقىسى ياكى شەخسنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسى بولۇپ، ھەربىر ئىنساننىڭ باشقىلار تاجاۋۇز قىلىشقا بولمايدىغان ھۆرمىتى بار».

«ھاياتلىق ۋە ئۇنىڭ شەرت-شارائىتلىرى ئۆزگىرىدۇ، ھەرىكەت مۇناسىۋەتلىرى ئۆزگىرىش، نەتىجە ئالاقىلىرى ئۆزگىرىدۇ. ئىنساننىڭ (ئادالەت) بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ئۆزگىرىدۇ، سىياسىي تۈزۈم ئۆزگىرىدۇ. لېكىن، بۇلار ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي رېئاللىقى ھۆكۈم قىلىدىغان مۇستەھكەم ئۆزگەرمەس ھەقىقەتتىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. چۈنكى، پۈتۈن خالايىقلارنىڭ ئەسلى تېگى-تەكتى بىر جان — ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن، بالىياتقۇ مۇناسىۋىتى ھەممىسىنى بىر-بىرىگە چېتىپ تۇرىدۇ».

«يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش سودا-سېتىق، ئىجارىكەشلىك، رەنە قويۇش، قەرز، ۋەكالەتچىلىك قاتارلىق ۋە بۇلاردىن باشقا مەدەنىي مۇئامىلىلەرگە بەلگىلەنگەن شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىمۇ ئۆزگەرمەس قانۇن-تۈزۈملەر دائىرىسىگە كىرىدۇ. دۆلەتكە ئائىت قانۇن-تۈزۈملەرمۇ ئۆزگەرمەس خىلىتلار قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ قانۇن-تۈزۈم دۆلەتنىڭ تىنچلىق ۋە ئۇرۇش ھالەتلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ

① «بورمىلانغان ئىسلام» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

تەرەققىيات باسقۇچلىرى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۆزگەرمەس تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئاجرالماس بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمرانلىق سىياسىتى ۋە مال ـ مۈلۈك سىياسىتىدۇر. جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىش ياكى مۇھىتنى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن يېزا ئىگىلىككە، ئۇنىڭدىن تىجارەت ئىگىلىكىگە، ئۇنىڭدىن سانائەت ئىگىلىكىگە، ئۇنىڭدىن ... گىچە تەشكىل قىلىش دېمەكتۇر».

يۇقىرىدىكى ئىشلار بىز ئېيتقاندەك، ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ پەللىمۇپەللە يۇقىرى ئۆرلەپ، دەرىجىمۇدەرىجە تەرەققىي قىلىش ۋە تەبىئەت بىلەن بولغان باسقۇچلۇق تەرەققىياتلار جەريانىدا ئۆزگەرمەس مۇستەھكەم ھەقىقەتتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئىنسان بىرلىكى ۋە ئۇنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ تۇرىدىغان ئالاقىلەر بىرلىكى، پارچىلىنىش ۋە بۆلۈنۈشلەرنىڭ مۇمكىنسىزلىكى، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشنىڭ مۇمكىنسىزلىكى ھۆكۈمى بىلەن مۇمكىن بولمايدۇ.

مۇشۇ ئىشلاردا ئىشلار ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە بولغان ئىنساننىڭ ھاجەتلىرىگە خوش ـ خوش دېگەن ھالدا تەبىئىي ئېغىشقا ماس ھالدا ماڭغان، بۇ جەھەتتە كەڭ كەتكەن لاھىيەلەرنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، تەپسىلاتلارنى بەلگىلىمىگەن ياكى ئۆز ھۇدۇد[1]لىرىدا ئىنسان بېسىپ ئۆتىدىغان، ئىنسانىيەت ئىرادە قىلغان «رامكا»نى بەلگىلىگەن، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆزىگە مۇناسىپ، ئۆزى قىزىقىدىغان مىجەز ـ خاراكتېرىگە، ماددىي شارائىتلار، ئىلىم ۋە نەتىجىلەر سەۋىيىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كۆرۈنۈشنى بىر شەرت قىلىپ بەلگىلىمىگەن. ئۇ بولسىمۇ، كۆرۈنۈش رامكا مىقدارىغا ئاساسەن بولۇشى، ئۇنىڭدىن

---

[1] ھۇدۇد —

چوڭ بولۇپ، ئۇنى پاچاقلاپ تاشلىۋەتمەسلىكى، ياكى كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بوشلۇق ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

«ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىدە ئىككى ئاساسەن بەلگىلىمىنى يولغا قويىدى. بىرى، ئادالەت، يەنە بىر شورا كېڭىشى: ( إِنَّ اللّهَ يَأْمُرُكُمْ ... أن تَحْكُمُواْ بِالْعَدْلِ ) ‹كىشلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ› (4 ـ سۈرە 58 ـ ئايەت)؛ ( وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ ) ‹ئىشلارنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا ...› (42 ـ سۈرە 38 ـ ئايەت)».

ئاندىن كېڭەشنىڭ يولىنى بېكىتمىدى. مەجلىس بىر بولامدۇ ياكى ئىككى بولامدۇ، مەجلىس تاللىنامدۇ ياكى تەيىن قىلىنامدۇ؟ نەتىجە شەخسكە مەنسۇپ بولامدۇ ياكى كەسىپ ئەھلىگىمۇ ۋە مۇشۇ قاتاردىكى ئەھۋاللار ئوچۇق بېكىتىلمەستىن، ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە تەدبىقلاشتىكى ئىجتىھادىغا قالدۇرۇلدى.

مال ـ مۈلۈك سىياسىتىدە ئاخىرىدا بىر يەردە توپلىنىشىدىغان بىر ماركىغا ئىگە ئاساسلار گەۋدىسىنى بەلگىلىدى. ئۇ بولسىمۇ، كىشلەرنىڭ ياخشى ئىشتا ئورتاق بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغۇچى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بولۇشى كېرەك.

««قۇرئان كەرىم› مال ـ مۈلۈكنىڭ ئەسلىدىنلا ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ مىلى ئىكەنلىكىنى قارار قىلدى. ئۇ ئاللاھنىڭ جامائەتكە بەرگەن ئاتاسىدۇر: ( آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَأَنفِقُوا مِمَّا جَعَلَكُم مُّسْتَخْلَفِينَ فِيهِ ) ‹ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار› (57 ـ سۈرە 7 ـ ئايەت)؛ ( وَآتُوهُم مِّن مَّالِ اللَّهِ الَّذِي آتَاكُمْ ) ‹ئاللاھ ئاتا قىلغان مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارغا بېرىڭلار (يەنى ئۆزىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلماقچى بولغان ۋە باشقا موھتاج كىشلەرگە

بېرىڭلار› (24ـ سۈرە 33ـ ئايەت). جامائەتنىڭ مال ـ مۈلۈكى توغرىسىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ھەقلىق ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار بولىدىغانلىقىنى، شەخسنى مال ـ مۈلۈكنى ياخشى، لاياقەتلىك بىر تەرەپ قىلىدىغان (ۋەزىپە ئۆتىگۈچى) قىلىپ قارار قىلدى. ئەگەر شەخس بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، جايىدا ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىسا، تۇنجى ھەقلىق، لاياقەتلىك ئىگىسى بولغان جامائەتكە قايتۇرۇلىدۇ: ( وَلاَ تُؤْتُواْ السُّفَهَاء أَمْوَالَكُمُ الَّتِي جَعَلَ اللّهُ لَكُمْ قِيَاماً ) ‹تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى بولغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار› (4ـ سۈرە 5ـ ئايەت)».

ئاللاھنىڭ مال ـ مۈلۈك ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قولىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭدىن كۆپ سانلىق خەلق ئاممىسى مەھرۇم قالىدىغان بولۇشنى يامان كۆرىدىغانلىقى مۇقەررەر: ( أَفَاء اللَّهُ عَلَى رَسُولِهِ مِنْ أَهْلِ الْقُرَى فَلِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ كَيْ لَا يَكُونَ دُولَةً بَيْنَ الْأَغْنِيَاء مِنكُمْ ) «ئاللاھ پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى ...» (59ـ سۈرە 7 ـ ئايەت).

«كەمبەغەللەر ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكتە مەلۇم ھەققى بارلىقى بەلگىلىنىپ، زاكاتنىڭ پەرزلىكى قارار قىلىندى. زاكاتنى دۆلەت يىغىپ ‹بەيتۇلمال›غا كىرىم قىلغاندىن كېيىن، نامرات كىشىلەرگە بېرىدۇ: ( إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاء وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ ) ‹زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا،

دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر» (9- سۈرە 60- ئايەت)».

پەيغەمبەر — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — : «كىشىلەر سۇ، ئوت-چۆپ (يايلاق) ۋە ئوت قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك نەرسىدە ئورتاقتۇر» دەيدۇ. يەنە: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئۆز قېرىندىشىغا زېمىنىنى بەرگىنى مەلۇم خىراج ئالغىنىدىن ياخشى» دەيدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن — : «ئەگەر مەن مۇسۇلمانلارنىڭ كەينىگە چېكىنىشىنى كۆزدە تۇتمىغان بولسام، مەن پەتھى قىلغان بىر مەھەللىنى قالدۇرماي، رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — خەيبەرنى تەقسىم قىلىپ بەرگەندەك، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بەرگەن بولاتتىم» دېگەن.

«ئاندىن ئاللاھ جامائەتكە ئاتا قىلغان مالنى كىشىلەرنىڭ قانداق ئورتاقلىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى يولنى بېكىتمىدى. ئۇ ئاممىۋي پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن بولامدۇ ياكى دەسمايە ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ شېرىكلىشىشى بىلەن بولامدۇ ياكى ئۇلارنىڭ زۆرۈر ھاجەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلغۇدەك ئىش ھەققى بېرىش بىلەن بولامدۇ، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — ھەدىستە كۆرسەتكەندەك: «ئەگەر بىز بىرەر كىشىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىسەك، ئۇ كىشىنىڭ قورۇسى بولمىسا قورۇ قىلىۋالسۇن، ئايالى بولمىسا خوتۇن ئېلىۋالسۇن، خىزمەتچىسى بولمىسا خىزمەتچى تېپىۋالسۇن، ئۇلىغى بولمىسا، ئۇلاغ سېتىۋالسۇن».

«مۇشۇ كۆرۈنۈشلەردىن ھېچبىر كۆرۈنۈشكە مۇئەييەن ئۆلچەم بېكىتمىدى. ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ۋە ئۆز ئىمكانىيەتلىرىگە مۇۋاپىق كۆرۈنۈشلەردە پىكىر قىلىشى ئۈچۈن بوشلۇق قالدۇردى».

مال-مۈلۈك سىياسىتى ياكى ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىدە جامائەتلەرنىڭ ئەھۋالىدا كۆنسايىن تەرەققىي قىلىدىغان ۋە داۋاملىق پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئۆسۈش بىلەن قارشىلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇستەھكەم ھالەتتىكى ئۆزگەرمەس تەپسىلاتلارنى بەلگىلىمىدى. لېكىن، شۇنداق تۇرۇشلىغىن بۇ ئىشلارنى ئۆزگەرمەس، مۇستەھكەم يىلتىزلاردىن ئاجراپ كېتىدىغان ھالەتلەردىمۇ قالدۇرمىدى. كىشىلەر «دۇنيالىق» ئىشلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ دېگەن گەپنى پاكىت-دەستەك قىلىۋېلىپ، كىشىلەرنى بۇ ئىشلاردا دەلىل-ئىسپاتسىز ھالدا خالىغىنىنى قىلىدىغان ۋە خالىغىنىچە قىلىدىغان ھالدىمۇ قالدۇرمىدى. چۈنكى، ياۋروپادىكى ۋە ئومۇمىي ئىسلامىي چېگرالار سىرتىدىكى ئەركىن تەسەررۇپ «خالىغىنىنى قىلىش» ئىنسانىيەتنىڭ يۈرىكى ئۇن سېلىپ يىغلايدىغان، قاتتىق بىئارام بولىدىغان، ۋاي دات دەپ تاشلايدىغان، ئېچىنىشلىق ۋە يىرگىنىشلىك تراگېدىيە باسقۇچىغا ئايلىنىپ قالدى. ھەقىقەتەن ياۋروپادىكى فېئوداللىق تۈزۈم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كاپىتالىستىك تۈزۈمدىن بارلىققا كەلگەن ھەممە زۇلۇم-سىتەملەرنى سۈپەتلەپ ئۆتۈش بىھاجەت. ھەر ئىككىلىسى ئىسلام نەزىرىدە ھارامدۇر. چۈنكى، ئىككىلا تۈزۈم مال-مۈلۈكنى مەيلى زېمىن كۆرۈنۈشىدە بولسۇن، ياكى كاپىتال سۈرىتىدە بولسۇن، پەقەتكىنە بايلار ئارىسىدا قولدىن-قولغا ئۆتۈپ يۈرىدىغان «مونوپوللۇق»نى شەكىللەندۈردۇ. بۇماللاردىن قالدى خەلق

ئامىسى مەھرۇم قىلىنىدۇ، ئاندىن بۇ ئىككىسىدىن ئايرىپ چىققان كوممۇنىزىم دۆلەتكە مۇتلەق قۇللۇق بىلدۈرىدىغان، شەخسلەرگە مۇتلەق دىكتاتور يۈرگۈزىدىغان مەھسۇلاتتۇر، خالاس. ئىسلام ئاللاھنىڭ بارچە ئىنسانىيەتكە، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى پۈتۈن ئەۋلادقا ئورتاق ھەدىيە قىلغان كەلىمىسىدۇر. ئۇ كىشىلەرنى ھەرگىزمۇ بۈنىڭدەك تەرەققىياتنىڭ غول-كېشەنلەردە پۈتلىرىنى ئاران-ئاران سۆرەپ ماڭىدىغان ھالەتلەردە قالدۇرماستىن، بەلكى داۋاملىق ئۇلارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ توغرا يولدىن ئادىشىپ كەتمەسلىكلىرى، تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كەتمەسلىكلىرى، ھەرقانداق ئەھۋال، ھەرقانداق ۋەزىيەت ئاستىدا ئۇلارنىڭ ۋىجدانىي ئەركىنلىكىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ۋە قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆسۈش ئەركىنلىكى ۋە مەۋجۇد ۋەزىيەتلەرگە قارىتا قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئەركىنلىكى قالدۇرىدۇ.

ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ يەتكەن، گەرچە ئۇلار ئىلىملىرىنى بىز پەلسەپىلەشتۈرگەندەك پەلسەپىۋىيلەشتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم، ئۆزگەرمەس ئىشلار توغرىسىدىكى ھەممە بىلىمى «فىقھەشۇناسلىقى» دەلىل-پاكىتلار ۋە تېكىستلەرنى شەرھىلەش ۋە بۇ پاكىتلارنى مۇكەممەل ھالەتتە ساقلاپ قېلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ھالەتلەرنى بايان قىلىش بولغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى ئىشلاردىكى فىقھەشۇناسلىقى، ئەسلىي مەنبەلەرنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش بىلەن ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن — ئېيتقاندەك: «كىشىلەرنىڭ دەۋا-

دەستۇرلىرى قانچىكى كۆپ بولسا، ئۇنىڭغا ھازىر جاۋاب ـ ھۆكۈملەر تولۇق بولغان».

مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام ئۇقۇمىدىن ھەقىقەت بىلەن ئاسمان بىلەن زېمىنىنىڭ مەنبەسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن.

رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر قىيامەت قائىم بولۇۋاتسا، بىرىڭلارنىڭ قولىدا تىكىش ئالدىدا تۇرغان كۆچەت بولسا، قىيامەت قائىم بولۇپ بولغۇچە كۆچەتنى تىكىپ بولۇش مۇمكىن بولسا، كۆچەتنى تىكىۋەتسۇن، ئۇ كىشىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىغا ئەجىر بېرىلىدۇ».

«بۇ ھەدىستىن كۆڭۈلگە كېلىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى ئىسلامىي پىكرى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بۇ ئاجايىپ ‹سىما›دۇر. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتەن ئاخىرەت يولى ئىختىلاپسىز ۋە ئايرىمچىلىقسىز ھالدا بۇ دۇنيانىڭ يولىدۇر».

«ھەقىقەتەن بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئىككى يول، ئىككى ئۈزۈك سەپ يول ئەمەس؛ ئىككىسىنىڭ بىرى دۇنيالىق ئۈچۈن، يەنە بىرى ئاخىرەت ئۈچۈن بولغان يولدۇر دەيدىغان يول يوق. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ بۇنى ۋە بۇ ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىنى چىتىپ تۇرىدىغان يولدۇر».

«بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىسمى ‹ئىبادەت› دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس ‹ئاخىرەت يولى›، ئىسمى ‹ئەمەل› دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس ‹دۇنيا يولى› يوق».

«ھەقىقەتەن ئۇ بىرلا يول بولۇپ، ئەۋۋىلى دۇنيا، ئاخىرى ئاخىرەتتە بولىدۇ. مانا بۇ يولدا ئەمەل ـ ئىبادەتتىن، ئىبادەت ئەمەلدىن ئايرىلمايدىغان يول، ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەممىسى ئورتاق بىر نەرسىدۇر. ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئىپلىشىپ كەتكەن، ئارىلىشىپ كەتكەن ئايرىلماس نەرسىدۇر. ھەر ئىككىسى مۇشۇ بىرلا يولدا بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ ماڭىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق».

«ئەمەل ئۆمۈر دەقىقىلىرىدىن ئەڭ ئاخىرقى بىر دەقىقىغىچە، ھاياتنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىدىن ئەڭ ئاخىرقى قەدەم باسقۇچقىچە داۋاملىشىدۇ. قىيامەت قائىم بولۇۋاتقان ئاشۇ لەھزىدىمۇ قولدىكى كۆچەتنى تىكىدۇ. پاھ! نىمىدىگەن كاتتا ئىشەنچ ھە بۇ!».

«مانا بۇ ئەمەلنىڭ، ھەرىكەتنىڭ قىممىتىنى تەكىتلىگەنلىك، ئۇنىڭ ئوبرازىنى يارقىنلاشتۇرغانلىق ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرگەنلىك، ئىسلام ئۇقۇمىدا ئىزاھاتى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئىزاھلىق پىكىردۇر. بۇ يەردىكى ئىزاھات دۇنيادىكى ھەرىكەتنىڭ ئاخىرەتكە باشلاپ بارىدىغان يول بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يولنىڭ يوقلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ».

ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ئىنسانىيەتكە نۇرغۇن زامانلار ئۆتتى. ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەت دەپ ئىككى يول ئوتتۇرىسىدا ئايرىمچىلىقنى ھېس قىلىشتى. ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلىش دۇنيادىن ئۈزۈلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، دۇنيالىق ئۈچۈن

ھەربكەت قىلىش ئاخىرەتنىڭ ۋاقتىنى قىستاپ قويىدۇ دەپ قاراشتى.

«مانا بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ قاراشنىڭ ئىنسانىيەت روھىيىتىدىكى يىلتىزى چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇ مۇشۇ بىرلا سىرتقى كۆرۈنۈشتە توختاپ قالماستىن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئىچكى ۋۇجۇدىغا ئالاقىدار بولغان باشقا بارلىق ئۇقۇملارغا قەدەر تاجاۋۇز قىلىپ باردۇ»

،

«دۇنيا بىلەن ئاخىرەت بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتتى بولمىغان ئايرىم ئىش».

«بەدەن بىلەن جان-روھ بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ئايرىم ئىش».

«ماددا بىلەن ماددا ئەمەس نەرسە بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ئايرىم ئىش».

«پەيلاسوپلار تىلى بىلەن ئېيقاندا، فىزىكا بىلەن مىتافىزىكا بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ئايرىم ئىش».

«رېئال ھايات نەمۇنىلىك، ئۇلگىلىك ھاياتتىن ياكى ئەخلاق ئۇقۇملىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىز».

«ھەممىسى بىرلا نۇقتىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ بۆلۈنۈش ۋە ئايرىۋېتىشلارنى ئاخىرىغىچە مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق. ھەممىسى دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىنى ياكى ئاسمان بىلەن يەر شارى ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ قارىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىققان».

«...».

روھىي ۋۇجۇد — ئىچكى دۇنيا — ئاللاھ ياراتقان فىترەت ھۆكۈمى بىلەن بىر نەرسىدۇر. «بۇ بىرلىك

جىسمىنى، ئەقلىنى ۋە روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ‹ماددا› بىلەن ‹ماددا بولمىغان›نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەسەتنىڭ شەھۋەتلىرى، نەپسىنىڭ رىغبەتلىرى — قىزىقىشلىرى — ئەقلىنىڭ ئويلىنىشلىرى ۋە روھىنىڭ ئەركىن ئۇزۇشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قوپال ھېس-تۇيغۇلارنىڭ ھېسسىياتلىرىنى، ئەركىن پىكىرنىڭ ئوي-تەپەككۇرلىرىنى، ئەركىن ھاۋادا پەرۋاز قىلغۇچى روھنىڭ قانات قېقىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «شەك-شۇبھىسىزكى، بۇ ۋۇجۇدنىڭ پارچە-پۇرات جۇزئىلىرى بىر-بىرىگە قارشىلاشقان بىلەن ھەممىسى چوڭ يۇزلىنىشلەردە بىر-بىرىگە ياردەملىشىدۇ».

«شۇنداق، ئەگەر سەن ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەڭ. ئۇنىڭدىن ئۇنگەن ھەر بىر ئۇنمە ئۆزى خالىغانچە ئۆسىدۇ!»

«لېكىن، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بۇ ئاجايىپلىق، ئاللاھ ياراتقان فىترەتتىكى ئەڭ ئاجايىپلىق مۇشۇ بىر-بىرىدىن ھۇركۇپ تۇرىدىغان، چېچىلىپ تۇرىدىغان، پاراكەندىچىلىك، ئۇنى بىر-بىرىگە توپلاش مۇمكىن، ئۇنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن، ئۇنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولىدىغان ئاجايىپلىقتۇر. ئاندىن بىرلەشتۈرگىلى ۋە بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئاشۇ ئەجەپلىنەرلىك نەرسىدىن زېمىن يۈزىدىكى ئەڭ كاتتا كۈچ ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئەڭ كاتتا كۈچ قانداق قىلغاندا ھاسىل بولىدۇ؟ مەڭگۈلۈك، ئەزەلىي بولغان كۈچتىن پانىي، يوقىلىدىغان زەررىچىنى ئۈچۈملاپ-ئۈچۈملاپ ئالغاندا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەجەپلەندۈرگۈچى يورۇيدۇ، يورۇتىدۇ، خۇددى نۇرغا ئوخشاش ئەركىن ئۈزىدۇ ... ئۇنىڭدا ماددا بىلەن ماددا بولمىغان نەرسە تەكشى ئارىلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنى ئايرىۋېتىش مۇمكىن بولمايدۇ.

«مۇشۇ بىر-بىرىدىن ھۆركۈپ، قىچىپ تۇرىدىغان، ھە-دىسە چېچىلىپ تۇرىدىغان پاراكەندە نەرسىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ۋۇجۇد ئالىمىدە ھەممىسىنى بىر-بىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ يولى، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى بىر يولدا بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە بىرلەشتۈرۈشتۇر».

«شۇ چاغدا ھاياتلىق، ھەرىكەت-ئەمەل ۋە ئىبادەت دەپ بىر-بىرىدىن ئايرىلغان ئايرىم ئىككى نەرسىگە بۆلۈۋېتىلمەيدۇ. روھىنى جان ۋە تەن دەپ بىر-بىرىدىن ئايرىم تۇرىدىغان ئىككى نەرسىگە بۆلىۋېتىلمەيدۇ. ئۇلۇغۋار مەقسەت-نىشانلار ئەمەلىيەت ۋە نەرەرىيە دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىۋېتىلمەيدۇ ياكى بىر-بىرى بىلەن مەڭگۈ ئۇچراشمايدىغان رېئالىزم ۋە ئىدىئالىزم دەپ ئىككىگە ئايرىۋېتىلمەيدۇ.

«دۇنيا يولى بىلەن ئاخىرەت يولى بىر يولدا ئۇچراشقاندا، ئىككىسى بىر نەرسە بولۇپ بىر-بىرىگە ئۇيغۇنلاشقاندا، روھنىڭ ئىچكى تەرىپىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بىر- بىرىگە قارشىلاشقۇچى مەقسەت-نىشانلار يېقىنلىشىدۇ. چېچىلاڭغۇلۇق، پاراكەندىچىلىكلەر ئۇچرىشىدۇ، ئاندىن ھەممىسى بىر نەرسە بولۇپ ئۇيۇشىدۇ. يالغۇز شەخسنىڭ كۆڭلىگە — ئىچكى دۇنياسىغا ئۇچرىشىدۇ. ئۇنى چوڭ ھاياتلىق — پۈتۈن كائىناتنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. مەقسەت-نىشانلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. پاراكەندە-چېچىلاڭغۇلۇقلارنى بىرلەشتۈرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ تەرىپىگە دەم ئالغىلى بارىدۇ، ئۇنىڭ رامكىسى-چېگرىسىدا ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ. كائىنات بوشلۇقىدا يېگانە يۇلتۇز ئۈزۈپ يۈرگەندەك ئۇنىڭ بوشلۇقىدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرىدۇ. ئۆزىدىن باشقا

پىلانىتلار بىلەن سوقۇلۇپ كەتمەيدۇ. ھەممىسىنى ئاجايىپ كەڭ كەتكەن، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى كەڭ بوشلۇق ياكى كەڭ ئۇپۇق ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەڭ كەتكەن، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى بۇ بوشلۇق دەل «ئىسلام»دۇر.

«ئىسلام بۇ ئاجايىباتنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ، قىلالايدۇ، قىغاندىمۇ ئىنتايىن ئاسان، ئىنتايىن يەڭگىل، ئىنتايىن ئاددىي ھالدا قىلالايدۇ».

«دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى بىرلا نىزامغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ: ( وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا ) ‹ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنۇتمىغىن› (28-سۈرە 77-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ( قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِيَ أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالْطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُواْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ ) ‹ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟ ئېيتقىنكى، ئۇلار بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر› (7-سۈرە 32-ئايەت). پەيغەمبەر — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — ئىسلامىي پىكىرنى ئەڭ سادىق ۋە مۇكەممەل ھالەتتە تەجىمە قىلىپ بەرگەن كىشىدۇر، شۇنىڭ بىلەن دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئۆزلۈكىدە بىر يولدۇر ۋە بىر ‹مەنبە›دۇر».

مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنىڭدەك ھەقىقەتەن ئىسلامىي ئۇقۇمدىكى «ئىبادەت»نىڭ مەزمۇنىنى بەك ئەتراپلىق، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى مەنادا چۈشەنگەنىكى، ئىبادەت

ھاياتلىقتىكى ھەرىكەتلەر ۋە پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئىسلامىي مەنھەجنىڭ ئەڭ يارقىن سىمالىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ ھەقىقەتەن ‹ئىبادەت›، ‹قۇللۇق› مەنھەجىدۇر. لېكىن، بۇ مەنھەجدىكى ئىبادەتلەر ھەممەيلەنگە ئىبادەتلىكى ئېنىق، تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج ئىبادەتلىرىگىلا قىسقارتىلمايدۇ. بەلكى، ئىبادەتنىڭ ئۇقۇمى كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن ئاشۇ ئىبادەتلەرنىڭ ئۇقۇمىدىن بەك چوڭقۇر، ئىبادەت دېمەك ھەقىقەتەن ئاللاھ بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت ئورناتماق، ئالاقە ئورناتماق، ئاللاھقا چاپلىشىپ تۇرماق دېگەنلىكتۇر.

«مانا بۇ رېئال ھەقىقەتتىكى ئالاقە-مۇناسىۋەت، پۈتۈن تەربىيىنىڭ مەنھەجى —— يولى، ئۇسۇلى —— ئۇسلۇبى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا پۈتاقلارنىڭ ھەممىسى شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە نىھايەتتە ئۇنىڭغا قايتىپ كېلىدۇ (خۇددى قارىغان ئادەمگە چوڭ دەرەخنىڭ شاخ-پۈتاقلىرى ئايرىمدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بارلىق شاخ-پۈتاقلار دەرەخ غولىغا مۇستەھكەم بىكىپ كەتكەندۇر. ئىبادەت دەرەخكە، شاخ-پۈتاقلار فۇرۇئات مەسىلىلەرگە ئوخشاشتۇر —— ت)».

«ناماز، روزا، زاكات، ھەج، قاتارلىق ۋە بۇلاردىن باشقا بارلىق ئىبادەت بەلگىلىمىلىرى پەقەت ئاچقۇچتۇر، ئىبادەت ئۈچۈن ئاچقۇچنىڭ ئۆزىلىدۇر، خالاس. ياكى يولدا يۈرگۈچىلەر ئۆزۈق-تۈلۈك ئېلىش ئۈچۈن توختاپ ئۆتىدىغان ‹ئۆتەڭلەر›، ‹بېكەتلەر›دۇر، لېكىن يولنىڭ ھەممىسى ئىبادەتتۇر. يولدا يۈز بەرگەن پائالىيەت يا ھەرىكەت، يا ئەمەل، يا پىكىر، يا تۇيغۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتتۇر. مادامىكى، شۇ كىشىنىڭ يۈزلىنىشى ئاللاھ ئۈچۈن بولغان بولسا».

«ئىبادەت مۇشۇ ئۇقۇم بىلەن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

«ئۇ ئىبادەت پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ئاشۇ بىر نەچچە دەقىقىلەرگىلا قىسقارتىلمايدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت كەرىمدىن مەقسەت شۇدۇر: ( وَمَا خَلَقْتُ الجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ) ‹جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم› (51ـ سۈرە 56ـ ئايەت). ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بوشلۇقتا گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلار سۈپىتىدە ئېسىلىپ قېلىپ ئۆزى ئۈچۈن ھېچبىر ئىزنا قالدۇرماستىن تۈگىشىپ كېتىدىغان تەبىئەت سەھىپىسىدىكى ئاشۇ بىر نەچچە ئۆتكۈنچى دەقىقىلەرنىڭ بولغىنىنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن».

«ھەقىقەتەن ئۇنىڭ قىممىتى ھاياتلىق تەرەپلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ‹ھاياتلىق مەنھىجى› بولغانلىقى، ئۇنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ پائالىيەت چېرتىيۇزى، پىكىر چېرتىيۇزى ۋە ھېس-تۇيغۇ چېرتىيۇزى بولغانلىقىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوچۇق، روشەن مەنھەج ئۈستىدە پۈت تىرەپ تۇرىدۇ. ھەر بىر لەھزىدە ئۇنىڭدا بولۇشقا تېگىشلىك ۋە بولماسلىقى تېگىشلىك نەرسىلەر ۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇق ئۇقتۇرىدۇ».

بۇ توغرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قايتىش مەنبەسى ئاللاھتۇر. ئۇ ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ تەرىپىگە قايتىدىغان مۇراجىئەت مەنبەسىدۇر. ئۇنىڭ دەستۇرى ھەر لەھزىدە مەسلىھەتلىشىشكە، كېڭىشىشكە تېگىشلىك مەنبەلىك دەستۇردۇر. ئۇ قەلب ئىچىدە ئەقلىي ئاڭدا ۋە پائالىيەتلەر رېئاللىقىدا كېڭەش پەيدا قىلىدۇ، ھېس-تۇيغۇ بارلىققا كەلتۈرىدۇ،

«...».

«مانا بۇ ئىسلام ئۇقۇمىدىكى ئىبادەتتۇر».

«بۇ ئىبادەتنىڭ مەنىسى ئىنسان تەركى دۇنيا بولسۇن، ئىبادەتكىلا بېرىلسۇن، راھىب بولسۇن دېگەنلىك ئەمەس».

«ئىبادەتنىڭ مەنىسى ئىنسان رۇكۇ قىلغان ۋە سەجدە قىلغان ھالەتلىرىدە ئۇنىڭ قەلبىگە تەقۋالىق ئىگىدارچىلىق قىلسۇن ـ يۇ، نامىزىنى تۈگىتىپ بولغان ھامان كۆڭلىنىڭ ئىچىدىكى تەمەگەرلىك، ئاچكۆزلۈك ۋە تاجاۋۇزچىلىقنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى، ياكى ئۇستىدىكى «ئىسلام ئەلچىلىكى ـــ لا الـه الا الله» تىن ئىبارەت ئەلچىلىك ئامانىتىنى ئادا قىلىش، ئۇستىگە ئېلىشتىن باش تارتىدىغان ياكى ھەقكە ياردەم بېرىشتىن ئاجىز، زەئىپ قىلىپ قويىدىغان ياكى ھېس ـ تۇيغۇ رېئال دۇنيادا نەتىجىلىك ھەرىكەتلەرنى روياپقا چىقىرىشتىن بوشاڭ، يۆلىنىۋالغۇچى قىلىپ قويىدىغان نەپسى ـ خاھىشىنىڭ ھېسسىياتلىرى چىدىغۇسىز جەلبدار، مەھلىيا قىلغۇچىلىرى قوزغالسا بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس».

«ياق؟ ئۇ ھەرگىزمۇ قەلبىنىڭ ئاللاھقا باغلانغانلىقى، ئالاقە قىلىشقانلىقى ئەمەس، ئۇ ھەقىقەتەن ‹ئىبادەت بېكىتىدىكى›، ‹ئىبادەت ئۆتكىدىكى› ‹لاغايلاپ يۈرۈش›تۇر، خالاس. يولدا يۈرۈش ئەمەس، چۈنكى ئۇ يولدا ماڭمايدۇ. بەلكى لاغايلاپ يۈرىدۇ. ‹ئىبادەت دېگەن بىر چاغدىن يەنە بىر چاغقىچە يەتكۈدەك ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئېلىۋېلىپ يولغا راۋان بولۇشتۇر، مېڭىش يولدا بولىدۇ. قەلب يەتكۈزگۈچى جانلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ‹كېمە› سۈپىتىدە مەقسەتكە يەتكۈزۈشنى ئۇستىگە ئالىدۇ. قەلب ھەرىكەتكە تۈرتكە بولىدۇ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ».

«ئىسلام ئەمەلنى ئىبادەت دېگەن باھانى ئۇچۇق جاكارلىدى. مادامىكى، قەلب ئاشۇ ئەمەلدە ئاللاھ تەرەپكە يۈزلەنگەن بولسا: ( لَيْسَ البِرَّ أن تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ المَشْرِقِ وَالمَغْرِبِ وَلَكِنَّ البِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللهِ وَاليَوْمِ الآخِرِ وَالمَلآئِكَةِ وَالكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى المَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي القُرْبَى وَاليَتَامَى وَالمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي البَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ البَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ المُتَّقُونَ) ‹سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل - مالدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) ئىمانىدا راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر› (2- سۈرە 177- ئايەت)».

«مانا بۇ ئىسلام چېرتىيۇژنى سىزىپ كۆرسەتكەن ئىبادەت لاھىيىسى، ئۇسلۇبى. ئىسلام ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ تەربىيىۋي ئاساسلىرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدا ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىدە راستچىل ۋە سەمىمىي بولۇشنى، ئاللاھ ئۈچۈن تەقۋالىق قىلىشنى، يەنە داۋاملىق ئاللاھ

بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ مۇناسىۋەت تۇرغۇزۇشنى شەرت قىلىدۇ»①.

مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ مەنىسىنى ئۈستۈن بولۇش، ئۈستۈن تۇرۇش دەپ چۈشىنىپ كەلگەن: (وَلاَ تَهِنُوا وَلاَ تَحْزَنُوا وَأَنتُمُ الأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ) «(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر» (3 ـ سۈرە 139 ـ ئايەت).

سىلەر ئۈستۈن بولىسىلەر ... ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار — ئۈستۈنلۈك مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىدۇر — لېكىن ئۇنىڭ قورالى ئېنىق بېكىتىلگەن بولۇپ، ئارلىشىپ قېلىش ئېھتىمالى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا قوراللار بىلەنمۇ ئارىلاشمايدۇ. «ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار» ئۇنىڭ بىردىنبىر قورالى ئىماندۇر؟

ھەقىقەتەن ئۈستۈنلۈك قازىنىشنىڭ مەنبەسى زېمىن كۈچلىرى قاتارىدىن سانالغان ماددىي كۈچمۇ ياكى مەنىۋىي كۈچمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ مەنبەسى مال ـ دۇنيامۇ ئەمەس، ماددىي جەھەتتىن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرمۇ ئەمەس، مىللەتچىلىك ئەسەبىيەتلىرىمۇ ئەمەس، ئىرقىي ئەسەبىيەتمۇ ئەمەس، ئىنسانلار ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ تالاي قېتىم تەكرارلانغان جاھىلىيەتلىرى ئارقىلىق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن مەزمۇنلارنىڭ ئىچىدىن بىر مەزمۇن ئۇقۇممۇ ئەمەس.

---

① «ئىسلامىيەتنىڭ تەربىيە لاھىيىسى» دېگەن كىتابنىڭ ئىبادەت لاھىيىسى دېگەن بۆلۈمىدىن ئېلىندى.

شەك-شۈبھىسىزكى، ئۈستۈنلۈكنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى...يالغۇز ئىماندۇر. بۇ ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا تەرىپىدىن مۆئمىن بەندىلىرىنى ئالداش بولماستىن ... بەلكى ئۇلارنى ئالدى ۋە كەينى تەرىپىدىن باتىل كېلەلمەيدىغان ھەقىقەتكە ئاساسەن تەربىيىلەش بولدى. ئاللاھنىڭ يېتەكلىشىگە، ھىدايىتىگە ئېرىشكەن، ئاندىن تەبىئەتنىڭ چوڭ قانۇنىيىتىگە ۋە ھاياتلىق قانۇنىيىتىگە يېتەكلەنگەن مۆئمىن شەخس ئەمەلىيەتتە «بارلىق مەخلۇقاتلاردىن» «ئەڭ ئۈستۈن» شەخستۇر. چۈنكى، بۇ شەخس تەبىئەتكە، ئاللاھ ئىمان نېئمىتىنى ئىنئام قىلمىغان، بۇ نېئمەت بىلەن ئەقىل كۆزى ۋە قەلب كۆزىنى ئېچىپ بەرمىگەن تالاي ئىنسانلارنىڭ ئۆپۈقلىرىدىن كاتتا، تېخىمۇ زور بولغان كەڭ كەتكەن بىپايان ئۆپۈق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارايدۇ. بۇ شەخسنىڭ ئاللاھ، تەبىئەت، كائىنات ۋە ھاياتلىق توغرىلىق بولغان پىكىر-تەپەككۇرى، ئۇلارنىڭ پىكىرىدىن بەك چوڭ، بەكمۇ كاتتىدۇر. خۇسۇسەن ئۇنىڭ ئىنسان توغرىلىق، ئىنسانىيەت ھاياتى توغرىلىق پىكىرى ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كېلىشى مۇمكىن بولغان پىكىرلەردىن ئەتراپلىق ۋە كەڭ-كۆلەملىكتۇر.

ئاندىن ئۇنىڭ ئىنسان، ھاياتلىق ۋە كائىنات توغرىسىدىكى ئەتراپلىق ۋە كەڭ-كۆلەملىك بۇ پىكىر مۇشۇ ئۈستۈنلىكىنى رېئال دۇنيادا ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بېرىدۇ. ھەقىقەتەن بۇ ئۈستۈنلۈك رېئال دۇنيادا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، خۇددى كۆڭۈللەر دۇنياسىدا ۋۇجۇدقا چىققاندەك، بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار بۇ ھەقىقەتنى ئۇنىڭ كەڭ كەتكەن بارلىق مەيدانلىرى، ساھەلىرى ۋە چوڭقۇرلۇقىغا ئاساسەن تونۇپ يەتكەن.

چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر شەخسنىڭ قەلبىگە ئىمان كىرگەن ھامان دەرھال ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنغا تەۋە بارلىق جاھىلىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن بولغان يېڭى ئىنسان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان.

بۇ ئۈستۈنلۈك (تۇنجى باسقۇچتا ئاشكارا بولغاندەك) بولمىدى. چۈنكى، تەۋھىد پىكىرىگە يېتەكلىنىش كۆڭۈللەرگە بۇتلارنىڭ پۇچەك، ئەرزىمەس نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشنىڭ پۇچەك، ئەرزىمەس ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق ئېچىپ بېرىدۇ، ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈلدە بۇتقا قارىتا ۋە بۇتقا ئىبادەت قىلىشقا قارىتا ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇش بارلىققا كېلىدۇ.

مانا بۇ بىر ھەقىقەت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈستۈنلۈك مەسىلىسى توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس.

چۈنكى، بۇتپەرەسلىك مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ پىكىرى ۋە ئىدىيىسى ئارقىلىق قارىشى تۇرۇۋشقا ۋە ئۈستۈن تۇرۇۋشقا تېگىشلىك «ئەقىدە»نىڭ ئۆزىلا بولمىدى، چۈنكى ماددىي ۋە مەنىۋىي «كۈچ» ئەرلەر، ماللار ۋە قورالدا شەكىللىنىدىغان كۈچ بولغاچقا، شۇنداقلا نوپۇز ۋە ھۆكۈمرانلىقتا ئەزىيەتلەرگە قارشى قۇدرەتتە، ھىدايەت بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېرىشىشى ئوتتۇرىسىدىكى تۇسالغۇلارغا قارشى كۈچ-قۇدرەتنىڭ بولۇشىدا شەكىللىنىدۇ.

مانا بولارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار گەرچە ئۇلارنىڭ سانى ئاز، ماددىي كۈچ جەھەتتىن ئاجىز، ئۇلارنىڭ كۈچىمۇ يوق، قولى ئۇزۇنمۇ ئەمەس شەخسلەر تۇرۇپ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشىنىڭ سىرىدۇر. ئۇلار بارلىق

دۈشمەنلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ سۈيىقەستلىرىگە مۇستەھكەم قارشى تۇرۇپ، ھۇجۇمكار ھالەت بىلەن غەلبە-نۇسرەتكە ئېرىشتى.

ئۇلاردىكى ئۈستۈنلۈك يالغۇز پىكىرى ئۈستۈنلۈك ۋە ھېس-تۇيغۇ ئۈستۈنلىكى بولماستىن، بەلكى رېئال ھاياتتا ماددىي ۋە مەنىۋىي كۈچلەرگە تاقابىل تۇرغۇدەك، مۇئمىنلەرنىڭ يولىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇش ئۈچۈن جاھىلىيەتنىڭ باتىل سەپسەتىلىرىدە شەكىللەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق يوللىرىنى قامال قىلىش ئۈچۈن ئورۇنغان جاھىلىيەتلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ سۈر-تۇقاي قىلغۇدەك ئۇرۇنغا ئىگە ئۈستۈنلۈك بولغان.

مۇسۇلمانلار يەنە بىر قېتىم ئۆزلىرىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋىي كۈچ جەھەتتىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان پارس ۋە روملىقلار بىلەن ئۇرۇشقاندا جاھىلىيەتكە ئۈستۈن بولدى.

مۇسۇلمانلار پارس ۋە رۇملۇقلارغا قارشى جىھادىي ھەرىكەتلەرگە ئاتلانغاندا ئۇلار ئۈستىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئۈستۈن بولمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇلار ۋە بۇلارغا نىسبەتەن سان جەھەتتىن ئىنتايىن ئاز ئىدى. مال-مۈلۈك ئارقىلىقمۇ ئۈستۈن بولمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇ چاغدا ئاران-ئاران، غورىگۈل تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغان كەمبەغەل ئۈممەت ئىدى. قورال بىلەنمۇ بولمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى قورال-ياراق جەھەتتىن ئۈستۈن بولۇپلا قالماي، ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن ئىدى. شۇنداقلا، ھەربىي ئىنتىزام، ھەربىي ماھارەت ۋە ئۇرۇش سەنئىتى، كەڭ دائىرىدىكى ئۇرۇش ماھارەتلىرى ۋە ئۇرۇش تەدبىرلىرىنى پىششىق بىلىش بىلەنمۇ بولمىدى. چۈنكى، ئەرەبلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى كىچىك ئۇرۇشلاردا ئۇرۇش

تاكتىكىلىرى ۋە ماھارەتلىرىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى ھەم بولغان تەقدىردىمۇ دۇشمەنلەردەك ئۇستۇن سەۋىيەدە ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئەرەبىزم بىلەنمۇ ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولمىدى. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرەب بولغانلىقىدىن ھەقىقەتەن ئىپتىخارلىنىدىغان قەۋم بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دۇنيادىكى ئىككى كۈچلۈك، ئەينى زامانىسىنىڭ ئەڭ كاتتىۋاشلىرى بولغان بۇ ئىككى ئىمپېرىيەگە شىلتىك ئېتىشنى ئۇلار خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان، ياق؟ بەلكى چۈشىدە كۆرۈپ باقمىغانىدى. بەلكى، «غەسسانلىقلار» ۋە «؟؟؟؟»گە ئوخشاش ئەرەب قەبىلىلىرى بۇ ئىككى ئىمپېرىيەگە قارام بولغان، ئۇلارنىڭ ھوقۇق ـ نوپۇزىنى يۈرگۈزىدىغان سەھرا ياكى شەھەر ئەرەبلىرىنىڭ بۇ ئىككى ئىمپېرىيەگە قارشى چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياللانما ھۆكۈمەت ۋە ياللانما ئارمىيە بولغانىدى. شەك ۋە شۈبھىلەنمەستىن ئېيتىمىزكى، ئەينى دەۋردە، بەلكى پۈتۈن دەۋرلەردە بۇ ئىككى ئىمپېرىيىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ھەزارىتىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ئۇلار پەقەت ۋە پەقەتلا بىر نەرسە بىلەن ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەن، ئۇ بولسىمۇ «ئىمان»دۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۆئمىنلەر ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ سانى قانچىلىك كۆپ بولسۇن، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇلۇغ بولسۇن، سەلتەنىتى تەسۋىرلىگۈسىز بولسۇن، مەدەنىيىتى ئەڭ يۇقىرى بولسۇن، ئىنتىزاملىق بولسۇن، قانۇن ـ تۈزۈملىرى ئىجرا قىلىنىدىغان بولسۇن، يىغىپ ئەكەلسە ھەممىسى ھەقتىن ئاداشقان جاھىلىيەتتۇر،

مادامىكى ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن ھىدايەت تاپمىسا تاپمايدىكەن، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئەگەشمىسە ئەگەشمەيدىكەن؟!

ئاندىن ئاللاھ بىلدۈرگەن ئاجايىباتلارنىڭ بىرى شۇ بولدىكى، كىشىلەرنىڭ پەقەت ئىسلام يولىغا ئاساسەن ئىمان بىلەن ئۈستۈن بولۇشتىن باشقا چارە-ئامال يوق؟

ئىمان بىلەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان بۇ كۈچ رېئال دۇنيادا كۈچ-قۇۋۋەت مەيدانلىرىدىن بولغان ھەربىر مەيدانغا قەدەر ئەمىللەشكىشكە كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىملەر ئۆگىنىلدى، ھەربىي پەنلىرى ۋە ئۇرۇش تەدبىرلىرى ئۆگىنىلدى. تۈرلۈك قورال-ياراقلارغا ئىگە بولدى. مەدەنىيەت-تەرەققىيات مەدەنىيىتىنى ئۆگەندى. رېئال دۇنيادا يەر شارى تارىخىدىكى كۈچ-قۇدرەتنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئۇلار ئۇچۇن ۋۇجۇدقا چىقتى.

ئۇلار تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ھەيران قالارلىق سۈرئەت بىلەن شەرق ۋە غەرب تەرەپكە كېڭىيىشكە، ھىدايەتنى ــــ ئىسلامنى تارقىتىشقا باشلاپ، باتىلنى، باتىلنىڭ قورغان-قەلئەلىرىنى چېقىپ تاشلاپ سۈر-توقاي قىلدى. ئەلچىلىكنى ئادا قىلىش يولىدا پۇتلىكاشاڭ بولغان داۋانلار ۋە توسالغۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

مۇسۇلمانلار ھەر قېتىمدا غەلىبە قىلدى. ئۇلارنىڭ غەلىبىگە ئېرىششى ۋە ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنىڭ مەنبەسى ئۇلارنىڭ كۆپ ئادەملەر ياكى كۆپ مال-دۇنيا، يا كۈچلۈك ئەسكىرىي-ھەربىي كۈچ، ياكى ئىلىم، ۋەياكى مەدەنىيەت ئىگىسى بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن «مۆئمىنلەر» بولغانلىقى،

ئۇلارنىڭ «ھەق» ئۈستىدە بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى جاھىلىيەت كىشىلىرىنىڭ باتىل ئۈستىدە بولغانلىقى بولدى. مۇشۇ ئارقىمۇ-ئارقا ئېرىشكەن غەلىبە-نۇسرەتلەردىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپ رىجاللىرى — ئەركەكلىرى ماللىرى، قوشۇنلىرى، ئىلمى ۋە مەدەنىيىتى بولدى (بولغاندىمۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەتلىرى ساھەسىدە ئەڭ پارلاق مەدەنىيىتى بولدى). ئۇلار ئىچكى تەرەپتىن بولغان ئىمان ئۈستۈنلۈكى بىلەن تاشقى جەھەتتىكى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە سەلتەنەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈستىدىن ئۈستۈن بولدى.

*** *** ***

مۇسۇلمانلار يەنە يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش ئىسلام ئۇقۇملىرىدىن ئىنساننىڭ مۇشۇ زېمىندىكى ھەرىكەتچان پائالىيەتچان كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

ئۇلار ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يوليورۇقلىرى ۋە يول باشلىشى بىلەن ياشىغان «رىئاللىقتىن» تونۇپ يەتكەندەك قۇرئان يوليورۇقلىرى ۋە پەيغەمبەر سۈننىتىدىنمۇ يۇقىرىقىدەك تونۇپ يەتتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ: ( وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً ) «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ‹مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن› دېدى» (2- سۈرە 30- ئايەت) دېگەن سۆزىدىن ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى ئىكەنلىكىنى، زېمىننى گۈللەندۈرۈش، ئاۋات قىلىش، جاپا-مۇشەققەت ۋە هارماي-تالماي تىرىشچانلىق قىلىش بىلەن زېمىندىكى ھاياتلىقنى ئۆستۈرۈشكە تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى چۈشەنگەن: ( يَا أَيُّهَا الإِنسَانُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَى رَبِّكَ كَدْحًا فَمُلَاقِيهِ ) «ئى

ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر (ئۆز ئىشىڭدا) سەئيى ـ سەۋەب قىلىسەن (يەنى ئەمگىكىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن)» (84 ـ سۈرە 6 ـ ئايەت). ئاللاھ ئىنسانغا ئۈستىدىكى خەلىپىلىكتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشى ئۈچۈن ئاسمان ۋە زېمىندىكى تامامى نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا مۇسەخخەر قىلىپ بەردى: ( وَسَخَّرَ لَكُم مَّا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مِّنْهُ ) «ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن بويسۇندۇرۇپ بەردى...» 45 ـ سۈرە 13 ـ ئايەت).

لېكىن، ئىنسان ئاللاھ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن رىزىق ۋە كۈچ ـ تاقەتلەردىن بولغان نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن مەخسۇس جاپالىق سەئيى ـ سەۋەبلەر ۋە ئىجتىھادلارنى قىلىشى كېرەك: ( هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِن رِّزْقِهِ ... ) «ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار، ئاللاھنىڭ بەرگەن رىزىقىدىن يەڭلار ...» (67 ـ سۈرە 15 ـ ئايەت).

ئۇلار ئاللاھنىڭ: ( إِنَّ اللّهَ لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنْفُسِهِمْ ) «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ ...» (13 ـ سۈرە 11 ـ ئايەت) دېگەن سۆزىدىن ھەقىقەتەن ھاياتلىق ھادىسىسىنىڭ ھېچقايسىسى تاسادىپىي يۈز بەرمەيدۇ، توغرا! ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن يۈز بېرىدۇ، ھەقىقەتەن ئاسمان ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ئىلمى ئاللاھقا مەنسۇپ، غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى ھەقىقەتەن ئاللاھتا، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن، ئاللاھنىڭ يۈكسەك ئىرادىسى زېمىن يۈزىدىكى خەلىپىسى

بولغان ئىنسانىنى ئىززەت-ئىكرام قىلىشنى، ئۇنىڭغا ھاياتلىقتىكى بۇ ئىجابىي رولنى بېرىشنى تەلەپ قىلىدى. ئاللاھ ئىرادىسىنى ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولى ئارقىلىق داۋاملاشتۇردى. ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنساننىڭ ئىرادىسى — ئەمەلىي ھەرىكىتى — تارىخنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ھادىسىلەرنى ياسىيالايدىغان بولىدى. چۈنكى، بارلىق ئەيىب-نۇقساندىن پاك بولغان ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇتلەق ئىرادىسى بىلەن بىر قەۋم ئۆزىدە بار بولغان ھالەتلەرنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلاردىكى ھالەتلەرنى ئۆزگەرتمەيدىغان قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرى ئۈچۈن بىرەر ھادىسە پەيدا قىلمىسا، ئاللاھ ئۇلارغا ھادىسە پەيدا قىلمايدۇ دەپ چۈشەندى.

ئۇلار يەنە ئاللاھ تائالانىڭ: ( ظَهَرَ الفَسَادُ فِي البَرِّ وَالبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ ) «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى ...» (30- سۈرە 41-ئايەت) دېگەن سۆزىدىن ھەقىقەتەن پىتنە-پاسات، بۇزۇقچىلىق زېمىنغا چۈشىدىغان غەيبىي تەقدىر ئەمەس، تەقدىر ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىخەۋەر قالمايدۇ (بۇنداق ئىش نەدە بار؟). شەكسىزكى، زېمىندا يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك ئاپەتلەر كىشىلەرنىڭ بىر قوللۇق بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىشى نەتىجىسىدە ئاسماندىن چۈشىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار يەر شارى ھاياتىدىكى پائالىيەتچان، ھەرىكەتچان كۈچ بولۇپ، ئۇلار ياخشىلىق ياكى يامانلىق توغرىسىدا قانداق ئەمەللەر ۋە ھەرىكەتلەرنى قىلسا، ئاشۇ ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى چىقىدۇ ۋە نەتىجىسىنى كۆرىدۇ دەپ چۈشەنگەن.

ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن ئىلھام ئالغان، يامانلىقا تاقابىل تۇرۇپ، ھىدايەتنى تارقىتىشتا پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ رىئاللىقتىكى جىھادلىرىدىن ئىلھام ئالغان، ئالدى بىلەن يېرىم ئارالدىكى ئۆز جاھىلىيەتلىرىگە قارشى ھايات كەچۈرگەن، ئاندىن پۈتۈن يەر شارىدىكى قالدۇق جاھىلىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسىگە تاقابىل تۇرۇپ ياشىغان رېئاللىقىدىن ئالغان ئىلھاملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇقۇملىرىدىن ئۆزلىرى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى زېمىندىكى ئەمەلىيىتىدە ئۆزلىرى قول تىقىپ ئىشلەش كېرەكلىكىنى ... ھەقىقەتەن ئۇلار ئىشەنگەن بارلىق ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن دىنىنىڭ ئۆزىچىلا قورۇلۇپ قالمايدىغانلىقىنى، ئۆزىچىلا پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، ئەتراپى ئالەمگە ئۆزلىكىدىن تارقالمايدىغانلىقىنى (گەرچە ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە شۇنداق قىلىشقا قادىر بولسىمۇ)، بۇ دىنىنىڭ ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن پۈت تىرەپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى مىقدارىغا بېقىپ بەرپا بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ دىننى مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن پۈت تىرەپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىش مىقدارىغا قارىتا پۈت تىرەپ تۇرىدىغانلىقى، ئەگەر ئۇلار مۇشۇ دىن ئىشىدىن مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن بىرەر ئىشتا بوشاڭلىق قىلسا، ياكى بىپەرۋالىق قىلسا، شۇنىڭ مىقدارىغا قاراپ دىنغا زەرەر يېتىدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق ئۆزلىرىگە سەگەك ۋە ھوشيار بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئەگەر شۇنداق قىلمايدىكەن، شۇنداق بولمايدىكەن، نۇسرەت ـ غەلىبە، كۈچ قۇۋۋەت، ئۈستۈنلۈك ۋە سەلتەنەت بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ساغلام ئىمان بولمىغۇچە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. مانا بۇ ئىماننىڭ مەنىسىدۇر: (يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللَّـهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ) «ئى

مۆئمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋرى قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىدامىلىق بولۇڭلار (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار (يەنى، ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)» (3 ـ سۈرە 200 ـ ئايەت).

بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن (ۋولفرت كانتون سمىس) ئۆزىنىڭ «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلام» دېگەن كىتابىنىڭ 32 ـ بېتىدە ھىندى دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى ۋە ماركسىزم قاتارلىقلارنىڭ قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدا تارىخىي نۇقتىئىنەزەردىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن ھەم ئەجەبلىنەرلىك سېلىشتۇرما ئېلىپ بارغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ماركسىزمغا ئوخشاش قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشى ھىندى دىنىنىڭ كۆز قارىشىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. مۇشۇ يەر شارىدا يۈز بەرگەن بارلىق ھادىسىلەرنىڭ قالدۇق ئۇقۇملىرى ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ھەقىقەتەن يەر شارىدا كۆپچىلىكنىڭ ھاياتىنى ساغلام ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىش تولىمۇ ئۇلۇغۋار، تولىمۇ كەسكىن بىر ئىش. شەكسىزكى، ئىسلام دىنىنىڭ كۆپچىلىك ھاياتىنى ساغلام ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئورۇنۇشى، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنۇشى ھازىرقى مۇشۇ مىنۇتلارغا قەدەر باشقا ھەرقانداق ئورۇنۇشلارغا نىسبەتەن ئەڭ كۈچلۈك، سەرپ قىلغان تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئىجتىھادلىرى ئەڭ كۆپتۇر. ماركسىزم دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ ئىسلام دىنى بۇ جەھەتتىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تىرىشچانلىقى كاتتا، تەلىپى ئەڭ يۇقىرى

بولغانىدى. شۇنداق تۇرۇپ ماركسىزم بىلەن ئىسلام تامامەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى دۇنيالىقتا ئائىت بارلىق ھادىسىلەرنىڭ ئىككى تۈرلۈك قايتىش ئوبيېكتى بار دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىككى يورۇقلۇقتىن تەڭلا قارايدۇ. ئىنسان ئېلىپ بارغان ھەرقانداق ھەرىكەتنى مەڭگۈلۈك ئاخىرەت ئالىمى ۋە ۋاقىتلىق بۇ ئالەمدە ئىككىسىنى بىرلىكتە، بىرلا ۋاقىتتا باشقىلار بىلەن مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ. دۇنيالىق ئىشلارغا داۋاملىق يۈرۈش پىلانى ـــ لاھىيىسىنى كۆرسىتىدۇ: بۇ كۆپچىلىك ئوينايدىغان تىياتىر بولۇپ، بۇ تىياتىر كۆپچىلىكنىڭ ئىختىرا قىلغان نەرسىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە مۇشۇ چاغنىڭ ئۆزىدە كۆرسىتىلگەن بۇ تىياتىرنى شەخسلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەمەل-ھەرىكەت بىرلەشمىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئىسلامنىڭ قارىشىدا ھەربىر شەخس قىيامەت كۈنى ئۆزى ئېرىشكەن ئۆزگە تەۋە نېسىۋىلىرىدىن سوئال قىلىنىدۇ، يەنى مۇسۇلمان شەخسنىڭ مۇشۇ دۇنيادا مۇئەييەن بىر تۈردىن نەتىجىگە ئېرىشكەن ئەمەل-ھەرىكىتى ئاخىرەت ئالىمىدە نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدىغان تۈرنىڭ بىرى بولىدۇ. يەنە بىر ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا، ئۆزلۈك توغرىسىدا ئۆلچىگىلى، جىڭلىغىلى يارايدىغان ئەمەللەرنىڭ، ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى تارىخى تەرەققىيات باسقۇچى مۇناسىۋىتى جەھەتتىن ئۆلچىنىدۇ».

«مېتافىزىكا ـــ شۇنداق دېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنكى، ئەمەل-ھەرىكەتلەرگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغان رەڭدارلىق بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ ئالەمگە بەلگىلەنگەن ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىن، ئۇنىڭدىن ئىنسانىيەت بارلىققا كېلىدىغان ئىنسانىيەت مەۋجۇدىيىتىگە ئەڭ يېقىن،

ئۇنىڭدىن بىزنىڭ تۇرمۇش تارىخىمىز بارلىققا كېلىدىغان ھاياتلىققا ئەڭ يېقىن، ئۇ ئەخلاقى قىممەتلەرنى ئىنكار قىلىدىغان بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە قايسى بىر نەزەرىيە ۋە جەريانلاردا داۋاملىشىدىغان زېمىنغا تەۋە رېئاللىقلاردىن ئەڭ ئۇستۇندۇر. تارىخي كۆرسەتمە ئۇقۇمىغا ئىگە مۇتلەق مەناغا ئىگە، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسى ئۆزلۈك توغرىسىدىلا ئاخىرلاشمايدۇ. بەلكى، تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ يەردە ھەقىقەتەن قىياس قىلىپ سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان ئۆلچەملەر ئۇنىڭدىن تارىخ بارلىققا كېلىدىغان ھادىسىلەر يىغىندىسىدىن بەك ئۇستۇندۇر. مۇشۇ قىياس ۋە ئۆلچەملەر بىلەن تارىخي ھادىسىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن ھەم لايىق. ئۇ ئۆزىنىڭ تەلەپ ۋە تەقەززاسى بىلەن (ئىسلامى پىكىردىكى) ئەمەلىي ھەرىكەتكە ھۆكۈم قىلىدۇ».

❧❧❧ ❧❧❧ ❧❧❧

مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئىسلام ئۇقۇمى يۇقىرىقىدەك بولغانىدى. ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرى ۋە شاخچىلىرى بىلەن قوشۇپ چۈشەنگەن بۇ ئۇقۇملارنىڭ مەھسۇلى ئىسلامى جەمئىيەت ئاللاھىدىلىككە ئېرىشكەن بەلگىلىك سىمالارنىڭ مەھسۇلى بولدى. مۇسۇلمانلار تۇتقا قىلغان مۇئەييەن مەسلەك بولدى. ئۇلار بۇ ئۇقۇملار ئارقىلىق ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى باشقا بارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئاللاھىدە تۇرىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولدى. شۇنداقلا پۈتۈن تارىخچىلار، مەيلى مۇسۇلمان تارىخچىلار بولسۇن ۋە شەرقشۇناس تارىخچىلار بولسۇن ھەممىسى تارىخ كىتابلىرىغا: «بۇ جەمئىيەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش بىلەن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشتى. بۇ ئىتائەت ھەقىقىي ئىتائەت قىلىش بولغانلىكى، ئۇنىڭغا گۇمان ۋە شۈبھە يولاپ سالمىدى» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. كىشىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىش ئاساسىغا قارىتا ئۇلار ئارىسىدا شەخسكە ئائىت پەرقلەر داۋاملىشىدۇ. ئىنسانىيەت روھىيىتىنى ئۇلۇغۋار سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭدا نورمال تۇرۇشتىن توختىتىپ قويىدىغان ئىنسانىي ئاجىزلىقمۇ داۋاملىشىدۇ. لېكىن، بۇ ۋە ئۇ پۈتۈن جەمئىيەت ئېرىشكەن ئالاھىدە سىماغا يەتكۈزىدىغان رېئال ھەقىقەتتىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. ئاشۇ ھەقىقەتنى شۇ جەمئىيەتتە ياشىغان كىشىلەر ۋە ئۇلارغا سىرتتىن قاراپ تۇرغان كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى تارىخ ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلارمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي يوسۇندا توغرا ئىبادەت قىلىشنىڭ سىماسىدۇر. ئۇنىڭغا شەك-شۈبھە ۋە دىلغۇللۇق ھەقىقىي ئىماننىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە كۆڭۈلنىڭ تېگى-تەكتىگە بېكىپ كەتكەن ئىماننىڭ نەتىجىسىدە ئىدىيە چوڭقۇرلۇقىدىن قارار ئالغان ئىماننىڭ نەتىجىسىدىن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئۇششاق تاماسى بىلەن ئاللاھنىڭ ئەمرى-پەرمانلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىشقا ئورۇنغان جەمئىيەت قۇرۇلمىلىرىنى ئاللاھنىڭ تەلىماتى ئاساسىغا قۇرۇپ چىقىشقا ئورۇنغان بىر جەمئىيەت تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىدى.

بۇ جەمئىيەتتىكى ھەربىر شەخس ئۆز ئىسلامىنىڭ تەبىئىتى-خاراكتېرى بىلەن ئۆزىنىڭ تەكلىپ قىلىنغۇچى، ئۆزىنىڭ بەلگىلىك ئەگىشىشكە تېگىشلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئاجراپ كېتىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ

توغرىسىدا جېدەللىشىشنىڭ يوقلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن، ھەتتا ئۇنى قىلىشتىن نەپسى ئاجىز كەلگەن، ئامانەتنى ئادا قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان چاغدىمۇ ئاجراپ كېتىش ياكى جېدەللىشىشنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلغان، ئۇ شۇنداق ئاجىز كېلىشكە ئۇنى ساھىبى ئىقرار قىلىدۇ. بۇ ھەقتە گەپدانلىق قىلمايدۇ. ئىشلاردىكى ئۆز ھۆكۈمنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكۈمىدىن ياخشى ۋە توغرا دېمەيدۇ.

بارلىق شەخس ئۆزىنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئۆز زاتىدا مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام تەلىماتلىرىنى ئىجرا قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ شەخسىي پائالىيەتلىرى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇسۇلمان شەخستىن كۈتكەن، كۆزلىگەن كۆرۈنۈشلەرگە ئۇيغۇن بولۇشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. بۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش پەقەت ئاللاھنىڭ چوڭ-كىچىك بەلگىلىمىلىرى توغرىسىدىلا بولماستىن، بەلكى ئەڭ ئىنچىكە كىچىك-كىچىك تەپسىلاتلارغا، ھەتتا سالام-سەھەت يوللىرى، ئولتۇرۇش-قوپۇش ۋە مېڭىش يوللىرى، ھەتتا ئېغىز ۋە چىشنى تازىلاش يوللىرى، پاكىز تۇتۇش يوللىرىغا قەدەر ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن.

ئىدىيە-ۋىجدان چوڭقۇرلىقىنىڭ تېگى-تېگىدىن يەنە شۇنىمۇ ھېس قىلغانكى، مۇشۇ تەكلىپ-تاپشۇرۇقلار چوڭ-كىچىك قەتئىي ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدىغان مۇھىم ياكى مۇنداقراق ئەھمىيەت بەرمىسىمۇ بولىدىغان ئەرزىمەس،

پۈچەك، زۆرۈر ۋە ئانچە زۆرۈر ئەمەس دېگەنلەر مەۋجۇد بولمىغان، مەگەركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى قىلىش بىلەن قىلماسلىق ئوتتۇرىسىدا تاللاش ئىختىيارى بەرگەن مۇباھ تۈردىكى تەكلىپلەر بولمىسا، ئەمما ئىتائەت ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئايەت-ھەدىستىن دەلىل كەلتۈرۈلگەن تەكلىپلەر، ئاللاھقا بولغان ئىمانغا يېقىنلاشتۇرۇلغان توغرا ئىجرا قىلىش، ئىنسان ئۇنى بىر پۈتۈن تامامىسى بىلەن ئىجرا قىلمىسا، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەئىيىن قىلىپ بېكىتكەن سۈرەتلەر بويىچە بېجىرمىسە بىر مۇسۇلمان بولالمايدىغان ئىمانى تەكلىپلەرگە كەلسەك، بۇنىڭدا ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشتا جىھاد قىلىش بىلەن چىشلارنى مىسۋاك قىلىش ئوخشاش ۋە تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەتتا مۇسۇلمانلار بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىگە باغلاشتۇرىدۇ. جەڭلەرنىڭ بىرىدە غەلىبە-نۇسرەت كەلمەيۋاتقانلىقىنى، كېچىكىۋاتقانلىقىنى مىسۋاك قىلىشقا سەل قارىغانلىقلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈپ، بىر-بىرلىرىگە ئاللاھنىڭ ياردىمىگە لايىقلاشتۇرىدىغان مىسۋاك قىلىشتىن ئىبارەت «ۋاجىب»نى تەرك ئەتكەنلىكلىرى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشىدۇ.

شۇنداق بولۇشى مىسۋاك قىلىشنىڭ ئىككى ئىشتىكى مەنبەسى بىر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتۇر.

ھەربىر مۇسۇلمان شەخس ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ئۆزى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزى ئۈستىدە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە قارىتا مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئۆزلۈك توغرىسىدىكى مەجبۇرىيىتى بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ھەربىر شەخس ئۆزىدىن ھېس-تۇيغۇ، پىكىر ۋە

ئەمەلىي پائالىيەت قاتارلىق ھەممىسىدىن پۈتۈن چىققان بىر مۇسۇلمانىنىڭ كۆرۈنۈشىنى بارلىققا كەلتۈرۈش بولۇپ، ئۇ بارلىققا كەلتۈرگەن كۆرۈنۈش ـ سۈرەت، «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ سۈننىتى بايان قىلغان، ساغلام بولغان ئىسلامىي كۆرۈنۈش ـ سۈرەتلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئۇ كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ غەيۋەت ـ شىكايىتىنى قىلمايدۇ. مەسخىرە قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەيدۇ. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى، يۈز ـ ئابرۇيى ۋە قانلىرىغا ئەزىيەت بېرىش ئۈچۈن قول ئۇزارتمايدۇ. ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان نەسىھەت، دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىقنى خالىسانە قىلىدۇ. ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە بارچە پائالىيەتلىرىدە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە رىئايە قىلىدۇ، خىيانەت قىلمايدۇ، ئالدامچىلىق قىلمايدۇ، ساختىپەزلىك قىلمايدۇ، تارتىۋالمايدۇ، سالدۇرۇۋالمايدۇ، بۇلاڭچىلىق قىلمايدۇ. قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان ئەمەللەر ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن بوشاڭلىق قىلىپ ئولتۇرۇۋالمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ئاللاھ ئۈچۈن بولغان ئامانەتلەرنى ئادا قىلىدۇ، بۇ ئامانەتلەرنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، بۇ ئامانەت ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش، ئاللاھنىڭ «رەببىل ئالەمىين»، «ئالەملەرنىڭ ئىگىسى»، «ئالەملەرنىڭ پەرۋىشچىسى» ئىكەنلىكىگە كەسىن ۋە جەزمەن ئېتىقاد قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ بۇ ئامانەتتىن باشقا ئىبادەت ۋە مۇئامىلىلەرگە ئالاقىدار بارلىق ئامانەتلەر شاخلىنىپ چىقىدۇ.

ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيىتىگە بولغان مەجبۇرىيىتى شۇكى، بۇ جەمئىيەتكە ياردەملىشىشى، ئۇنىڭغا ھەسسە

قوشۇشى، مۇشۇ جەمئىيەتنى تۈپتۈز ۋە پاكىزە بولغان ئىسلامىي ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىشقا تەۋە نىسىۋىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىمكى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پەقەت ئۆز زاتىدا ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدە مۇسۇلمان شەخسىنىڭ كۆرۈنىشىدىن بولغان كۆرۈنۈشىنىڭ بولۇشى، ئۆزى بىلەن ئىشى بار، باشقىلار ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت بىلەن كارى يوق بىر كىشىلىك مۇسۇلمان بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسلامنى ـ مۇسۇلمانلىقنى تولۇقلاش ۋە دوستلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بارلىق كۆرۈنۈشلىرىنى ئىسلامىي سۈرەتلەردە كۆرۈنۈشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلىكى بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى سەرپ قىلىشى، بارچە ئىقتىدار ۋە قابىلىيەتلىرىنى، ئۆزىدە بار ئىستېداتلىرىنى سەرپ قىلىشى، مۇشۇ يولدا يېتىدىغان، تەكلىپلەر ئۇچراشتۇرىدىغان تىرىشچانلىق، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە كۈرەش قىلىش قاتارلىقلارنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

ھەربىر ئەر ۋە ئايال مۇسۇلمان شەخس ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى مەجبۇرىيىتى ۋە جەمئىيىتىگە بولغان مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلغانكى، بۇنىڭدىن ئاجراپ كېتىش، كەينىگە سىلجىش، بوشاڭلىق قىلىش ۋە گۇمانلىنىش دېگەنلەر يوق.

مۇشۇ جەھەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدىكى تۇنجى جەمئىيەت بىر پۈتۈن مەجمۇئەسىدە ئاشۇ پاك ـ پاكىزە، نۇرلۇق سۈرەت ـ كۆرۈنۈش بولالىدى. ئەخلاقىي جەھەتتە پاكىز، سىياسىي جەھەتتە پاكىز، ئىقتىسادىي جەھەتتە پاكىز، ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىدە پاكىز، پىكىر تېتىكلىكى پاكىز، روھىي، ئەمەلىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردە پاكىز. دېمەككى، ھاياتلىق تەرىپىنىڭ ھەممە ۋە

ھەربىر تەرەپلىرىدە پاكىز بولغان پاكىز ۋە نۇرلۇق كۆرۈنۈشنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلار بىر مۇسۇلمان ئۆزى بىلەن ئۆز كۆڭلى ئوتتۇرىسىدا ــــ يەنى نىيىتىدە ــــ ئىگىسى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، ئاندىن رېئاللىقتا قىلىۋاتقان ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتلىرى ئۆزى خالىغانچە ياكى مۇسۇلمان ئەمەس باشقا جەمئىيەتلەر ــــ كۇفرى جەمئىيەتلەر، قۇرۇلمىسى ئىسلام ئەمەس جەمئىيەتلەر ياكى ياۋروپاچە جەمئىيەتلەرگە ئوخشاش ئىسلام بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق جەمئىيەتلەرنىڭ خالىغىنىدەك بولىدۇ دەپ ھېس قىلمىغان، شۇنداقلا ئۆزى بىر كىشىلىك مۇسۇلمانچىلىقنى قىلىۋېرىدۇ، ئەتراپىدىكى ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت كىشىلىرى ئىسلام ھاياتىدىن ئايرىلىۋاتىدۇ. ئىسلامىي پائالىيەتلەرنى تەرك ئېتىۋاتىدۇ. لېكىن، بۇ مۇسۇلماننىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدۇ. بۇنداق چۈشەنچىدە بولغان ئەمەس ئەسلا؟!

ئۇلار بىر مۇسۇلمان ئايال ئۆز كۆڭلىدە ــــ نىيىتىدە ئىگىسى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ رېئاللىقتىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى، كىيىنىشلىرى، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، ياسىنىشى، ئۇنىڭ ئەر زاتى بىلەن بولغان مۇئامىلە، مۇناسىۋەت يولى، پىكىر يۈرگۈزۈش، پىكىر قوبۇل قىلىش ۋە ھېس-تۇيغۇ يولى ئۆزى خالىغانچە بولىدۇ. ياكى مۇسۇلمان ئەمەس، ئىسلام بىلەن ئالاقىسى بولمىغان جەمئىيەتلەرنىڭ خالىغىنىدەك خاھىش بويىچە بولىدۇ دەپ چۈشەنمىگەن.

شۇنداقلا بۇ مۇسۇلمان خانىم ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك مۇسۇلمانچىلىقنى جايىدا ئادا قىلىدۇ-يۇ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى جەمئىيەتنى ئۆزى خالىغانچە ياشايدىغان،

جەمئىيەت كىشىلىرى ئىسلام ھاياتىدىن ئايرىلىۋاتىدۇ. ئىسلامىي پائالىيەتلەرنى تەرك ئېتىۋاتىدۇ. ھەمشىرىلىرى بولمىش جەمئىيەت ئاياللىرى ئىسلامدىن يىراقلىشىۋاتىدۇ. ئىنسانىي قېلىپلاردىن چىقىۋاتىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بۇزۇقچىلىق ۋە پەسكەشلىككە تولغان ئەۋرەزلىرىدىن جاي تالىشىۋاتىدۇ. پاسكىنىچىلىنى بىر-بىرىدىن قىزغىنىشىۋاتىدۇ. قەيەردە مەينەتچىلىك، رەزىللىك بولسا شۇ يەرنىڭ ھاكىم ۋە رەھبەرلىرى ئىنسان قېلىپىدىن چىقىۋاتىدۇ، رەزىللىشىۋاتىدۇ. قىسقىسى، «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، كۆتىڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ»، «جاھاننى سەل باسسا، تەرەپ-تەرەپتە بولۇرمىش ئېشەكنىڭ غېمى ھەلەپتە» دېگەندەك بۇ مۇسۇلمان خانىم ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدۇ. ئۇلار بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇنداق قاراشتا بولغان ئەمەس ئەسلا!

ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئىسلامىنىڭ ئۆزلۈك توغرىسىدا ۋە ياشاۋاتقان جەمئىيەتلىرى توغرىسىدا ئاجايىپ كاتتا، ئاسمان-زېمىن، تاغۇ-تاشلار ئۇستىگە ئېلىشتىن قورقىدىغان ئامانەتنى، مەجبۇرىيىتىنى ئۇستىگە ئالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۆزگە جەمئىيەتكە ئائىت ئىشلاردا چوڭ-كىچىك بارلىق مۇئامىلىدە داۋاملىق سەگەك-ھوشيار بولۇشنى لازىم تۇتىدۇ. ئۆزگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ ۋە مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەربىرى ئۇستىدە ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىر-بىرلەپ ھېساب بېرىدىغانلىقىنى بىرمۇ-بىر سۇرۇشتە قىلىنىدىغانلىقىنى، جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا چىن پۈتىدۇ. ئاللاھ ھېساب ئېلىشتىن، ئاللاھقا ھېساب بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش لازىملىقىنى ۋە بۇ ئىشلاردا ھەردائىم تولىمۇ

سەگەك، تولىمۇ چىچەن ۋە تولىمۇ ھوشيار تۇرۇش لازىملىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇلار مۇشۇلارنى قىلىش بىلەن ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالىدى.

شۇنىڭدەك، ئىسلامنى يۇقىرىقىدەك تونۇپ يەتكەن ئۇقۇملارنىڭ مەھسۇلى — ئاشۇ مۇسۇلمان جامائەت ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشى، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئەگىشىشى، ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى بىلەن يەر شارىدىكى ئەڭ ئالىي كۈچنى ھېس قىلىشتى. بۇ كۈچ پۈتۈن ئىنسانىيەت رەھبەرلىكىنى قولغا ئېلىشقا ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە لايىقلاشتۇرىدىغان، دائىملىق، داۋاملىق ئىگە قىلغۇچى ۋە بۇ ئىگىلىكنى ئەبەدىلئەبەد داۋاملىق ساقلىغۇچى كۈچ ئىدى. بۇ ھېسلارغا مۇشۇ جامائەت يەر شارىدىكى ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن يېتەكلەنمىگەن، باشقا زېمىن جامائەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن بولىدىغان ھېچقانداق بىر كۈچنىڭ بېكىتىلمىلىرى ياكى سېلىشتۇرۇلمىلىرى ئارىلاشمىدى ۋە ئارىلاشتۇرۇلمىدى.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ھېساباتلىرىغا يەر شارى ئۆلچەملىرىگە تەۋە ئادەم سانى، قورال-ياراق كۈچى، بىلىم كۈچى، ھەزارەت كۈچى، مۇنتىزىملاشتۇرۇش، ئىنتىزاملىق بولۇش كۈچى، ھەربىي كۈچ دېگەندەك ۋە بۇلاردىن باشقا ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە كۈچ دەپ ئاتالغان ماددىي ۋە مەنىۋى بولغان باشقا غەيرىي كۈچلەرنىڭ ئۆلچەملىرى ۋەياكى سېلىشتۇرۇلمىلىرى كىرگۈزۈلگەن ۋەياكى ئارىلاشتۇرۇلغان بولسا، مۇسۇلمانلار ئەلۋەتتە كەينىگە چېكىنەتتى (ئاللاھنىڭ ھىدايىتىنى

قولدىن بىرىپ قوياتتى). بەلكى، ئۇلار ھەربىر ئايەت ئارقىلىق دىگەننى ئويلاپمۇ باقمىغان، خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولاتتى. بەلكى، بىزمۇ ئۇلاردەك ئىچ ـ ئىچىدىن يىمىرىلگەن، مەغلۇب بولغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلمىغان بولاتتۇق. ئۇلارمۇ ئازغۇنلۇقنى ھېس قىلغان بولار ئىدى. خارلىقنى، بوشاڭلىقنى ھېس قىلغان بولار ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئۆز ھېساباتلىرىغا پەقەتلا بىرلا نەرسىنى كىرگۈزدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭدىن بارلىق ھەقىقەتلەر ئېتىلىپ چىقىدىغان بىرلا ھەقىقەت بولدى. يەنى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي «مۆئمىنلەر» بولغانلىقى ئۇلارنىڭ «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغۇچىلار» بولغانلىقى بولدى. ئۇنداقتا ئۇلار ئەڭ ئۈستۈن، بەكمۇ ئۈستۈندۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارشىدىكى زېمىن كۈچلىرىنىڭ بارچىسى ئاجىز، تولىمۇ ئاجىز، بەكمۇ بىچارە بولۇپ، شۇ دەرىجىدە بىچارىكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېساب تۈرغۈزۇلمايدۇ ھەم تۈرغۈزۇلمىدى.

ئاندىن بۇ ھەقىقەت ھەقلىق بولدى ...

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش بىلەن مۇشۇ زېمىندىكى ئەڭ ئالىي كۈچ بولۇشقا ھەلىق بولالىدى. ئىنسانىيەت رەھبەرلىكىنى قولغا ئېلىشقا ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە، داۋاملىق ئىگە قىلىدىغان كۈچكە ئايلىنىشقا ھەقلىق، لاياقەتلىك بولالىدى. يالغۇز ھەربىي جەھەتتىكى ئىشغالىيەتلەرلا مۇشۇ ھېسلارنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، ئۆزلۈكتىمۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەيرانە ـ ھەس قالدۇرىدىغان ئەڭ يارقىن نامايەندە بولدى. ھەقىقەتەن ئىسلام ئۆزىنىڭ بارلىق يۆلىنىشلىرى ۋە يۈزلىنىشلىرىدە ئۆزىنىڭ مۇكەممەل بولغان جانلىقلىقى، تىرەنلىكلىكى بىلەن ئالغان ئىنتىلدۇرگۈچ كۈچلۈك

«ھەرىكەت» بولدى. ئىسلام ئۆز يولىدا كېڭىيىۋاتقاندا تېپىۋالغان تەشكىللەش ئىنتىزامى ۋە ھەزارەت ناھايىتى تېزلىكتە ئىسلام ئۇنى پىششىق ئىگىلىدى. ئۇنىڭغا ئۆز روھىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامىي ئىنتىزام ۋە ئىسلامىي ھەزارەتكە ئايلاندى. ئاندىن ئىسلام ئۇنى ئىسلامىي كۆرۈنۈش بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئايىغى يەتكەن جايلارنىڭ ھەممىسىگە قەدەر كېڭەيتتى.

ئىسلام ئىشغال قىلغان ــ پەتھى قىلغان مەملىكەتلەردە تېپىۋالغان «بىلىم»نى تېزلىكتە قايتىدىن قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى دەرسلىك، تەتقىقات، چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش جەھەتلەردە تولۇقلىدى. ئاندىن بۇلارغا مەخسۇس ماركىلارنى چاپلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ «بىلىملەر» ئىسلامىي بىلىملەرگە ئايلاندى. ئاندىن ئىسلام بۇ ئىلىمنى ئىسلامىي كۆرۈنۈشلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەدەملىرى يەتكەن جايلارنىڭ ھەممىسىگە قەدەر كېڭەيتتى. بۇ ئىلىم نۇرىدىن پەقەت مۇسۇلمانلارلا بەھرىلەنمەستىن، بەلكى زېمىن يۈزىدىكى بارچە ئىلىم سۆيەر ھەممە كىشى مەنپەئەتلەندى، يورۇقلۇققا ئېرىشتى.

جىب ئۆزىنىڭ «ئىسلامدىكى دەۋر يۆزلىنىشلىرى» دېگەن كىتابىدا: «مەن ھەممەيلەن بىردەكلىككە ئىگە دەپ ئويلايمەنكى، مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلار قۇرغان ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي بولغان مۇلاھىزىلەر ئىلىم-مەرىپەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەمەلىي ياردەم قىلغان مۇشۇ مۇلاھىزە يوللىرى ئارقىلىق تەجرىبە لاھىيەسى ئوتتۇرا ئەسىردىلا ياۋروپاغا قەدەر يېتىپ بارغان». بىرلىفوت ئۆزىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ بىنا بولۇشى» (Mak ingofhy manity) دېگەن كىتابىدا: «ھازىرقى دۇنياغا ئەرەب مەدەنىيىتى سوۋغا قىلغان

نەرسىنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىلىم بولۇپ، ... يالغۇز ئىلىملا ياۋروپاغا ھاياتلىقنى قايتىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئىسلامىي ھەزارەتنىڭ باشقا نۇرغۇن تەسىرلىرى خېلى بالدۇرلا ياۋروپا ھاياتىغا ئۆز نۇرىنى چېچىشقا باشلىغان. لېكىن، ياۋروپا گۈللىنىش تەرەپلىرىنىڭ تەرەپلىرىدىن قايسى بىر تەرەپنى ئۆزىمىزنىڭ قىلىۋالساقمۇ، ئەمما كەسكىن سۈرەتتە ئەسلى مەنبەسى بولغان «ئىسلامىي سەقافەت»نى تەسىرلىرىگە قايتۇرۇش مۇمكىن. چۈنكى، بۇ تەسىرلەر بولۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغىنى ۋە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى سۈپىتىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. ھازىرقى دۇنياغا ئىلمىي نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بەرگەن ئاشۇ كۈچ ئۆسۈپ يېتىلىشى مۇستەھكەم بولغان ئالاھىدە كۈچ مەنىسىدىن بولغان، بۇ كۈچ تەبىئەت ئىلىملىرىدە بولسۇن، مەيلى ئىلمىي تەتقىقات روھىدا بولسۇن كۈچلۈك گۈللەندۈرۈش روھىغا ئىگە» دەيدۇ. بۇلار ۋە بۇلاردىن باشقا ھاياتلىق ئەنئەنىلىرى، تەقلىدلىرى، ئۇسلۇبلىرى، قىممەتلىرى ۋە پرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى ئاللاھقا ئىشەنگۈچى، ئاللاھنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنغۇچى بۇ مۇسۇلمان جامائەت ئومۇملاشتۇرۇپ كەلدى. تاكى ئىسلامىيەت دۇنياسى ئارقىغا چېكىنگەن، ئىنسانىيەت رەھبەرلىكىنى چىڭ تۇتۇشقا ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشتە ئەسلىدىنلا چىڭ تۇتۇشقا ۋە ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى بولۇش ئورنىدىن ۋاز كەچكەن ۋە سوغۇرۇلۇپ چىققان يېقىن زامان تارىخىغىچە، ئىنسانىيەت بىناكارلىقىدا ھەمىشە ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. يۇقىرىقىلار غەرب تارىخچىلىرى ئىچىدىن ئۆز نەپسىگە ئىنساپنى ئەلا بىلگەن،

ھەتتا ئۇلار ئىسلامنى ئۆچ كۆرگەن ۋە ئىسلامغا سۇيىقەستلەر قىلىدىغان كىشىلەر بولۇشىمۇ مۇقەررەرلەشتۇرگەن نەرسىلەرنىڭ بىر بۆلىكىدۇر. لېكىن، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي ئۇقۇملارنى مۇكەممەل، تولۇق سۈرەت-كۆرۈنۈشتە كۆرسەتكەنلىكى توغرىلىق مۇشۇ ئومۇمىي تەرەپلەرنى مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىدىكى نەمۇنىلەردە ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندەك ئىسلامىي ھاياتلىقنىڭ ئەمەلىي رېئاللىق كۆرۈنۈشلىرىدە كۆرمىگۈچە، كۆڭلىمىزدىكى ئۇقۇم تولۇقلانمايدۇ. ئۇنى ئۆز ھەقىقىتى ۋە تېگى-ماھىيىتىگە ئاساسەن تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز.

## مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىن نەمۇنىلەر

بىز يۇقىرىدىكى بىر ئابزاستا ئىسلامنىڭ ئومۇمىي ئۇقۇملىرى ۋە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىي شەكىللىرى، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ئۇقۇملاردا ئەمەلىي ياشىغان، ئۇنى توغرا يۈزلىنىشتە قوبۇل قىلغان، ئۇلار ئارقىلىق روھلىرى قوزغىلىپ كەتكەن، ھەرىكەتكە ئاتلانغان ۋە ئۇنى ئەمەلىي رېئال پائالىيەتلىرىدە ۋۇجۇدقا چىقارغان مۇسۇلمان جەمئىيەتنىڭ ھاياتىنى رېئال كۆرۈنۈشلەر نۇقتىسىدىن كۆرمىگۈچە تولۇق تەسەۋۋۇرغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ دېگەنىدۇق.

مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن نەمۇنىلەر ئىلىنغان چاغدىكى كۆنۈككەن ئادەت، ئۇ تەبىئىي ئىش بولۇپ، بۇ نەمۇنىلەر رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى

بولسۇن ـــ نىڭ ھاياتىدىن ئۆزلىرىدە ئىنسانىيەت تارىخىدا ۋە كائىناتنىڭ ئىدىيىسىدە مەڭگۈدىن ـ مەڭگۈگە قالىدىغان، يېگانە قەھرىمانلىقلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ساھابە ـــ ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ـــ لەرنىڭ ھاياتىدىن ئېلىنىدۇ.

بۇ ھەقىقەتەن لىمەن ئېيتقانىدەك تەبىئىي بىر ئىش، رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ھەقىقەتەن بىردىنبىر ئۈلگىلىك ۋە نەمۇنىلىك رەھبەردۇر. چۈنكى، ئۇ زاتنىڭ ھاياتى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشلىرى، تەسەررۇپاتلىرىدا داۋاملىق مۇراجىئەت قىلىش ئوبيېكتى بولۇش، تاقەتلىرىنىڭ يېتىشچە ئۇنىڭدىن ئۆچۈملاپ ئېلىش، ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىش، قىيىنچىلىقلار ۋە خاپىلىقلار كەلگەندە ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە ئۇنى دوراش ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل نەمۇنىلەرنى بېرىش مەقسىتىدە مۇسۇلمانلار ئالدىدا ئەڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك تەرەپلەرگە قەدەر ئاجايىپ كېڭەيتىلگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ساھابە ـــ ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ـــ لەر ئىنسانىيەتكە تەۋە نەمۇنىلەردۇر. توغرا، ئۇلار ھەقىقەتەن ئىنسانىيەت تارىخىدا كەم تېپىلىدىغان ئالاھىدە نادىر نەمۇنىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ روھلىرى يۈكسەكلىككە، ئالىيلىققا تەۋە نۇردىن قېنىپ ئىچكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆز دەۋرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ۋە ئەھۋاللىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىنسانىيەت كۆز تىككەن شان ـ شەرەپكە ۋە ئالىي نەمۇنچىلەرگە ئايلانغان. كېيىنكى مۇسۇلمان ئەۋلادلارغا نىسبەتەن ئۇلارنى دوراش، ئەگىشىش، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، پىكىرلىرى، ھېس ـ تۇيغۇلىرى ۋە باشقىلاردا ئۇلارغا ئەگىشىش ئۈچۈن داغدام يول، كەڭ ئۇپۇق ئېچىلىشقا ئايلانغان، ئۇلار

ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا قارىتا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئۆلچەملەرنى روياپقا چىقارغان «ئىنسانلار» ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۇچۇن تارىخ ئورىبتىسىدا مەڭگۈ ساقلىنىدىغان تولۇق جۇلالىق، يارقىن، رەڭدار كۆرۈنۈشلەرنى بېرىشنى مەقسەت قىلغان چاغدا رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ـــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـــ نىڭ ھاياتىدىن نەمۇنىلەر ئېلىش ھەقىقەتەن تەبىئىي بىر ئىشتۇر. لېكىن، بۇ كىتابتا ئىسلام توغرىلىق گەپ قىلماقچى بولغاندا مەخسۇس (ئەگەر مۇشۇنداق ئىبارەت كەلتۈرۈش توغرا بولىدىغان بولسا) «خەلققە ئائىت» ئىسلام توغرىلىق سۆزلىمەيمىز. ئىسلام ھەربىر شەخستىن تەلەپ قىلغان ھەربىر شەخسكە چامىنىڭ يېتىشىچە تاپشۇرغان مەسىلىلەر ئۈستىدە كىشىلەرنىڭ كۈچ ـ تاقەتلەر ۋە ئىستېداتلاردىكى ئوخشاش باپباراۋەر بولمىغان شەخسىي پەرقلەرنى نەزەردە تۇتقان، ئىنسانىيەتنى تاقەتلىرى ۋە ئىستېدات ـ تاقەتلىرى، قابىلىيەتلىرى قادىر قىلىدىغان قىممەتلەرگە يېتىشتىن توختىماي قويىدىغان ياكى بەزى جايلاردا يەتسىمۇ مۇشۇ قىممەتلەر ئۈستىدە ھەمىشە نورمال تۇرۇشتىن چەكلەپ قويىدىغان ئىنسانىيەتنىڭ «تەبىئىي» ئاجىزلىقلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا سۆزلەيمىز.

بۇ كىتاب يۇقىرىقىدەك نۇقتىلارنى مەخسۇس تېما قىلغان بولسىمۇ، بايان قىلماقچى بولغان نەمۇنىلىرىمىزنى رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ ھاياتىلىقىغىلا يىغىنچاقلىمايمىز. چۈنكى، ئۇ زات ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق ئەۋلاد ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر. شۇنداقلا ساھابە ـــ ئاللاھ ئۇلاردىن رازى

بولسۇن ــــ لەرنىڭ ھاياتىغىلا قىسقارتمايمىز. گەرچە ئۇلار شۇبھىسىز ھالدا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى ۋە بۇ ھەرىكەت نەتىجىلىرىنىڭ بىر نەتىجىسى بولغان بولسىمۇ. شۇنداقلا، بىز بۇ نەمۇنىلەرنى ئاددىي شەخسلەر ھاياتىدىكى يۇقىرى ئۆرلەتكۈچى قەھرىمانلىق زامانلىرىغىلا قىسقارتىۋەتمەيمىزكى، بۇ ئاددىي شەخسلەر ئاشۇ يۇقىرىغا ئۆرلەتكۈچىلەر ئارقىلىق ئۆزلۈكتىن ھالقىپ كەتكەن، ئۇلار ئىچىدىن كائىنات ۋۇجۇدىدا مەڭگۈ نامى ئۆچمەس قەھرىمانلىقلارنى ياراتقان، گەرچە ئاددىي تارىخ ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىدىن باشقىسىنى ياكى نامسىز شەخسلەردىن باشقىسىنى تىزىملىككە ئالمىغان بولسىمۇ!

بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر چېتىدە تۇرغان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى «ئىنسانىي ئاجىزلىقلار» ھالەتلىرىدىن بولغان، تەلەپ قىلىنغان ياكى رىغبەتلەندۈرۈلگەن ئۇلۇغۋار قىممەتلەردىن چۈشكۈنلىشىپ كېتىش، چۈشۈپ كېتىش ھالەتلىرىدىن بولغان نەمۇنىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسەت قىلىمىز. بۇنداق قىلىشىمىز بۇ جەمئىيەتكە ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ھەممىسىدە، بىر تەرەپتىن پۈتۈن ھالەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەمەلىي بولغان، رېئال بولغان كۆرۈنۈش ـ سۈرەتنى بېرىش ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە خاس نەپسىلىرى ئۈچۈن يۈزلىنىشلىرىدە ۋە ئىنسانىيەت رېئاللىقلىرىغا خاس يۈزلىنىشلىرىدە ئىسلامنىڭ ھەقىقەتەن رېئالىزم نىزامى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇتۇپ قويۇش ئۈچۈنكى، ئىسلام ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ تاقەتلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا زورلىمايدۇ. ئۇلارغا مەڭگۈ چۈشۈپ كەتمەيدىغان، مەڭگۈ

چۈشكۈنلەشمەيدىغان ئۈستۈنلۈك، روھىي يۈكسەكلىكنى ئۇلارغا داۋاملىق تاپشۇرمايدۇ ۋە ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت، ئۆزگەرمەس ئۆلچەم قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار بولۇشلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىيەتلىكلىرىنى، ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ خاسلىقلىرىنى بىكار قىلىشنى، ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلاردىن ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان، چامى يېتىدىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۈچىنچى تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرگە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ۋاقىتلىق دۇچ كەلگەن ئاجىزلىق لەھزىلىرىگە ئىسلامنىڭ قانداق تاقابىل تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنكى، بۇ زەئىپلىك كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى زېمىن ئېغىرچىلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە جەلب قىلغۇچىلىرى سەۋەبلىك ۋاقىتلىق دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر بولۇپ، ئىسلام ئۇنىڭغا چارە قىلىشقا، نەپسلەرنى ئۆزلۈكتىن ھالقىتىپ يېڭىدىن روھىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە، ئۇلارنى ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈشكە، ئاندىن ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرگەن سەۋىيەگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قانداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق. بىز بۇ نەمۇنىلەرنى ھازىر بىزلەرگە بەلگىلىك، مەقسەتلىك ھالدا تەرتىپسىز ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك ئوتتۇرىغا قويىمىز.

بىر كۈنى يېزىلىق بىر ئادەم كېلىپ رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ تىن بىر نەرسە سورىدى. ئۇنىڭغا سورىغان نەرسىسىنى بەرگەندىن كېيىن: «مەن ساڭا ياخشىلىق قىلدىممۇ؟» دەپ سورىدى. ھېلىقى ئەئرابى: «ياق، ياخشىلىق تۇگۇل چىرايلىق قىلالمىدىڭ؟» دېدى. ئەئرابىغا مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ، ئۇنىڭ تەرىپىگە ئورنىدىن دەس تۇردى. رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ: «بولدى قىلىڭلار» دەپ ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە ھېلىقى سەھرالىق ئادەمگە ئادەم ئەۋەتىپ بۇرۇن بەرگەن نەرسىلەرگە ئازراق قوشۇپ بەردى. ئاندىن: «مەن ساڭا خەيرى-ئېھسان قىلدىممۇ؟» دېدى. ھېلىقى ئادەم: «ھەئە، ئاللاھ ساڭا مەن، ئەھلى-ئەۋلادىم ۋە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىم تەرىپىدىن ياخشى مۇكاپاتلار بەرسۇن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە ئېيتتى: «سەن بايامقى گەپلەرنى دەپ ساھابىلىرىمنىڭ كۆڭلىدە غوم قالدۇردۇڭ. ئەگەر ماڭا ھازىر ئېيتقان سۆزلىرىڭنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېيتىشنى ياخشى كۆرسەڭ، ئۇلار ئالدىدا ئېيتقىن. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ساڭا بولغان ئۆچمەنلىك يوقالسۇن» دېدى. ئەئرابى: «ئەلۋەتتە بولىدۇ. مەن دېگەنلىرىدەك قىلاي» دېدى ۋە ئەتىسى ئەتىگىنى كەلدى. پەيغەمبەر ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ئۇلارغا: «بۇ يېزىلىق ئادەم تۈنۈگۈن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ غەزىپىڭلارنى كەلتۈرىدىغان سۆزلەرنى ئېيتقانىدى. بىز ئۇنىڭغا ئازراق نەرسە قوشۇپ بەردۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداقمۇ؟» دېدى. ئەئرابى: «ھەئە، ئاللاھ ساڭا مەن، ئەھلى-ئەۋلادىم ۋە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىم تەرىپىدىن ياخشى

مۇكاپاتلارنى بەرسۇن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ : «ھەقىقەتەن مېنىڭ ۋە بۇ ئەئرابىنىڭ مىسالى تۆگىسى قېچىپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. كىشىلەر بۇ ئادەمگە تۆگىسىنى تۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئارقىسىدىن قوغلايدۇ، قوغلىغانسېرى تۆگە تېخىمۇ بەكرەك قاچىدۇ، ھۈركۈيدۇ. تۆگىنىڭ ئىگىسى ئۇلارنى چاقىرىپ: ‹خالايىق، تۆگەم بىلەن مېنىڭ ئارامنى خىلۋەت-بوش قويۇڭلار، يەنى بىر چەتتە تۇرۇڭلار! مەن ئۇنى كۆندۈرۈۋالىمەن ۋە ئۇنى قانداق تىزگىنلەشنى بىلىمەن› دەيدۇ ۋە تۆگىنىڭ ئىگىسى يەردىن بىر سىقىم ئوت-چۆپ ئېلىپ، تۆگىسى ئالدىغا ماڭىدۇ ۋە ئۇنى ئاستا-ئاستا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ھەتتاكى، قېشىغا ئەكىلىپ چۆكتۈرىدۇ، ئىگەر-جابدۇقلىرىنى باغلايدۇ، ئۈستىگە بىخارامان مىنىۋالىدۇ. ئەگەر مەن سىلەرنى بۇ ئادەمنىڭ دېگەن سۆزىگە قارىتا ئۆز مەيلىڭلارغا قويۇۋەتسەم، سىلەرنى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىسىلەر، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ» دېدى.

---

ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم، بۇخارى ــــ ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن ــــ قاتارلىقلار زوھري ــــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ــــ نىڭ ھەدىس بايان قىلىش ۋارىيانتى يولىدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: ماڭا ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب ئىبنى مالىك خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن كەئب ئىبنى مالىك ــــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ــــ نىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئاتىسىنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغاندا، ئۇنى يېتىلەپ يۈرۈپ باققان كىشى ئىدى. كەئب

ئىبنى مالىك ــــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ــــ تەبۇك غازىتىدا رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ تىن ئايرىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيتتى: مەن تەبۇك غازىتىدىن باشقىا پەيغەمبەر ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ ئېلىپ بارغان غازاتلارنىڭ بىرەرسىدىن ئايرىلىپ باقمىغانىدىم. مەن بۇ قېتىم تەبۇك غازىتىدىن ئايرىلىپ قالغان چېغىمدىكىدەك ئاللاھ يولىدا غازات قىلىش ئۈچۈن شارائىتلىرىم تولۇق، كۈچلۈك ۋە مەندىن قولايلىقراق بىرەر كىشى بولمىغانىدى. ئاللاھ نامىدىن قەسەم ئىچىمەنكى، مەن تەبۇك غازىتىدىن بۇرۇن ئىككى دانە ئۇلاغقا ھەرگىز ئىگە ئەمەس ئىدىم. مانا بۇ غازات ئەسناسىدا ئىككى ئۇلاغقا ئىگە بولدۇم. باشقا لازىمەتلىكلىرىممۇ تولۇق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ تەبۇك غازىتىدىن ئىلگىرىكى بارلىق غازاتلارنى كىشىلەردىن مەخپىي تۇتۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىن خەۋەر تېپىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. ئەمما، تەبۇك غازىتىدا ئۇنداق قىلمىدى. چۈنكى، بۇ ياز پەسلى بولۇپ، پىژغىرىم ئىسسىق، ئەتراپ دىمىق، تونۇرنىڭ تەپتى كېلىدىغان چاغ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەپەر مۇساپىسى ئۇزۇن، دۈشمەن سانى كۆپ بولغاچقا، مۇسۇلمانلارغا ئىشنىڭ ئوچۇق بولغىنى سەپەر تەييارلىقلىرىنى پۇختا ھەم تولۇق قىلىۋالغىنى ياخشى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا مەقسەت ئوچۇق ئۇقتۇرۇلدى. پەيغەمبەر ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ بىلەن بىرلىكتە تەييارلىققا ئاتلانغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى تىزىملىككە، روھىي خەتكە ئالغان بىرەر كىتاب يوق».

كەئــب ـــ ئــالLاھ ئۇنـڭــدىن رازى بولــسۇن ـــ يەنە ئېيتىدۇ: ئەگەر بىرەر ئادەم بۇ غازاتقا چىقماي ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشنى ئويلىسا، مادامىكى ئۇ كىشى ھەققىدە ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھيي چۈشمىسىلا، توپلانغان كىشىنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇ كىشى ئۆزىنى مەخپىي قالىمەن، ئايرىلىپ قالغانلىقىم چېنىپ قالمايدۇ دېگەن ئويدا بولاتتى.

رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ بۇ غازاتنى مېۋىلەر پىشاي دەپ قالغان، كۆڭۈلگە سايە ۋە سالقىن جايلار خۇش ياقىدىغان چاغدا ئېلىپ باردى. مېنىڭ كۆڭلۈممۇ شۇنى تارتىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ باشچىلىقىدا بارلىق مۇسۇلمانلار غازات قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش ۋە سەپەر تەييارلىقلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئەتىگەن بارىمەنۇ، ھېچقانداق بىر ئىشنى پۈتتۈرمەستىن لاغايلاپ يۈرۈپ قايتىپ كېلىمەن. مەن ئۆز كۆڭلۈمدە ئۆزۈمگە دەيمەن: «مىنىدىغان ئۇلاغلىرىم تەييار ھەم بۇلار يارامىلىق، سەپەر لازىمەتلىكلىرىم تولۇق، ھەر جەھەتتىن قىسىلىدىغان يېرىم يوق، ماڭاي دېسەملا قوپۇپ ماڭالايمەن». پەيغەمبەر ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەرەپ-تەرەپتىن جىھادقا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن پىدائىيلارنىڭ تەييارلىقى پۈتكىلى تۇردى. مېنى «بۈگۈن تەييارلىق قىلىمەن، ئەتە تەييارلىق قىلىمەن، ئۆگۈن تەييارلىق قىلىمەن، ھېچ بولمىسا ئۇلار مېڭىشتىن بۇرۇن تەييارلىقىمنى پۈتتۈرۈپ بولىمەن» دېگەن ئوي-خىياللىرىم پەسكۈيغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ تەييارلىقى پۈتتى ۋە پۈتۈن لىنىيە، پۈتۈن سەپ بويىچە ئاللاھ يولىدىكى جىھادقا

ئاتلاندى. مەن ئويلىدىم: «ئېتىم يارام، بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن سەپەرگە ئاتلانسام، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋالىمەن»، كاشكى! شۇنداق قىلغان بولسامچۇ؟ ماڭا بۇنداق قىلىش نېسىپ بولمىدى. پەيغەمبەر ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ باشچىلىقىدىكى قەھرىمان مۇجاھىدلار مەدىنىدىن چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئاتلاندىم.

مەدىنىدە مەن مۇناپىقلىق كېسىلى بارمىكىن دەپ گۇمان قىلىدىغان بىر بۆلۈك ئادەملەر، ئاللاھ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغان ئاجىز مويسىپىتلار، قېرىلار، مېيىپلار، ئاياللار، كىچىك بالىلار ۋە پەيغەمبەر ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ ۋەزىپە تاپشۇرغان كىشىلەردىن باشقا تونۇيدىغان ئادەم قالماپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ قاتتىق قايغۇردۇم. ئىچىم سىقىلدى، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ تەبۇككا بېرىپ بولغۇچە مېنى ئېسىگە ئالماپتۇ. تەبۇكتىكى بارگاھىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ئىچىدە ئولتۇرۇپ مېنى سۈرۈشتۈرۈپ: «كەئبى ئىبنى مالىك نېمە قىلدى؟ مەن ئۇنى ئارىمىزدا كۆرمەيۋاتىمەن؟» دەپتۇ. بەنى سەلەمە ئايمىقىدىن بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى پاراۋان تۇرمۇش راھەت-پاراغەتكە مەپتۇن قىلغان گەپ، ئۇنىڭ ھورۇنلۇقى، بوشاڭلىقى، نوچىلىقى بىز بىلەن بىللە غازاتقا قاتنىشىشتىن توختىتىپ قويدى» دەپتۇ. مۇئاز ئىبنى جەبەل ئۇ ئادەمگە: «سەن ئەجەب يامان گەپ قىلدىڭا! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئۇنىڭدىن پەقەت ياخشىلىقنى بىلىمىز، ئۇ مۇناپىقلىق يۈزىسىدىن ئەمەس، پەقەت بىرەر سەۋەبتىن بىزدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇشى

مۇمكىن» دەپتۇ. پەيغەمبەر ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ئۇندىمەپتۇ.
كەئب ئىبنى مالىك ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ يولدا تەبۇكتىن قايتىپ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئۇقتۇم. كۆڭلۈم تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ ئالدىدا يالغان ئېيتىپ قۇتۇلۇشنى ئويلىدىم ۋە دېدىمكى: «ئەي كەئب ئىبنى مالىك! توختا! رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدىغۇ يالغان ئېيتىپ، يوق باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قۇتۇلارسەن، ۋەھىي چۈشۈپ ئەپتى ـ بەشىرەڭنى ئېچىپ تاشلىسا، ئەتە ئۇنىڭ نارازىلىقىدىن نېمىلەر بىلەن قۇتۇلارسەن؟». بېشىم قاتتىق، بۇ ئىش توغرىلىق ئائىلەمدىكى پىلان ـ تەدبىرى بارلاردىن مەسلىھەت سورىدىم. ماڭا بۇ ئىشتا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندۈم. يۈرىكىم ھېچ ئىزىغا چۈشىدىغاندەك ئەمەس. رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ مەدىنىگە تېخىمۇ يېقىنلاپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئۇققىنىمدا مەندىكى باتىل، ساختىلىقنىڭ ھەممىسى يوقۇلۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەرسە بىلەن ئەبەدىي قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى، پەقەت راست گەپ قىلمىسام بولمايدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم. پەيغەمبەر ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ يېتىپ كەلدى. ئۇ سەپەردىن قايتىپ كەلسە، ئۇدۇل مەسجىدكە كېلەتتى. ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەرگە يۈزلىنەتتى. ئۇ بۇرۇنقى ئادىتىكىدەك، مەسجىدتە ئولتۇرغاندا غازاتتىن ئايرىلىپ قالغۇچىلار كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىشقا، باھانە ـ سەۋەبلەر كۆرسىتىشكە ۋە ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا قەسەم ئىچىشكە باشلىدى. ئۇلار سەكسەن نەچچە ئادەم ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ئۇلارنىڭ سىرتقى تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن بەيئەت ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلىدى. ئىچكى دۇنياسىدىكى مەخپىيەتچىلىكلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇردى. تاكى مەن كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، ئۇ سالامىمنى سوغۇققىنە، غەزەپلەنگۈچىنىڭ كۈلۈشىدە كۈلۈپ قايتۇردى. ئاندىن: «قېشىمغا كەلگىن» دېدى. ئاستا مېڭىپ قېشىغا كېلىپ ئالدىدا ئولتۇردۇم. ئۇ ماڭا: «سېنى غازاتقا چىقىشتىن نېمە ئايرىپ قويدى؟ سەن ئاتايەن غازات ئۈچۈن ئۇلاغ سېتىۋالغان ئەمەسمىدىڭ؟» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر مەن سەندىن باشقا دۇنيا ئىنسانلىرى ئىچىدىن قايسى بىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بولسام، ئۇنىڭ نارازىلىقى ۋە غەزىپىدىن ئۆزرە ـ باھانە ئېيتىپ قۇتۇلۇپ كېتەر ئىدىم. ئۇنىڭغا گەپ ـ سۆز قىلىش پۇرسىتى بەرمەس ئىدىم. مەن مۇشۇ جەھەتتىكى قابىلىيەت ئىگىسى. لېكىن، مەن ئاللاھ نامىدىن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، سېنىڭ ئالدىڭدا بۈگۈن يالغان سۆزلەپ سېنى رازى قىلارمەن، ئەمما ئاللاھ مېنىڭ ساڭا يالغان ئېيتقانلىقىمدىن سېنى خەۋەردار قىلىپ مەندىن نارازى قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر بۈگۈن مەن ساڭا راست سۆزلەپ سېنى نارازى قىلىشىم تۇرغانلا گەپ، مەن ئاللاھنىڭ مېنى ئاقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاللاھ نامىدىن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ ئۆزرەم، باھانە ـ سەۋەبلىرىم يوق ئىدى. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەندىن ئايرىلىپ قالغان بۇ قېتىمقى غازاتتىكىدەك شارائىتىم تولۇق، ئۇلاغلىرىم يارام، سەپەر لازىمەتلىرىم تەل بولۇپ باققان ۋاقتىم يوق» دېدىم. پەيغەمبەر ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ : «ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇ

ھەقىقەتەن راست گەپ قىلدى. ئۇرنىڭدىن تۇرغىن، تاكى سىپنىڭ توغراڭدا ئاللاھ ھۆكۈم قىلغۇچە كۈتۈپ تۇرغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. بەنى سەلەمە ئايمىقىدىن بىر توپ كىشى كەينىمگە كىرىۋېلىپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز سىپنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغىنىڭنى بىلمەيمىز. سەن رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — غا باشقا ئايرىلىپ قالغۇچىلار ئۆزرە ئېيتقاندەك ئۆزرە ئېيتىشتىن ئاجىز كەلدىڭمۇ؟ سىپنىڭ گۇناھىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىستىغپار ئېيتىشى كۇپايە قىلاتتىغۇ؟» دېيىشىپ كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ تولا كايىشلار قىلغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ بايا دېگەن سۆزلىرىمدە ئۆزۈمنى يالغانچى قىلىشنى ئويلىدىم ۋە ئۇلاردىن سورىدىم: «مەن ئۇچراشقان بۇ ئەھۋالغا مەن بىلەن بىر قاتاردا ئۇچراشقان يەنە باشقا كىشىلەرمۇ بارمۇ؟». ئۇلار: «ھەئە، ئىككى ئادەم بار، ئۇلارمۇ سەن دېگەندەك دەپ ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. ئۇ ئىككىسىگىمۇ ساڭا دېگەن گەپلەر دېيىلدى» دېيىشتى. مەن ئۇلاردىن: «ئۇ ئىككى ئادەم كىم؟» دەپ سورىدىم. ئۇلار: «مۇرارە ئىبنى رەبىئ بىلەن ھىلال ئىبنى ئۇمەييەتۇلۋاقىفى» دېيىشتى ھەمدە بۇ كىشىلەرنىڭ بەدرى غازىتىغا قاتناشقان سالىھ كىشىلەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ماڭا نىسبەتەن ئۇ ئىككىسىدە گۈزەل ئۈلگىلەر بار ئىدى. مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ بارلىقىنى ئۇققىنىمدا ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇردۇم.

كەئب ئىبنى مالىك يەنە ئېيتىدۇ: ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — غازاتتىن ئايرىلىپ قالغان بىز ئۈچ نەپەر كىشىگە

كىشىلەرنىڭ گەپ قىلىشىنى چەكلىدى. كىشىلەر بىزدىن قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار بىزگە باشقىچە ئۆزگىرىۋالدى. كۆڭلۈم سىقىلدى، كەڭ ئالەم تار تۇيۇلدى، ھەتتاكى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا تۇپراققا قارىدىم، ئۇنى تونۇيالماي قالدىم. ئۇ مەن بىلىدىغان تۇپراق ئەمەس، خۇددى تۇپراقمۇ مەندىن يىراقلاۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. بۇ ئەھۋال بىزگە ئەللىك كېچە-كۈندۈز داۋاملاشتى. ئەمما، مېنىڭ ئىككى ھەمراھىم ئۆيلىرىنىڭ بۇجىكىگە قامىلىپ سىرتقا چىقماي، قايغۇ-ھەسرەت بىلەن ئولتۇراتتى. ئەمما، مەن بولسام كىشىلەرنىڭ كۈچلۈكى ھەم مەزمۇتى بولغىنىم ئۈچۈن سىرتقا چىقاتتىم. مۇسۇلمانلار بىلەن جامائەت نامىزىغا قاتنىشاتتىم، بازارلارنى ئايلىناتتىم. ماڭا ھېچكىم گەپ قىلمايتتى. نامازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغان جايغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلاتتىم. كۆڭلۈمدە سالام قايتۇرۇش بىلەن كالپۇكى مىدىرلامدۇ-مىدىرلىمامدۇ؟ دەپ ئۆزۈمچە پىچىرلايتتىم. ئۇنىڭغا يېقىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتۇم. ماڭا بولغان كۆزىتىشىنى ئوغرىلىقچە ئاستىرىتتىن مارايتتىم. نامازغا تۇرغىنىمدا ماڭا قارايتتى. مەن قارىسام باشقا تەرەپكە يۈز ئۆرۈيتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىزنى تاشلىۋەتكىنىگە ئۇزۇن بولغانسېرى كۆڭلۈم تېخىمۇ بىئارام بولۇشقا باشلىدى. بىر كۈنى تاغامنىڭ ئوغلى ئەبۇ قەتادەنىڭ تېمىغا يامىشىپ چىقتىم. ئۇ كىشىلەر ئىچىدە مەن ئەڭ دوست تۇتىدىغان ئادىمىم ئىدى. ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، سالام قايتۇرمىدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئەي ئەبۇ قەتادە، ئاللاھ تائالانى ئارىغا سالىمەنكى، مېنىڭ ئاللاھنى ۋە پەيغەمبەرنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىغىنىمنى بىلەمسەن؟» دېدىم. ئۇ لام-جىم دېمەي جىم تۇردى. سۆزۈمنى ئۈچ قېتىم

تەكرارلىدىم. ئاخىرقى قېتىم: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىغىنىمنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى. كۆزۈمدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى. تامدىن چۈشۈپ كېتىپ قالدىم. بىر كۈنى مەدىنە بازىرىدا كېتىۋاتسام، يېمەك-ئىچمەك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئۈچۈن شامدىن مەدىنە بازىرىغا كەلگەن ئاشلىق سودىگەرلىرىدىن بىرى مېنى سۈرۈشتۈرۈپ: «كىم مېنى كەئب ئىبنى مالىك قېشىغا باشلاپ بارىدۇ؟» دەۋېتىپتۇ. كىشىلەر مېنى ئۇنىڭغا ئىشارە قىلىپ كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ كىشى يېنىمغا كېلىپ قويىنىدىن ماڭا غەسسان پادىشاھلىقى يازغان خەتنى بەردى. مېنىڭ ساۋادىم بولۇپ خەت ئوقۇيالايتتىم ھەم يازالايتتىم. خەتتە مۇنداق دەپتۇ: «سالام ساھەتتىن كېيىن: بىزگە سېنىڭ بۇرادىرىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى)نىڭ ساڭا جاپا-مۇشەققەتلەر سالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر يېتىپ كەلدى. ئاللاھ ساڭا ئۆز يۇرتۇڭدا خار بولۇشنى، ئۆز ھويلاڭدا زايا بولۇشنى ئورۇنلاشتۇرمىدى. قېشىمىزغا كەلگىن، ھال-ئەھۋالىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمىز، ئەتىۋارىڭنى قىلىمىز» دەپ يېزىلىپتۇ. خەتنى ئوقۇغىنىمدا كۆڭلۈمدە: «بۇ ماڭا كېلىدىغان بالانىڭ يەنە بىرسى بولدى» دەپ ئويلىدىم. خەتنى تونۇرغا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتتىم. بىزگە باشقىلارنىڭ گەپلەشمەسلىكى چەكلەنگەن ئەللىك كۈندىن قىرىق كۈن ئۆتكەندە قېشىمغا رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — نىڭ ئەلچىسى كېلىپ: «رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — سېنى ئايالىڭدىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا بۇيرىدى» دېدى. مەن: «ئۇنىڭدىن ئاجرىشامدىم، نېمە قىلىمەن؟» دېدىم. ئۇ: «ياق، تالاق

قىلمايسەن، بەلكى ئۇنىڭدىن ئايرىلسەن، ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايسەن» دېدى. مېنىڭ ئىككى ھەمراھىمغىمۇ مۇشۇ بۇيرۇق بىلەن ئادەم ئەۋەتىلىپتۇ. مەن ئايالىمغا: «ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قېشىغا بارغىن، بۇ ئىشقا ئاللاھ ھۆكۈم قىلمىغۇچە ئۇلارنىڭ يېنىدا بولغىن» دېدىم. ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھىلال ئۆز ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان قېرى ئادەم، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغۇدەك ئادەم يوق، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ماڭا رۇخسەت قىلامسەن؟ ياكى ئۇنداق قىلىشىمنى يامان كۆرەمسەن؟» دەپ سوراپتۇ. رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ : «ياق، يامان كۆرمەيمەن، لېكىن ئۇ ساڭا يېقىنلاشمىسۇن» دەپتۇ. ئايال: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدا ماڭا يېقىنلاشقۇدەك ماجال يوق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ سەن ئۇلارغا جازا يۈرگۈزگەن كۈندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر يىغلاپ ھالىدىن كەتتى» دەپتۇ. بەزى يېقىنلىرىم ماڭا پەيغەمبەر ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ نىڭ يېنىغا بېرىپ ئايالىمنى قايتۇرۇپ كېلىشكە رۇخسەت سورىشىمنى، ئۇنىڭ ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايالىغىمۇ ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى ئېيتىشتى. مەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئايالىمنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىلىق ئۇنىڭدىن رۇخسەت سورىمايمەن. ھىلال قېرى بولغانلىقتىن رۇخسەت بەرگەن بىلەن مەن تېخى ياش يىگىت، ماڭا نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېدىم.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىزگە كىشىلەرنىڭ گەپ قىلىشى چەكلەنگەنلىكىنىڭ ئەللىكىنچى كۈنى ئەتىگىنى بامدات

نامىزنى ئۆيۈمنىڭ ئۆگزىسىدە ئوقۇدۇم. نامازدىن كېيىن ئاللاھنى ئەسلەپ ئولتۇردۇم. ئىچىم قاتتىق سىقىلغان، شۇنچە بىپايان كەڭ زېمىنمۇ تار تۇيۇلۇشقا باشلىغانىدى. شۇ ئەسنادا سەلئى تېغى ئۈستىدىن ئۆزىنىڭ تولۇق يۇقىرى ئاۋازى بىلەن: «ئەي كەئب ئىبنى مالىك!؟ خۇش مۇبارەك» دېگەن نىدا ئاڭلاندى. مەن سەجدىگە باش قويدۇم. ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار ئېيتتىم. ئازادچىلىكنىڭ كەلگىنىنى ئۇقتۇم. كىشىلەر بىزگە خۇشخەۋەر بېرىشكە باشلىدى. ئىككى ھەمراھىم تەرەپكىمۇ بىشارەت بەرگۈچىلەر بېرىپتۇ. مەن تەرەپكىمۇ بىر كىشى ئات چاپتۇرۇپ، ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر ئادەم پىيادە يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇلار كېلىشتىن بۇرۇن سەلئى تېغى ئۈستىدە تۇرۇپ ئۈنلۈك توۋلىغان ئەۋفا دېگەن كىشىمۇ يېتىپ كەلدى. ئاۋاز ئاتتىن چاققان چىقتى. ماڭا ئاۋازى ئارقىلىق خۇش بېشارەت بەرگەن ئەۋفا كەلگەندە ئۇنىڭغا كىيىملىرىمنى سېلىپ، ماڭا بەرگەن خۇشخەۋىرى ئۈچۈن سۆيۈنۈپ كەيدۈرۈپ قويدۇم. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا بەرگىلى ئۈستۈمدىكى كىيىممىدىن باشقا ياخشىراق بىرەر نەرسە تاپالمىغانىدىم. باشقىلاردىن ئىككى كىيىم ئارىيەت ئېلىپ كەيدىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭدىم. يولدا كىشىلەر توپ-توپ بولۇشۇپ تەۋبەمنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى تەبرىكلىشىپ: «ئاللاھنىڭ تەۋبەڭنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن سېنى تەبرىكلەيمىز، خۇش مۇبارەك بولسۇن!؟» دېيىشەتتى. ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. مەسجىدكە كىردىم. رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — كىشىلەر ئارىسىدا

ئۇلتۇرغانىكەن. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدە مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە مېنى تەبرىكلىدى. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مۇھاجىرلار ئىچىدىن ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىدى. مەن تەلھەنىڭ ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقىنى مەڭگۈ ئونۇتمايمەن.

كەئىب يەنە ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ قا سالام قىلدىم. ئۇنىڭ مۇبارەك چىرايى خۇشاللىقتىن جىلۋىلىنىپ كەتتى ۋە: «ئاناڭ سېنى تۇغقان كۈندىن باشلاپ ساڭا ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن خۇشخەۋەر تاپقىن!» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ خۇشخەۋەر سەن تەرەپتىنمۇ ياكى ئاللاھ تەرەپتىنمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ياق، مەن تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەرەپتىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ بىرەر ئىشتىن خۇش بولسا چىرايى خۇددى تولۇن ئاينىڭ بىر پارچىسىدەك نۇرلىنىپ كېتەتتى. بىز ئۇنى شۇنىڭدىن ئۇقۇۋالاتتۇق. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ مېنىڭ تەۋبەمنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكۈمنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن سەدىقە قىلىۋەتتىم (سىلى ئۇنى تېگىشلىك جايلارغا سەرپ قىلسىلا)» دېدىم. ئۇ ماڭا: «مال ـ مۈلۈكۈڭنىڭ بىر بۆلىكىنى ئۆزۈڭگە ئېلىپ قالغىن، بۇ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېدى. مەن: «خەيبەردىكى ئۈلۈشۈمنى ئېلىپ قالاي. ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنى راستچىللىق ئارقىلىق قۇتقۇزدى. مېنىڭ تەۋبەمنىڭ راستچىللىق يۈزىسىدىن قوبۇل قىلىنغىنى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمغىچە راست گەپ قىلىمەن» دېدىم. ئاللاھ

بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ قا راستچىللىق توغرىسىدا ئەھدى بەرگەن كۈندىن بىرى ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچبىرىنى راستچىللىق توغرىسىدا مېنى سىنىغاندەك سىنىغىنىنى بىلمەيمەن. مەن رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ گە راست گەپ قىلىمەن دېگەن كۈندىن باشلاپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يالغان ئېيتىشنى ئويلاپ باقمىدىم. ئاللاھنىڭ مېنى قالغان ئۆمرۈمدە يالغانچىلىق قىلىشتىن ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىبنى ئىسھاق ھىجرىيىنىڭ 6- يىلى شەئبان **مۇرەيئى** ئاھالىسى ئۈستىگە ئېلىپ بېرىلغان بەنى مۇستەلەق غازىتى توغرىلىق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ①: رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىنمۇ تېخىچە مۇرەيئى (سۇنىڭ نامى) بويىدىن ئايرىلمىغانىدى. قوشۇننىڭ سۇ توشۇغۇچىلىرى كېلىپ-كېتىپ جەددىي سۇ توشۇۋاتاتتى. سۇ توشۇغۇچىلار ئىچىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ جەھجاھۇلغىفارى ئىسىملىك بىر خىزمەتكارى بولۇپ، ئۇ سىنان ئىبنى ۋەبرىل جۇھەينى بىلەن نۆۋەت تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالدى. نەتىجىدە سىنانۇلجۇھەينى: «ئەنسار بولساڭ كەل» دەپ توۋلىدى. جەھجاھ: «مۇھاجىر بولساڭ كەل» دەپ ياردەمگە ئادەم چاقىردى. ئىككى تەرەپتىن كۈتۈلمىگەن يامان ئاقىۋەت كۆرۈلگىلى تاس قالدى. رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ بۇنى ئاڭلاپ: «جاھىلىيەتچە

① تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىغا قاراڭ.

تەرەپبازلىق دەۋالىرىنى يەنە كۆتۈرۈپ چىقامسىلەر؟ ئۇ سۇنى تۆكۈۋېتىڭلار، ئۇ سېسىق ئىكەن» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بۇ جېدەل-ماجىرانىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلاپ خالاپ بولۇپ، بىر توپ خەزرەجلىك كىشىلەر ئالدىدا (ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئمىن بالا زەيد ئىبنى ئەرقەممۇ بار ئىدى): «جىلباب كىيگەن قۇرەيشلىكلەر (مۇناپىقلار مۇھاجىرلارنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن شۇنداق ئاتايتتى) شۇنداق قىلدىمۇ تېخى؟! بىز ئۇلارنى يۇرتىمىزغا چۈشۈردۇق، ئۆي-ماكانلىرىمىزغا باشلىدۇق. ئەمدى ئۇلار بىزنى ئۇرغىدەك بوپتىمۇ؟! ‹ۋاپاغا جاپا›، ‹ئىت باقسام سەمرىگەندى، مېنى چىشلىدى› دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ خۇدا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز مەدىنىگە قايتىپ بارغان هامان ئۇلارنى مەدىنىدىن چوقۇم قوغلاپ چىقىرىمىز» دېدى. ئاندىن يەنە ئەتراپىدىكىلەرگە تاپا-تەنە قىلىپ: «بۇ خورلۇقنىڭ هەممىسىگە ئۆزۈڭلار سەۋەبچى بولدۇڭلار، ئۇلارنى يۇرتۇڭلارغا باشلاپ كەلدىڭلار، ماللىرىڭلارنى تەڭ بۆلۈشتىڭلار. قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارغا هېچنەرسە بەرمىگەن بولساڭلار ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە باشقا يەرگە كېتەتتى» دېدى. زەيد ئىبنى ئەرقەم بۇ مۇناپىقتىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى دەرهال كېلىپ رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاهنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ نى خەۋەرلەندۇردى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاهنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ نىڭ يېنىدا ئۇمەر ئىبنى خەتتاب ــــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ــــ مۇ بار ئىدى. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبباد ئىبنى بەشىرنى بۇيرىغىن، بۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئالسۇن» دېگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۆمەر! كىشىلەر سۆز تارقىتىپ مۇھەممەد ئۆز ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ» دېسە بولامدۇ؟ هەرگىز

ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن، سەن دەرھال قوزغىلىش بۇيرىقى ئېلان قىلغىن» دېدى. بۇ ئادەتتە يول يۇرۇش ناھايىتى بىئەپ ۋاقىت ئىدى. پەرمانغا ئاساسەن قوشۇن قوزغىلىپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى ۋە ئۇنىڭدىن بۇنداق غەيرى ۋاقىتتا يولغا چىقىش بۇيرىقى بېرىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى. رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ : «سەن ھېلىقى جەمەتىڭدىكىلەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقتۇڭمۇ؟» دېدى. ئۇسەيد: «نېمە دەپتۇ؟» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ : «ئۇ مەدىنىگە قايتىپ بارغاندا مۇھاجىرلارنى قەتئىي قوغلاپ چىقىرىمەن دەپ يۇرۇپتىغۇ» دېدى. ئۇسەيد: «بەلكى، سەن ئى رەسۇلۇللاھ! خالىساڭ ئۇنى مەدىنىدىن قوغلاپ چىقىرالايسەن. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ھەقىقەتەن خار-زەبۇن، سەن ئەزىز، تولىمۇ ھۆرمەتلىكتۇرسەن» دېدى. ئاندىن يەنە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭغا ئىللىق مۇئامىلە قىلغىن، مەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ ئادەملىرى (خەزرەجلىكلەرنى دېمەكچى) ئۇنىڭغا شاھلىق تاجى كەيگۈزۈش ئۈچۈن ئۇنچە-مەرۋايىت تىزىۋاتقاندا ئاللاھ بىزگە سېنى كەلتۈرۈپ بەردى. ئۇ ھازىر سېنى بولغۇسى شاھلىقىمنى تارتىۋالدى دەپ تەتۈر بېقىۋاتىدۇ» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ قوشۇن بىلەن شۇ كۈنى پۈتۈن بىر كۈن ۋە كېچىسى توختىماي يول يۇردى. ھەتتا ئەتىسى كۈن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن بىر مەنزىلگە چۈشكەنىدى. قوشۇن ئۇن-تىنسىز جىمجىت ئۇيقۇغا كېتىشتى. رەسۇلۇللاھ ـــ

ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ بۇنداق قىلىشى كىشىلەرگە بىكار پاراڭ سېلىشقا ئورۇن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئىدى. ئەمما، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆز گېپىنىڭ زەيد ئىبنى ئەرقەم ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ گە يەتكۈزۈلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە: «ئۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچى بولمىدىم، ھەتتا كۆڭلۈمگىمۇ كەلتۈرمىدىم» دەپ ئاللاھ تائالانى ئارىغا سېلىپ قەسەم ئىچتى. ئۇنىڭ بىللە بىللە كەلگەن ئەنسارلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! زەيد ئىبنى ئەرقەم تېخى كىچىك بالا، ئۇنىڭ گېپىنى ياخشى ئاڭلىيالماي خاتا ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئۇنىڭ قەسىمىنى قۇۋۋەتلىدى.

ئاللاھ تائالا بۇ مۇناپىقنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئايەت چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغاندا، رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ مەمنۇنىيەت بىلەن زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ: «مانا بۇ بالا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلدى» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي شۇ دەرىجىدە ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىكى، بۇ توغرىدا ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئاسىم ئىبنى ئۇمەر ئىبنى قەتادە سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! دادام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ ساڭا قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىڭ توغرىلىق خەۋەر كەلدى. ئەگەر ھەقىقەتەن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولساڭ، مېنى

بۇيرىغىن، كاللىسىنى ئالدىڭغا ئېلىپ كېلەي. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خەزرەجلىكلەر ئاتىسىغا بەك كۆيۈنىدىغان ۋە ياخشىلىق قىلىدىغان مەندىن باشقا بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇنى مەندىن باشقا بىرەر كىشىنى بۇيرۇپ ئۆلتۈرگۈزسەڭ دادامنىڭ قاتىلىنىڭ كىشىلەر ئىچىدە هايات يۈرگىنىنى كۆرمەي كەلمەي بىر كاپىرنىڭ بەدىلىگە بىر مۆئمىننى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ئەبەدىلئەبەد دوزاخقا كىرىپ كېتىشىم مۇمكىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — : «ياق، ئاتاڭنى ئۆلتۈرمەيمىز، بەلكى ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىمىز، بىز بىلەن بىللە بولسىلا ئۇنىڭغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىمىز» دېدى.

ئىكرىمە، ئىبنى زەئد ۋە بۇ ئىككىسىدىن باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ قولىدا يالىڭاچلانغان قىلىچنى تۇتۇپ مەدىنىگە كىرىش يول ئېغىزىدا تۇرۇۋالدى. مەدىنىگە كىرمەكچى بولغان كىشىلەر ئۇنىڭ قىلىچى ئاستىدىن ئۆتمەي كىرەلمەيتتى. ئاتىسى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل يېتىپ كېلىۋىدى، ئوغلى: «ئارقاڭغا يان» دەپ قاتتىق تۇۋلاپ قىلىچ شىلتىدى. ئۇبەي ئوغلىغا: «ساڭا نېمە بولدى؟ ۋاي ئىسىت ساڭا، ماڭا نېمە مۇنچە قاتتىق تىكىلىسەن؟» دېگىلى تۇردى. ئوغلى: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — كېلىپ مەدىنىگە كىرىشىڭگە رۇخسەت قىلمىغۇچە سېنى مەدىنىگە كىرگۈزمەيمەن. كىمنىڭ ئەزىز ۋە هۆرمەتلىك، كىمنىڭ خار-زەبۇن ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — يېتىپ كەلدى

(ئۇ سەپەر ئۈستىدە قوشۇننىڭ ئارقىسىدا ماڭاتتى. ئارقىدا قالغان، ھارغان ـ تالغانلارغا ياردەملىشىپ، چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى ئېلىپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھالىغا يېتىپ ماڭاتتى). ئۇبەي ئوغلىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ قا شىكايەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ئۇنىڭ ئوغلىدىن نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئەزىز، ئۇ خار ـ زەبۇن، سەن ئۇنىڭغا مەدىنىگە كىرىشكە ئىجازەت قىلمىغۇچە مەن ئۇنىڭ كىرىشىگە يول قويمايمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بەردى. ئابدۇللاھ ئاتىسى ئۇبەيگە: «ھازىر كىرسەڭ بولىدۇ، رەسۇلۇللاھ كىرىشىڭگە رۇخسەت قىلدى» دېدى.

يۇقىرىقى بىر قاتار ۋەقەلەردىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى شۇ قەدەر رەسۋا بولدىكى، بەدبەخ بىرەر ۋەقە سادىر قىلسا، ئۇنىڭ دەككىسىنى ئۆز ئادەملىرى بېرىدىغان بولدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ئۆمەر ـــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـــ گە: «ئى ئۆمەر! ناۋادا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى دېگەن چېغىڭدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولساق، نارازىلىق كۆپ بولاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرىسام ئۇنى ھېچقانداق قارشىلىقسىز ئۆلتۈرىمىز. لېكىن، ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى» دېدى. ئۆمەر: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەن، ئەمدى بىلدىمكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى مېنىڭ

ئۆيلىغانلىرىمدىن كۆپ ھېكمەتلىك ۋە خەيرلىك ئىكەن»
دېدى.

«مانا بۇ ئابدۇللاھ (ئۇبەيىنىڭ ئوغلى)تىن ئاللاھ رازى بولسۇن، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ھەقىقىي مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۇلۇغۋار نەمۇنە بولۇپ، ئاتىسىنىڭ بەدبەخت مۇناپىقلىقىدىن ئىچى سىقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسلامغا قارشى مەيدان تۇرغىنىدىن خىجىل بولىدۇ. ئاتىسىغا قاتتىق مېھرىبان، كۆيۈمچان، كۈچلۈك مۇھەببەت قىلغۇچى ئوغۇلنىڭ غۇرۇرىدا ئىمان ئۆز ماھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىنى ئۇققىنىدا ئۇنىڭ قەلبىنى بىر-بىرىگە قارشى زىددىيەتلىك تۇيغۇلار چىرمىۋالىدۇ. ئۇ بۇ ئىددىيىۋى كۈرەشكە بايرىقى رۇشەن، مەيدانى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان ئىمان بىلەن قارشى تۇرىدۇ. ئۇ ئىسلام ئۈچۈن سۆيىدۇ ۋە ئۆچ كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان سۆيگۈ بىلەن، ئەگەر ئۇ ئۆز ئاتىسى ئۈستىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش مۇھابىبىتى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. لېكىن، بىرسى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كاللىسىنى ئالغاندىن كېيىن كۆز ئالدىدا ھايات يۈرۈشكە چىدىمايدۇ. نەپسىنىڭ ئۆزگە خىيانەت قىلىشىدىن قورقىدۇ. گۇرۇھۋازلىق شەيتىنىنىڭ ئۆزگە غالىپ بولۇۋالماسلىقى، قىساس، ئىنتىقام ئېلىشنىڭ سادالىرى ئۆزىنى ئەسەبىيلەشتۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، قوماندانىنىڭ ئالدىغا قەلبىنى چىرمىۋالغان بۇ ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش، جاپاسىنى تارتىۋاتقان خاپىلىقلارنى كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ياردەم سوراشقا بارىدۇ. ئەگەر دادىسىنى

ئۆلتۇرۇۋەتمەي مۇمكىن بولمايدىغان بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئۆزىنى بۇيرۇشنى ئۆتۈنىدۇ. ئەتائەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئىشقا ئۆزىدىن باشقىسىنى ئىشلەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاتىسىنىڭ قاتىلىنىڭ هايات يۈرۈشىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالماي بىر كاپىرنىڭ بەدىلىگە بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىنىڭ ئېهتىماللىقىنى، شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا كىرىپ كېتىشتىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

قەلب قەيەرگە يۈزلەنسۇن، قەلب قەيەرگە يۆتكەلسۇن، ئۇ مۇشۇنىڭدەك مەيداندا ھەقىقەتەن ئاجايىپ بىر ئىش بولۇپ، ئۇ ئىنسان قەلبىدىكى ئىماننىڭ ئاجايىپلىقىدۇر.

ئۇ رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ قا ئىنسانىيەت نەپسىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان قىيىن ئەمەلنى ـــ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش ئىشىنى ئۆزىگە قايتۇرۇشنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان نەرسىلەردە نىيىتى سەممىمىي، سادىق يىگىتتۇر. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئېغىزىنىڭ ئۇچىدىلا گەپدانلىق قىلغانلىقتىن ئېيتمايدۇ. ئۇ ئۆز نەزىرىدە ئەڭ چوڭ، ئەڭ قىيىن بولغان نەرسىدىن ساقلىنىشنى ئىزدەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانىيەت ھېسسىياتلىرىنى كاپىر بەدىلىگە مۇئمىننى ئۆلتۈرۈشكە قىستايدۇ، ئاندىن دوزاخقا كىرىدۇ، ئەسەبىيەتچىلىكتۇر. مانا بۇ ئۆزىدىكى هادىسقا قارىتا بولغان مېهرى ـ مۇھەببەتتىكى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئاجىزلىقىغا قارشى تۇرىدىغان سەممىيەت راستچىللىق ۋە ئەڭ ئېنىق بولغان ئاجايىپلىقتۇر.

ئۇ ئېيتىدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، خەزرەج ئاھالىسى ئاتىسىغا مەندىن بەك ياخشىلىق قىلىدىغان بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ». ئۇ پەيغەمبىرىدىن، رەھبىرىدىن،

ئۇنىڭ بۇ ئىنسانىي ئاجىزلىقىغا قارشى ياردەم بېرىشنى، ئۆزىنى بۇ قىيىنچىلىقتىن چىقىرىپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ. بۇ ئۆتۈنۈش ئۆزى بىلەن بولامدۇ ياكى باشقىسى بىلەن بولامدۇ ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ۋاقىتلىق كېچىكتۈرۈش تەلىپى بولماستىن، بەلكى ئىتائەتمەنلىك بىلەن بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشنى ئۆتۈنۈشتۇر. ئۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۆز دادىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ قىينىلىۋاتقان، ھەرەج تارتىۋاتقان بىر مۇئمىن نەپسىنى كۆرىدۇ ۋە ئىنتايىن كەڭ قورساقلىق ۋە مەردانىلىك بىلەن ئۇنىڭدىكى ھەرەجنى يوقاتماقچى بولۇپ: «ئاتاڭ بىز بىلەن بىللە بولسىلا ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىمىز» دەيدۇ ۋە بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەن ئۇمەر ــــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ــــ گە: «ئى ئۇمەر! كىشىلەر مۇھەممەد ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرىدىكەن دەپ پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ يۈرسە قانداق بولىدۇ؟» دېگەنىدى.

پەيغەمبەر ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ بۇ ھادىسىدە ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى قوماندان سۈپىتىدە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى. ئۇرۇشۇپ قالغان ئىككى ئادەمنىڭ: «ئەنسار بولساڭ كەل!»، «مۇھاجىر بولساڭ كەل!» دەپ توۋلىغان ئاۋازى پەيدا قىلغان، سېسىق گۇرۇھۋازلىقنىڭ يامان تەسىرىدىن كىشىلەرنى بۇرىۋېتىش، شۇنداقلا مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي پەيدا قىلغان، ئەقىدە-ئېتىقاد تارىخىدا، ئىنسانىيەت تارىخىدا يىگانە بولغان، مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار

ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇقنى زەھەرخەندىلىك بىلەن تۇگىتىۋېتىشنى مەقسەت قىلىپ، قەستەن پەيدا قىلغان پىتنە-پاسادتىن كىشىلەرنى بورۇۋېتىش ئۇچۇن ۋاقىتتىن بۇرۇن سەپەرگە ئاتلىنىش بۇيرۇقى بېرىش تاكى ھېرىپ-چارچاپ مادارى قالمىغۇچە داۋاملىق يول يۇرۇش ئارقىلىق بىرتەرەپ قىلدى. ئاخىرىدا ئەڭ ئاخىرقى ئاجايىپ مەنزىرە ھاسىل قىلغان مەيداندا توختىلىمىز. ئۇ بولسىمۇ مۇئمىن كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنىڭ ئىماندىن بارلىققا كەلگەن، ئاللاھنى سۆيۇش يۇزىسىدىن، ئىسلامنى ياخشى كۆرۇش يۇزىسىدىن، رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرۇش يۇزىسىدىن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي ئىتائەت قىلىش يۇزىسىدىن بارلىققا كەلگەن ئاجايىپ مەنزىرىدۇر. ئۇ دادىسىنى كىرگۇزمەسلىك، ئۇنىڭ «مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا ئەزىز كىشىلەر خار ئادەملەرنى مەدىنىدىن ئەلۋەتتە قوغلاپ چىقىرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاش، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەقىقەتەن ئەزىز، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن خار ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ قويۇش ئۇچۇن، مەدىنىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا يالىڭاچلانغان قىلىچنى تۇتۇپ تۇرغانلىقى بولۇپ، ئۇ دادىسىنى تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ كىرىشكە رۇخسەت بەرمىگۇچە توختىتىپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن ئاندىن مەدىنىگە كىرىشكە يول قويدى. ئەمەلىي تەجرىبە ... شۇ ۋەقەنىڭ ئۆزىدە، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە كىمنىڭ ئەزىز، كىمنىڭ خار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېكىتتى.

«ئەنە يۇقىرىقىدەك قىممەتلەرگە ئاشۇ كىشىلەرنى يەتكۇزگەن، ئاشۇ كىشىلەرنى قىممەتنىڭ ئەڭ ئالىي

چوققىلىرىغا كۆتۈرگەن نەرسە دەل ئىماندۇر. ئىمان ئۇلارنى ئاشۇ قىممەتلەرگە ئۇلارنى ئىنسانىي ئاجىزلىقى ۋە ئىنسانىي چىرمىغۇچىلىرى بىلەن بىللە تۇرغۇزۇپ كۆتۈردى. مانا بۇ ئەقىدىدىكى گۈزەللىك ۋە ئەڭ سەممىيەتلىك بولۇپ كىشىلەر ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى تونۇپ يەتكەندە، ئۇلار ئىنسانلار سۈرىتىدە زېمىن ئۈستىدىكى يەپ-ئىچىدىغان، بازارلاردا يۈرىدىغان ئادەم، روھىي يۈكسەكلىكى، پەرىشتە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھالەتلەرگە ئۆزگەرگەندە ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىمان يارىتىدىغان قىممەتتۇر».

ꕥꕥꕥ ꕥꕥꕥ ꕥꕥꕥ

ئەنەس ئىبنى مالىك ـــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـــ ئېيتىدۇ: مەن ئەبى تەلھە، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، ئەبى دۇجانە، مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە سۇھەيل ئىبنى بەيزائ قاتارلىقلارنىڭ رومكىلىرىغا ھاراق تولدۇرۇپ، ئۇلارغا مەي بىلەن ساقىيلىق قىلىۋاتاتتىم. ئۇلار مەست ۋە يېرىم مەست بولغانلىقتىن باشلىرى بىر تەرەپكە قېيىشىپ كەتكەندى. مەن: «ھاراق-شاراب ھارام قىلىندى» دەپ ئۈنلۈك توۋلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم. بىزگە سىرتتىن بىر كىشى كىرمىدى، ئارىمىزدىن بىر كىشى سىرتقا چىقمىدى، تاكى بىز ھاراق-شارابلىرىمىزنى تۆكۈۋەتتۇق. ھاراق كوزىلىرى ۋە ئىدىشلىرىنى چېقىۋەتتۇق. بەزىلەر كىچىك تاھارەت، بەزىلىرىمىز چوڭ تاھارەت (غۇسلى) ئېلىپ، ئۇممۇ سۇلەيم (ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئانىسى)نىڭ خۇش-پۇراقلىرىنى ئۆزىمىزگە سۈركەپ مەسجىدكە چىقتۇق.

ئەبى بۇرەيدە دادىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان بىر ئولتۇرۇشتا هاراق ئىچىۋاتاتتۇق. مەن ئورۇنۇمدىن تۇرۇپ رەسۇلۇللاھ —— ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن —— بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن باردىم. ئۇنىڭغا هاراقنىڭ هارام قىلىنغانلىقى توغرىلىق ئايەت چۈشتى. مەن هاراق ئىچىپ قالغان بۇرادەرلىرىم قېشىغا بېرىپ ئۇلارغا هاراقنىڭ هارام قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئايەتنى ئوقۇپ بېرىپ: «سىلەر قىلمىشىڭلار (هاراق ـ شاراب ئىچىش)دىن ئۆزۈڭلارنى چەكلىگۈچىلەرمۇ؟» دېگەن يەرگە يەتكەندە، بەزى كىشىلەرنىڭ قولىدا يېرىم ئىچىلگەن، بەزىسى ئەمدىلا ئىچەي دەپ تۇرغان رومكىلاردىكى هاراقلارنى، كوزىلار ۋە ئىدىشلاردىكى هاراقلارنى تۆكۈۋاتاتتى. ئۇلار: «ئۆزىمىزنى چەكلىدۇق ئى رەببىمىز، يامان ئىشتىن قول ئۈزدۇق ئى رەببىمىز، سەن توسقان چەكلەنمىلەردىن قايتتۇق ئى رەببىمىز؟» دېيىشەتتى.

«هاراق ۋە هاراقكەشلىكنى چەكلەش ۋە هارام قىلىش، شۇنداقلا بۇ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك گۇرۇھلار ۋە ئىجرا قىلغۇچى هەيئەتلەر تەشكىللەنمىدى. دۆلەت ئۆلۈم جازاسى بېرىش، تۈرمىلەرگە قاماقا ئېلىش، مال ـ مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىش ۋە تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈشكە مەجبۇر بولمىدى... لېكىن، بۇ دۆلەت پۇقرالىرى بۇ جامائەت ئەزالىرى ئۆزلىكىدىن قۇرئاننىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن هۆكۈمنى شۇنچە تېز هەم ئاسان ئىجرا قىلىشقا ئالدىرىدى».

سەفىيە بىنتى شەيبە —— ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن —— مۇنداق دەيدۇ: بىز ئائىشە —— ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن —— نىڭ يېنىدا ئىدۇق. ئۇنىڭ قېشىدا قۇرەيش

ئايالـلـىرى ۋە ئۆلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى تىلغا ئېلىنغانـدا، ئائىشە: «ھەقىقەتەن قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بـار. ئـاللاھ بىـلەن قەسـەم قىلىـپ ئېيتىمەنكـى، مەن ئەنـسارلارنىڭ ئاياللىرىـدىن بەكـرەك ئـارتۇقچىلىقى بـار، ئاللاھنىڭ كىتابىغا تەستىق قىلىشى قاتتىق، ئـايەتلەرگە بولغـان ئىمـانى بەك كۈچلـۈك بولغـان ئايـاللارنى كـۆرۈپ باقمىدىم. سۈرە نۇردىكى «ئۇلار لىچەكلىرى (پۈركەنجە) بىلەن كۆكرەكلىرىنى ئورىۋالسۇن» دېگەن ئـايەت نازىـل بولغانـدا، ئەرلەر ئۆيلىرىگە قايتىپ ئۇلارغا ئۇلار ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىپ بەردى. بىر كىشى ئۆز ئايالىغـا، قىزىغا ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىغا ۋە ھەربىر ئادەم ئۆز يېقىنلىرىغا تىلاۋەت قىلىپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىچىدىن بىرمۇ ئايال قالماي ئاللاھ ئۆز كىتابىدا نازىل قىلغان ھۆكۈملەرنى تەستىق قىلغانلىق ۋە ئىمـان كەلتۈرگەنلىـك يۈزىـسىدىن دەرھال قېلىن ۋە چوڭ پالاستەك نەرسىلەر بىلەن بولـسىمۇ ئۆزلىرىنى يۆگىۋېلىشتى» دېگەن.

※※※ ※※※ ※※※

مەككە مۇشرىكلىرى بىـر بۆلـۈك مـۇئمىنلەرنى دىنىـدىن ياندۇرۇش ئۈچـۈن مەدىـنىگە ھىجـرەت قىلىـشتىن مەنئـي قىلغان. بەزىلىرىنـى قامـاپ قويغـان، بەزىلىرىنىـڭ پـۇت ـ قوللىرىغا ئېغىر كىشەنلەرنى سېلىپ قويغان. تۈرلۈك ئۇسۇللار بىـلەن قىيناقـقـا ئالغـان بولـۇپ، ھـۆدەيبىيە سۈلھـسى تۈزۈلگەندە، كېلىشىمنىڭ بىر ماددىسىدا قۇرەيشلەر ئىچىدىن مۇسۇلمان بولۇپ مەدىـنىگە قېچىـپ بارغـانلارنى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىشى بېكىتىلگەندى.

ئەبۇ بەسىر (ئۇتبە ئىبنى ئۇسەيد) بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۆزى سولاپ قويۇلغان قاماقخانىدىن قېچىپ چىقتى. يەتتە كېچە-سەككىز كۈندۈز پىيادە يول يۈرۈپ، ئاخىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. مۇشرىكلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھۇدەيبىيەدە تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ ماددىسىغا ئەمەل قىلىپ ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ ئۇنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئەۋەتتى. مىڭ بىر جاپادا ئاران-ئاران مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن بىر مۇئمىن يىگىتنى كاپىرلارنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قىيىن-قىستاققا ئېلىشى، دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ھەرخىل چارىلەرنى قوللىنىشى ئۈچۈن مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بېرىش ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرگە قاتتىق ئېغىر كېلىدىغان جاپالىق مەيدان ئىدى. ئەبۇ بەسىر ئۆزىنى پىتنە ۋە ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇم. قېرىنداشلىرىم ئارىسىدا ئەمدى خاتىرجەملىككە ئېرىشتىم دېگەن ئويدا بولغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى دۈشمەنلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان، ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — ئۇنى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇپ، قۇرەيشنىڭ ئىككى نەپەر ئەلچىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەندە، ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى دىنىم توغرىسىدا پىتنىگە سېلىشى ئۈچۈن مۇشرىكلارغا تاپشۇرۇپ بېرەمسەن؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ئەي ئەبۇ بەسىرى، سەن ئۇلار بىلەن ئارىمىزدا تۈزۈلگەن كېلىشىملەرنى، بىزنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئەھدىمىزنى بىلىسەن، بىزگە دىنىمىزدا ۋاپاسىزلىق قىلىش، خىيانەتكارلىق ياخشى بولمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ساڭا ۋە ساڭا ئوخشاش كىشىلەرگە ئازادچىلىك ۋە چىقىش يولى بېرىدۇ. سەۋرى قىلغىن» دېدى. ئەبۇ بەسىرى ئەجەبلەنگەن

ھالدا: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن مېنى راستتىنلا مۇشرىكلارغا تاپشۇرۇپ بېرەمسەن؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ماڭغىن ئى ئەبۇسرى، ئاللاھ چوقۇم ساڭا پات ئارىدا چىقىش يولى بېرىدۇ» دېدى ۋە ئۇنى ئىككى ئادەمنىڭ مەككىگە ئېلىپ كېتىشى ئۈچۈن قايتۇرۇپ بەردى.

* * *

كۇفە شەھىرىدىن بىر ئادەم ھۇزەيفە ئىبنى يەمانىيدىن: «ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ، سىلەر رەسۇلۇللاھ ــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــ نى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ سۆھبىتىدە بولغانمۇ؟» دەپ سورىدى. ھۇزەيفە: «ھەئە ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، مەن رەسۇلۇللاھنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ سۆھبىتىدە بولغان» دېدى. ئۇ ئادەم سورىدى: «رەسۇلۇللاھقا قانداق مۇئامىلە قىلاتتىڭلار؟» ھۇزەيفە ئېيتتى: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىزلەر بەك تىرىشچانلىق قىلاتتۇق» دېدى. ئۇ ئادەم ئېيتتى: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر بىز ئۇنى ھايات تاپقان بولساق، يەردە ماڭغىلى قويماي گەدەنلىرىمىزگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرەتتۇق» دېدى.

ھۇزەيفە ئۇ ئادەمگە مۇنداق دېدى: «قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خەندەك غازىتىدا كۆرگەن بولساڭ ئىدىڭ، رەسۇلۇللاھ ــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــ قاتتىق قاراڭغۇ بولغان بىر كېچىسى بىزگە قاراپ: «كىم بىز ئۈچۈن بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ قېشىغا بېرىپ قەۋملەرنىڭ نېمە قىلغانلىقىغا قاراپ

قېشىمىزغا ساق قايتىپ كېلىدۇ (رەسۇلۇللاھ بۇ يەردە ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلىشنى شەرت قىلىدۇ). ئاللاھ تائالادىن ئۇ كىشىنىڭ جەننەتتە ھەمراھىم بولۇشىنى تىلەيمەن؟» دېدى. كىشىلەر قاتتىق قورقۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورساق ئاچلىقتىن كوكىراۋاتقان قورساق بىلەن دۈمبە چاپلىشىپ قالغان، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ھەم قاتتىق بوران بولغانلىقتىن كىشىلەر ئىچىدىن ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىدى. ئەسلا ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىدى، ئورنىدىن تۇرىدىغان ھېچكىم بولمىغاندا رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ مېنى چاقىردى. مېنى چاقىردىمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇشتىن باشقا چارە ـ ئامال بولمىدى. ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇ: «ئى ھۇزەيفە! سەن بېرىپ ئەبۇ سۇفيان رەھبەرلىكىدىكى بىرلەشمە ئارمىيە ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرگىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزەتكىن. قېشىمىزغا كەلگىچە ھېچقانداق ھادىسە پەيدا قىلمىغىن» دېدى. مەن بېرىپ كىشىلەر ئىچىگە سوقۇنۇپ كىردىم. بوران ۋە ئاللاھنىڭ قوشۇنى ئۇلارغا قىلىدىغىنىنى قىلدى. ئۇلارنىڭ نە قازان ـ قومۇچى، نە قالغان ئوتى، نە تىككەن بارگاھلىرىغا ئارام بەرمەيتتى. ئوتلىرىنى ئۆچۈرەتتى، قازان ـ قومۇچلىرىنى ئۆرۈپ تاشلايتتى. چېدىر ـ بارگاھلىرىنى قومۇرۇپ تاشلايتتى. ئەبۇ سۇفيان ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى قۇرەيش جەڭچىلىرى! ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەمراھىغا دىققەت قىلسۇن، ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىسۇن. مەن مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرىنى ئارىمىزغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغانمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم» دېدى. مەن ئەبۇ سۇفياننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يېنىمدا تۇرغان ئادەمنىڭ قولىنى

تۇتتۇم ـ دە: «سەن كىم بولىسەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «مەن پالانى» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ سۇفيان: «ئى قۇرەيش جەمئىيىتى، ئەزىزلىرى خۇدا ھەقىقەتەن سىلەر بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالمايدىغان، مەزمۇت بەرقارار بولالمايدىغاندەك قىلىسىلەر، ئات ـ تۆگىلەر ھالەك بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى بىز بىلەن بولغان ئەھدىگە خىلاپلىق قىلدى. ئوغۇللىرىمىزنى مۇھەممەدكە تۇتۇپ بېرىپ، بۇزۇپ قويغان ئەھدىسىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. بىزگە ساتقىنلىق قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋىرى بىزگە يېتىپ كەلدى. تېخىمۇ قىرىشقاندەك سىلەر كۆرۈپ تۇرغاندەك قاتتىق بوران بىزگە قىلغۇلۇقنى قىلدى. ئۇ بىزنىڭ قازان ـ قومۇچلىرىمىزنى، نە قالىغان ئوتلىرىمىزنى ياكى چېدىر ـ بارگاھلىرىمىزنى يەردە ئورۇنلاشتۇرمىدى، جىم قويمىدى. خالىساڭلار قايتىپ كېتىڭلار، مەن ھازىرلا قايتىپ كېتىمەن» دېدى ۋە (تارىختا بىر قېتىم بىر سەپ، بىر ئىدىيە ئاستىغا جەملىنىپ باققان مۇشرىك بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ رەھبىرى بولمىش ئەبۇ سۇفيان ھېچكىم بىلەن كارى بولماستىن تۆگىسىگە مىنىپ) بەدەر تىكىۋەتتى . . .

ھۇزەيفە ئېيتىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ نىڭ قېشىغا قايتىپ كەلسەم، ئۇ ئاياللىرىنىڭ بىرىنىڭ چوڭ ياغلىقىدا ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپلا مېنى ئىككى پۇتى ئوتتۇرىسىغا كىرگۈزدى ۋە ئۈستۈمگە ياغلىقنىڭ بىر تەرىپىنى تاشلاپ يۆگەپ قويدى. ئاندىن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلدى. ھالبۇكى، مەن شۇ ھالەتتە، ياغلىقنىڭ ئىچىدە تۇرىمەن. نامازدىن سالام بېرىپ بىكار بولغاندا ئۇنىڭغا دۈشمەن

ئەھۋالىدىن خەۋەر بەردىم. بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ئوڭ قانىتى بولغان غەتفانلار قوۋەيشلەرنىڭ نىمە قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ بىلەلمىگىنىدىن يەھۇدىيلەرنى تۈرگەن ھالدا ئۆز يۇرتلىرىغا قويۇۋېتىشىنى ئەلەم قىلىپ تىلىمىگەنتى.

... مۇسۇلمانلار مۇشۇ كاتتا ھادىسىدە دۇچ كەلگەن قورقۇنچىنىڭ دەھشەتلىكى، ئۇلار يولۇققان خاپىلىق - قىيىنچىلىقنىڭ شىددەتلىكى، ئۇلار يولۇققان قاتتىق ھالەتنىڭ قورقۇنچلۇقى قاتارلىقلاردىن ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئۇلار قاتتىق[1] تەۋرىتىۋېتىلدى، يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىلدى. ئەھۋال ئۇلار توغرىلىق راست سۆزلىگۈچى ئاللاھ ئېيتقاندەك بولدى: ( هُنَالِكَ ابْتُلِيَ الْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا زِلْزَالًا شَدِيدًا ) «بۇ يەردە مۇئمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا يەر سىلكىنگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغانىدى» (سۈرە ئەھزاب 11 - ئايەت).

ئۇلار ئىنسانىيەتتىن بولغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئىنسانىيەتتە بار بولغان كۈچ - تاقەتلەر بار كىشىلەر ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنى ئاشۇ كۈچ - تاقەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ نەھايەتتىكى غەلىبە - نۇسرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىدىغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ ئۇلارغا ئالدىن بەرگەن بېشارىتىدىن قەتئىينەزەر، ئاشۇ بېشارەت بارلىق مەيدانلاردىن ھالقىپ يەمەن، شام

---

[1] ئاللاھ بۇ ۋەقەلىكتىكى مۇئمىنلەرنىڭ بىئارام بولغانلىقلىرىنى قىيامەت بولغاندىكى بىئارامچىلىقلارغا ئوخشاتتى ـــ ت.

شەھەرلىرىنىڭ پەتھى قىلىنىدىغانلىقى، ھەتتا بۇ پەتھى زېمىنىنىڭ مەشرىق ۋە مەغرىب تەرەپلىرىگە قەدەر يېتىپ بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ۋە مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قەتئىينەزەر مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن بۇ قاتتىق ۋەھىمە ھەقىقەتەن ئۇلارنى قورقۇتىۋەتكەن. ئۇلارنى يەر تەۋرىگەندەك سىلكىۋەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى قاتتىق جاپاغا سالغان ۋە قىيناپ قويغانىدى.

بۇ ھالەت ھۇزەيفە — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن — خەۋەر بېرىپ تەسۋىرلىگەندەك ئەڭ ۋايىغا يەتكەن كۆرۈنۈشتە مانا مەن دەپ تۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — ساھابىلىرىنىڭ بۇ ھالىتىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئاستىرىتتىن ئىچكى جەھەتتىن كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن: «كىم ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە قەۋمنىڭ قېشىغا بېرىپ ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مەن ئاللاھتىن ئۇ كىشىنى جەننەتتە ھەمراھىم قىلىشنى تىلەيمەن» دەيدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ نىداسىغا خوش دېمەيدۇ. ئۇ ھۇزەيفە دەپ ئىسمىنى ئېنىق ئېيتقاندا: «رەسۇلۇللاھ مېنى ئورنۇمدىن تۇرۇشقا چاقىردى، بۇ چاغدا ماڭا ئورنۇمدىن تۇرۇشتىن باشقا چارە بولمىدى ...» دەيدۇ.

دىققەت! ھەقىقەتەن بۇنداق ئەھۋاللار تەۋرىنىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتمىگۈچە ھەرگىز يۈز بەرمەيدۇ.

لېكىن بۇ قاتتىق سىلكىنىش، كۆزلەر چەكچىيىپ كېتىش، كۆڭۈللەر قىسىلىش، نەپەسلەر قىيىنلىشىش قاتارلىقلارنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە، مۇشۇلار ۋە مۇشۇلاردىن باشقا ھەممىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە — مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدىغان ئاللاھ بىلەن بولغان رىشتە ـ ئالاقە بار.

ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن ئادىشىپ كەتمەيدىغان، تېگى ـ ماھىيىتىنى بىلىدىغان ئىدراك بار. مۇشۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن تەۋرەپ كەتمەيدىغان مۇستەھكەم ئىشەنچ بار، بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ ئەۋۋەلى قاچان ۋۇجۇدقا چىققان بولسا، ئاخىرى شۇئان ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ تەۋرىنىشىگە بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، غەلىبە ـ نۇسرىتىنى كۈتىدىغان بىر سەۋەب قىلدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى سۆزىگە ھەقىقەتەن ئىشەندى: ( أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُواْ الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ الَّذِينَ خَلَوْاْ مِن قَبْلِكُم مَّسَّتْهُمُ الْبَأْسَاء وَالضَّرَّاء وَزُلْزِلُواْ حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللّهِ أَلا إِنَّ نَصْرَ اللّهِ قَرِيبٌ ) «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇئمىنلەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەنىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: ‹ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟› دېگەنىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر» (سۈرە بەقەرە 214 ـ ئايەت). مانا ئۇلار قاتتىق تەۋرىتىلدى. ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمى ئۇلارغا بەك يېقىن! ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ( قَالُوا هَذَا مَا وَعَدَنَا اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَصَدَقَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَمَا زَادَهُمْ إِلَّا إِيمَانًا وَتَسْلِيمًا ) «بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى دېيىشتى»؛ «بۇ ئىش ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا بولغان) ئىمانىنى ۋە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى» (سۈرە ئەھزاب 22 ـ ئايەت).

«مانا بۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ۋەدە قىلغان ئىشتۇر» دېگەن سۆزى ... مانا بۇ قورقۇنچ، مانا بۇ سىلكىنىش، مانا بۇ قىيىنچىلىق، مانا بۇ سىقىلىش، تارلىق ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان ياردىمىنىڭ مۇقەددىمىسى، ئۇ كېلىدىكەن چوقۇم غەلىبە-نۇسرەت كەلمەي قالمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

«ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى» دېگەنلىك ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئىمارەت ھوقۇقىنىڭ مۇسۇلمانلار قولىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا راست ئېيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئۈچۈن خاتىرجەم بولدى: «بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى» دېمەكتۇر.

ئۇلار ھەقىقەتەن ئىنسانىيەتتىن بولغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئىنسانىيەتتە بولىدىغان ھېس-تۇيغۇلار ۋە ئىنسانىيەتتە بولىدىغان ئاجىزلىقلاردىن ئۇزۇل-كېسىل قۇتۇپ كېتىشكە ئىگە بولالمايتتى... ئۇلاردىن ھەم بۇنداق قىلىشمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي تەۋەلىكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشمۇ، يەنە بۇ تەۋەلىكنىڭ رامكىلىرى ۋە چېگرالىرىدىن ھالقىپ كېتىشمۇ، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىپ قويۇشىمۇ ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنمايتتى. ئاللاھ ئۇلارنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ياراتتى. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىيلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ياراتتى. ئېنىقكى، ئۆز جىنسلىرىنى باشقا جىنسلارغا ئۆزگەرتسۇن دەپ ياراتمىدى. نە پەرىشتىلەرگە، نە جىن-شەيتانلارغا، نە ئاڭسىز ھايۋانلارغا، نە جانسىز تاغۇ-تاشلارغا ئايلاندۇرۇۋالسۇن دەپ ياراتمىدى.

ئۇلار ئىنسانىيەتتىن بولغان شۇنداق كىشىلەر بولدىكى ... ئۇلار قورقىدۇ، قىيىنچىلىق-خاپىلىقتىن ئىچى سىقىلىدۇ. تارچىلىق ھېس قىلىدۇ، ئۆزلىرىدە بار بولغان كۈچ-قۇۋۋىتىدىن، تاقىتىدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارغا يولۇقسا تەۋرىنىپ كېتىدۇ. لېكىن، ئۇلار مۇشۇنىڭ بىلەن تۇرۇپ ئۆزلىرىنى ئاللاھقا چەمبەرچەس باغلاپ تۇرىدىغان، چۈشۈپ كېتىش، چۈشكۈنلىشىشتىن قوغداپ ساقلاپ قالىدىغان، ئۇلاردىكى ئارزۇ-ئۈمىدنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى ئۈمىدسىزلىكتىن قوغدايدىغان مۇستەھكەم ھالغا (يەنى اَلْعُرْوَةُ الوُثْقَى‌غا مۇستەھكەم ئېسىلغانىدى. ئۇلار بۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن بىردىنبىر نەمۇنىچىلار بولالىدى.

«بىزلەر بولساق ئاشۇ ئەسىرلەر مابەينىدىكى پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا يېگانە نەمۇنىچى بولغان ئۈلگىلىك شەخسلەرنى ۋە ئۇلارنى ئاشۇنداق ئۈلگىلىك نەمۇنىچىلار قىلغان يېگانە نەرسىنى چوڭقۇر تېگى-ماھىيىتى بىلەن بىلىشىمىز، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئىنسانىيەتكە تەۋە كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە خاس تەبىئەتتىن خالىي ئەمەسلىكىنى، ئۇلار ئىنسانىيەتتە بار كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئاجىزلىقنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى (ئۇلارنىڭ ئىنسانىي خۇسۇسىيەتتىن خالىي بولغان مالائىكىلەر، جانسىز ۋە ئاڭسىز شەيئىلەر ئەمەسلىكىنى — ت)، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي خۇسۇسىيەت ئىچىدە تۇرۇپ، ئىنسان پەرزەنتىگە تەييار قىلىنغان قىممەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكۈزگەن مۇنچىۋالا ئىمتىيازنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسىنىڭ يەر شارىدىكى ئىنسانغا خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ئاسماندىكى

‹ئۆرۈەتۇلۇۋسقا› (يېمىرىلمەس ھالقا)نى چىڭ تۇتقانلىقىدىن بولغانلىقىنى تەگلەپ بىلىشىمىز كېرەك».

بۇرەيدە ـــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـــ مۇنداق دەيدۇ: مائىز ئىبنى مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى گۇناھىمدىن پاكلاپ قويغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىست ساڭا! قايتىپ كەتكىن، ئاللاھتىن گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلىگىن، ئاللاھقا تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتقىن» دېدى. مائىز قايتىپ كەتتى. لېكىن، ئۇزۇنغا بارماي يەنە قايتىپ كەلدى. ئاندىن: «ئى رەسۇلۇللاھ، مېنى گۇناھىمدىن پاكلاپ قويغىن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى سۆزنى تەكرارلىدى. تۆتىنچى قېتىم بولغاندا رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ : «سېنى نېمە گۇناھتىن پاكلايمەن» دەپ سورىدى. مائىز: «زىنادىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭ جىنلىق ـ ساراڭلىق كېسىلى بارمۇ؟» دەپ سورىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ جىن چاپلاشقان كىشى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ مەستمۇ؟» دەپ سورىدى. بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى پۇراپ باقتى. ئۇنىڭدىن ھاراق پۇرىقى چىقمىدى. شۇڭا: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ مەست ئەمەسكەن، ئۇنىڭدىن ھاراق پۇرىقى تېپىلمىدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زىنا قىلدىڭمۇ؟» دېدى. مائىز: «ھەئە، زىنا قىلدىم» دېدى.

پەيغەمبەر ئۇنى تاش-بوران قىلىشقا بۇيرىدى، رەجىم قىلىندى. بۇ ۋەقەگە ئىككى ياكى ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ : «مائىز ئىبنى مالىك ئىستىغپار ئېيتتى. ئۇ شۇنداق تەۋبە قىلدىكى، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى ئۈممەت ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلسا ھەممىسىگە يېتىدۇ» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەزەت قەبىلىسىدىن بولغان غامىدىيىلىك بىر ئايال كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، مېنى گۇناھىمدىن پاكلاپ قويغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: «ئىست ساڭا، قايتىپ كەتكىن، ئاللاھتىن گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلىگىن، ئاللاھقا تەۋبە قىلغىن» دېدى. ئۇ ئايال ئېيتتى: «ئى رەسۇلۇللاھ، سەن مېنى مائىز ئىبنى مالىكنى قايتۇرۇۋەتكەندەك قايتۇرۇۋەتمەكچىمەن؟ مەن زىنادىن ھامىلدارمەن؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن زىنادىن ھامىلدارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئايال: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا قورسىقىڭدىكى ھامىلىدىن بوشانغىن!» دېدى. بۇ ئايالغا تۇغۇپ بولغۇچە ئەنسارلار ئىچىدىن بىر كىشى كېپىل بولدى. ئەنسارى كىشى كېلىپ غامىدىيىلىك ئايالنىڭ تۇغقانلىقىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ : «ئۇنداق ئۇ ئايالنى رەجىم قىلمايمىز، چۈنكى ئۇنىڭ ئەمدىلا تۇغقان كىچىك بوۋىقى ئىگە-چاقىسىز، باققۇچىسى يوق قالسا بولمايدۇ. ئۇنى ئېمىتىشكە ئادەم كېرەك» دېدى. ئەنسارلار ئىچىدىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بالىنى ئېمىتىشكە مەن كېپىل» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال رەجىم قىلىندى. يەنە بىر رىۋايەتتە

بۇ ئايالغا: «تۇغقىچە كېتىپ تۇرغىن» دېدى. ئايال كەتتى ۋە قورسىقىدىكى بالىنى تۇغۇپ بولغاندا يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ تۇغقانلىقىنى ئېيتتى. ئايالغا: «بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىغىچە كېتىپ تۇرغىن» دېدى. ئايال بالا ئەمچەكتىن ئايرىلغاندا كەلدى. بالىنىڭ قولىدا بىر پارچە نان بار ئىدى. ئايال: «ئى رەسۇلۇللاھ! بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىدىم، ئۇ ئۆزى تائام يېگۈدەك بولدى» دېدى. بالىنى مۇسۇلمانلار ئىچىدىن بىر كىشىگە بەردى. ئاندىن ئۇ ئايالنى كۆكسىگە كەلگۈچە ئورەككە تاشلاپ كىشىلەرنى رەجىم قىلىشقا بۇيرىدى. خالىد كېلىپ ئۇ ئايالنىڭ بېشىغا چوڭ بىر دانە تاشنى ئاتتى. ئۇنىڭ يۈزىگە قان چاچرىدى. خالىد ئۇ ئايالنى ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللىدى. رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ : «بولدى قىل خالىد، ئۆزەڭگە ھاي بەرگىن. مەن مۇھەممەدنىڭ نەپسى قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئايال شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر ئۇنىڭ تەۋبىسىنى باجچى قىلسا ئەلۋەتتە تەۋبىسى قوبۇل قىلىناتتى» دېدى[①]. ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ دەپنە قىلىندى.

تارىخ چاقى ئالغا سىلجىپ تابىئىنلار دەۋرىگە كەلگەندە يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيدىنىڭ سەرراپلىق دۇكىنىدا باھاسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرى بولۇپ، بەزىسىنىڭ باھاسى 400 دەرھەم، بەزىسىنىڭ باھاسى 200 دەرھەملىك ئىدى. ئۇ بىر كۈنى تاغىسىنىڭ ئوغلىنى دۇكاندا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ نامازغا كېتىدۇ. يېزىلىق بىر ئادەم

---

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى باجچىنىڭ گۇناھىنىڭ زىنادىن ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كېلىپ 400 دەرھەملىك زىبۇ-زىنىنەتلەرنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يىگىت ئۇنىڭغا 400 دەرھەملىك زىبۇ-زىنىنەتلەرنى كۆرسەتمەي، 200 دەرھەملىك زىبۇ-زىنىنەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىلەر يېقىپ قالىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز رازىلىقى بىلەن سېتىۋالىدۇ. ئۇ بۇ زىبۇ-زىنىنەتلەرنى قولىدا كۆتۈرگەن پېتى كېتىپ قالىدۇ. يۇنۇس مەسجىدتىن چىقىپ كوچىدا كېتىۋاتقاندا دۇكىنىنىڭ ماللىرىنى ھېلىقى يېزىلىق كىشىنىڭ قولىدا كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇ كىشىدىن: «قانچە دەرھەمگە سېتىۋالدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم 400 دەرھەمگە سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. يۇنۇس ئۇ كىشىگە: «مەن بىلەن يۈرۈڭ، بۇ ماللارنىڭ باھاسى 200 دەرھەمدىن ئاشمايدۇ. ياكى 200 دەرھەمنى قايتۇرۇۋېلىڭ، ياكى 400 دەرھەملىككە ئالماشتۇرۇۋېلىڭ» دەيدۇ. ئۇ كىشى: «بولدى، بۇ ماللار بىزنىڭ يۇرتىمىزدا 500 دەرھەمگە يارايدۇ. مەن بۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن رازىمەن» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. يۇنۇس: «مەن بىلەن دۇكانغا قايتىڭ، ئىسلام دىنىدا نەسىھەت قىلىش دۇنيا ۋە دۇنيادىكى تامامى نەرسىلەردىن ياخشى» دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەمنى دۇكانغا قايتۇرۇپ كېلىپ 200 دەرھەم قايتۇرۇپ بېرىدۇ. تاغىسىنىڭ ئوغلى بۇ ئىش توغرىلىق يۇنۇس بىلەن جېدەللىشىپ قالىدۇ. يۇنۇس ئۇنىڭغا: «خىجىل بولساڭ بولمامدۇ؟ ئاللاھتىن قورقساڭ بولمامدۇ؟ بىر ھەسسە قىممەت پايدا ئالىمەن دەپ مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن نەسىھەتنى تەرك ئەتسەڭ بولامدۇ؟» دەيدۇ. تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يېزىلىق ئادەم ئۇنى ئۆزى رازى بولۇپ ئالدى»

دەيدۇ. بۇ چاغدا يۇنۇس ئۇنىڭغا: «سەن ئۆزۈڭگە خۇش كۆرگەننى ئۇ كىشى ئۇچۇن خۇش كۆرسەڭ بولمامدۇ» دەيدۇ[1].

( يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ قُل لِّأَزْوَاجِكَ إِن كُنتُنَّ تُرِدْنَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا فَتَعَالَيْنَ أُمَتِّعْكُنَّ وَأُسَرِّحْكُنَّ سَرَاحًا جَمِيلًا ) «ئى پەيغەمبەر! ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار! سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ-نېئمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى» (سۈرە ئەھزاب 28 — 29- ئايەتلەر).

«ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش يولىنى تاللىغانىدى. رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — نىڭ بۇنداق قىلىشى ھەرگىزمۇ ھاياتلىقتا كېرەكلىك خىراجەتلەر ۋە ماتالاردىن ئاجىز كەلگەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا زېمىنلەر پەتھى قىلىنغان، ئولجا-غەنىمەتلەر كۆپەيگەن، ئەسىرلەر

[1] ئۇستاز ئابدۇراھمان ئەززامنىڭ «مەڭگۈلۈك ئەلچىلىك» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

جىق بولغان، ئىلگىرى مال ـ دۇنياسى يوق، ئۇزۇق ـ تۈلۈكى يوق كىشىلەر بېيىپ تىقىلىپ كەتكەن چاغدىكى تۇرمۇشىدىمۇ كىچىككىنە ئۆزگىرىش بولمىغان. ئۆيىدە ئاي ـ ئايلاپ ئوچاققا ئوت يېقىلمىغان. ھالبۇكى، ئۇ ئۆزىگە كەلگەن سوۋغىلار، بەخشەندە قىلىنغان نەرسىلەر ۋە ئۆزىگە تەۋە نېسىۋىلىرىنى ئايىماي سەدىقە قىلاتتى. ئىنتايىن مەرد ۋە سېخىي ئىدى. ھەتتا ئەئرابىلار «مۇھەممەد ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ كەمبەغەللىكتىن قورقمايدىكەن» دېيىشكەنىدى. لېكىن، ئۇ بۇ ئىشلارنى ھاياتىي دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ياخشىلىقلارغا رىغبەت قىلغانلىقتىن خالىس ھالدا ئىختىيار قىلغانىدى. رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ نىڭ رىغبەتلىرىدە ئۆزىگە ئىگە بولغان بولۇپ، دۇنيانىڭ لەززەتلىرى ۋە شېرىن ـ شەربەتلىرىدىن ئۈستۈن كېلەتتى. ئۇنداق نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سالمايتتى. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ ئۆز ئەقىدىسى تەرىپىدىن ياكى شەرىئىتى تەرىپىدىن ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە تاللىغان بۇنداق مەئىشەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تەكلىپ قىلىنمىغانىدى. ئۇنىڭ ئەقىدىسىدە ۋە شەرىئىتىدە ھالال ۋە پاكىز نەرسىلەر ھارام قىلىنمىغانىدى. ئۆزىگە جاپا ـ مۇشەققەتسىز ۋە تەكەللۇپسىز، ئىشتىھاسىز چۆمۈپ كەتمەستىن ۋە بېرىلىپ كەتمەستىن ۋە ئارقىسىدىن چېپىپ يۈرمەستىن ئۆزلىكىدىن كەلگەن، تاسادىپىي ئېرىشكەن بۇ نەرسىلەر ھارام قىلىنمىغانىدى. ئۇ ئۈممىتىنى ئۆزىگە تاللىۋالغان تۇرمۇش يولىنى تاللاشقا تەكلىپ قىلمىدى. لېكىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى لەززەتلىرى، ۋاقىتلىق

مەھلىيا قىلغۇچى تاۋارلىرىدىن ئۈستۈن تۇرۇشنى، دۇنيا لەززەتلىرىنىڭ ئېغىر يۈكلىرىدىن ئەركىن بولۇشنى، نەپسىنىڭ قىزىقىشلىرى ۋە ئۇنىڭ مايىللىقلىرىدىن تولۇق ئازاد بولۇشنى خالىغان كىشىلەرنى تاللاشقا قىزىقتۇردى».

لېكىن پەيغەمبەر ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ نىڭ ئاياللىرى ئىنسانىيەت تەۋەلىكىدىن بولغان ئاياللار ئىدى. ئۇلار گەرچە شۇنچە ئىززەت-ھۆرمەت، پەزىلەت، ئۇلۇغلۇق ئۈستىدە بولغان، ھۆرمەتلىك پەيغەمبەردىن ئۇرغۇپ چىققان ھىدايەت بۇلىقىغا شۇنچە يېقىن بولغان ئاياللار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئىنسانغا خاس ھېس-تۇيغۇلار ۋە ھېسسىياتلار بولغان ئاياللار ئىدى.

ھاياتىي دۇنيانىڭ پارلاۋان تۇرمۇشلىرى ۋە ماتالىرىغا بولغان تەبىئىي ئىنتىلىش تېخىچە ئۇلارنىڭ نەپسىدە ھايات بولۇپ، ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ تەسىر قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆز پەيغەمبىرى ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ گە ۋە مۇئمىنلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتە كەڭچىلىك ۋە مولچىلىق ئاتا قىلغاندا نەپىقە ئىشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلدى. ئۇلارنىڭمۇ باشقىلاردەك يەپ-ئىچكۈسى، كىيگۈسى، راھەت-پاراغەتتە ياشىغۇسى، مال-دۇنيانىڭ ھەۋىسىنى قىلغۇسى كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمىدى. بەلكى، ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپى سوغۇق مۇئامىلە، رازى بولماسلىق ۋە ئەپسۇس-نادامەت بىلەن كۈتۈۋېلىندى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئىختىيار قىلغان، ئەركىن، يۈكسەك، ئۇلۇغۋار بولغان، ئۆزى رازى بولغان ھاياتتا مۇشۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشماي، كاشىلا بولماي، ئەدناسى بۇنداق ئىشلارغا باش قاتۇرماستىن ياشاشقا

ئىشلەتتى. ئۆز ھاياتىنى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى دۇنيانىڭ بۇنىڭدەك سايىلىرىدىن ۋە بۇلارغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولغان، خالىي بولغان ھالدا ئاشۇ نۇرلۇق، بىپايان ئوپۇق ئۈستىدە ياشاشقا قىزىقاتتى. بۇنداق قىلىش بۇ نەرسىلەرنىڭ ھالال ياكى ھاراملىق سۈپىتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرغانلىقتىن ئەمەس. چۈنكى، ھالال ـ ھارام ئېنىق، لېكىن ھاياتىي دۇنيانىڭ بارلىق مەپتۇن قىلغۇچىلىرىدىن، مۇشۇ يەر شارىغا تەۋە پۇچەك ۋە ئەرزىمەس پىچىرلاشلار ۋە شىۋىرلاشلارنىڭ بارچىسىدىن ئۆزىنى ئازاد قىلىش، ئەركىن يۈرۈش ۋە مۇناسىۋەت ئۈزۈش تەرىپىدىن شۇنداق قىلغانىدى».

«ئاياللىرىنىڭ ئارتۇق نەپىقە تەلەپ قىلىشلىرىدىن بولغان ئۈمىدسىزلىك، ئەپسۇسلىنارلىق شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ ئۆزىنى كىشىلەردىن دالدىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ دالدىغا ئېلىشى ئۇلارغا نىسبەتەن چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئەڭ تەس، ئەڭ قىيىن بىر ئىش بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالدى ئىشلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ ئاسان ۋە ئاددىي سانىلاتتى. ئۇلار كەلدى، لېكىن ئۇلارغا رۇخسەت بېرىلمىدى. ئىمام ئەھمەد جابىر ـــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـــ دىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئەبۇ بەكرى سىددىق ـــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ رۇخسەت سورىدى. ئىشىك ئالدىدا نۇرغۇن ئادەم ساقلاپ ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر ـــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن

رازى بولسۇن — كەلدى. رۇخسەت سورىدى، رۇخسەت بېرىلمىدى. كېيىن ئۇ ئىككىسىگە رۇخسەت بېرىلدى. ئۇلار كىرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىدا ئاياللىرى ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئولتۇرغانىدى. ئۇ لام-جىم دېمەي شۈك ئولتۇراتتى. ئۆمەر — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن — «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق بىر گەپنى ئېيتايكى، ئۇ كۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر زەيدە (ئۆمەرنىڭ ئايالى)، قىزى ھەفسە بايام سەندىن نەفىقە سورىغان بولسا، سەن توغرا كۆرسەڭ مەن ئۇنىڭ گەدىنىگە قاتتىق ئاغرىغۇدەك ئۇرىمەن؟» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى ۋە: «مانا بۇلار ئەتراپىمدا، ئۇلار مەندىن نەپىقە سوراشماقتا؟» دېدى. ئەبۇ بەكرى — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن — تۇرۇپ ئائىشە — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن — نى ئۇرماقچى، ئۆمەر — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن — ئورنىدىن تۇرۇپ ھەفسەنى ئۇرماقچى بولدى. ھەر ئىككىسى ئۆز قىزلىرىغا: «سىلەر رەسۇلۇللاھتىن ئۇنىڭ قېشىدا يوق نەرسىلەرنى سورىماقچىمۇ-ھە؟» دېيىشەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇ ئىككىسىنى ئۇرۇشتىن توستى. ئۇلار: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، مۇشۇ مەجلىستىن كېيىن بىز رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — تىن قېشىدا يوق نەرسىلەرنى ھەرگىزمۇ سورىمايمىز، تەلەپ قىلمايمىز دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارغا تاللاش توغرىلىق ئايەت چۈشۈردى. تاللاش ئائىشە — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن — دىن باشلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن ساڭا ھازىر بىر ئىشنى

ئېيتىمەن، بۇ ئىشتا ئاتا ـ ئاناڭغا مەسلىھەت سالمىغۇچە ئالدىراپ جاۋاب بەرمەسلىكىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. ئائىشە: «ئۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — ئۇنىڭغا ئاللاھ تەبارەك ۋەتائالانىڭ: «ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، ... » دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ بەردى.

ئائىشە — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن — : «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سەن توغرىلىق ئاتا ـ ئانامغا مەسلىھەت سالىمەنمۇ؟ ياق، بەلكى مەن ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنى تاللايمەن. لېكىن، مەن سەندىن بىر ئىشنى ئۆتۈنىمەن. ئەگەر سەندىن باشقا ئاياللىرىڭ مەن توغرىلىق مېنىڭ نېمىنى ئىختىيار قىلغىنىمنى سوراپ قالسا، ئۇلارغا مېنىڭ سېنى تاللىغىنىمنى دېمىگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — : «ئاللاھ مېنى جاپاغا سالغۇچى قىلىپ ئەۋەتمىدى، بەلكى مېنى ئۆگەتكۈچى ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار ئىچىدىن قايسى بىرسى مەندىن سېنىڭ نېمىنى ئىختىيار قىلغىنىڭنى سوراپ قالسا، مەن ئۇنىڭغا سېنىڭ نېمىنى ئىختىيار قىلغىنىڭنى چوقۇم ئېيتىمەن» دېدى.

«....

«....

بىز بۇ ھادىسە ئالدىدا ئۇنىڭ بىر بۆلۈك تەرەپلىرىنى ئۇلاپ كۆرۈش ئۈچۈن بىر نەچچە دەقىقە توختىلىپ ئۆتۈشنى ياخشى كۆردۇق.

مانا بۇ ھادىسە قىممەتلىرى ئېنىق ۋە روشەن بولغان ئىسلامىي تەسەۋۋۇرنى بېكىتىپ بېرىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە

بولغان ھېسلار ئۇچۇن تۈيغۇ-پىكىر يولللىرىنى سىزىپ بېرىدۇ. مۇسۇلمان قەلبىدىكى دۇنيا قىممەتلىرى بىلەن ئاخىرەت قىممەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋە جېدەل-ماجرالارنىڭ ھەممىسىنى، يەر شارىغا يۈزلىنىشى بىلەن ئاسمان تەرەپكە يۈزلىنىشىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كەسكىن بىتەرەپ قىلىدۇ. بۇ قەلب ئۆز ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھ ئۇچۇن بارلىق نەپسى-خاھىشلاردىن ئادا-جۇدا بولۇش، يالىڭاچلىنىش، بىر ئاللاھتىن باشقا بارلىق نەرسىلەردىن يەككە-يېگانە ئاللاھ تەرەپكە قۇتۇلۇش ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ پەيدا قىلغان، پۈتلىكاشاڭ بولغان بارلىق يات توقۇلمىلار ۋە شالغۇتلاردىن خالاس تاپىدۇ.

بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا شۇنداق، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا بۇ ھادىسە بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا ئائىت ھەقىقەتلەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسى بولغان كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق ھەقىقەت ھادىسىلىرىنى سۈرەتلەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھاياتلىقتا ئائىت ھەقىقەت نېمىدېگەن گۈزەل! ئاشۇ ھاياتلىق ھەقىقەتەن ئىنسانىنىڭ ھاياتى بولغان، ئىنسانىيەتكە تەۋەلىكىدىن بولغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى بولغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە خاس-خۇسۇسىيەتلىرىدىن، ئىنسانىيەتكە خاس ھېس-تۇيغۇلىرىدىن، ئىنسانىيەتكە خاس سىمالىرىدىن، بەلگىلىك نىشانلىرىدىن ئايرىلىپ قالمىغان، ئىنساني ئالامەتلەردىن ئايرىلىپ قالمىغان. ئۇلار مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇشلۇق ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ۋايىغا يەتكەن يېگانە-بۈيۈك يۈكسەكلىككە ئېرىشكەن. ئاللاھ ئۇچۇن بارچە-پارچىسىدىن ۋاز كېچىشلىرى، ئاللاھ ئۇچۇن ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق

نەرسىلەردىن يالىڭاچلىنىشى، ئادا ـ جۇدا بولالىشى بىلەن تۇنۇشلۇق ئاشۇ كۆڭۈللەردىكى ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇلار ۋە ئادىمىي ھېسسىياتلار ئۆلۈپ كەتمىگەن، لېكىن ئۇ نەپسلەر يۇكسەكلەشكەن، شالغۇتلار ۋە ئارىلاشمىلاردىن ساپلانغان، ئاندىن ئۇنىڭغا شېرىن ئىنسانىي تەبىئىتى ساقلىنىپ قالغان، بۇ ساقلاندۇقلار نەپسلەرنى ئىنسانغا بەلگىلەنگەن كامالەت دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈشتىن توسۇپ قويمىغان»①.

كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان نادىر قەھرىمانلىقلار ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرگەن خىلمۇخىل نەمۇنىلەر ۋە ۋاقىتلىق دۈچ كەلگەن ئىنسانىي ئاجىزلىق دەقىقىلىرى بىزگە، بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار ياشىغان جەمئىيەتنىڭ سۈرىتى ـ كۆرۈنۈشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلار ئىسلام ئۇقۇملىرىنى توغرا چۈشىنىش ۋە تونۇپ يېتىشنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىشلارنى مۇشۇ دىنغا ئىشەنگۈچى مۇئمىنلەر ئىكەنلىكىگە لايىقلاشتۇرۇپ توغرا ۋە چىڭ تۇتۇش ۋە قوبۇل قىلىشنىڭ سايىسى ئاستىدا ئۇلار ئىمانىنىڭ مەنىسىنى توغرا مۆلچەرلىيەلىدى. ئۆزلىرى ئۇستىگە ساغلام بولغان ئىنسانىي ۋۇجۇدى ئۇستىگە ئارتىلغان يۈكلەر، ۋەزىپىلەرنى توغرا مۆلچەرلىيەلىدى.

① ئۇستاز سەييىد قۇتۇب (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن)نىڭ «قۇرئان سايىسىدا» ناملىق نەپسىرىدىن ئېلىندى.

تـوغرا ... ئـۇ مۇشـۇ دىـن كـىـشـىـلـەرگە ئـىيجابـىـىز پەرز قىلىنغان پەرزلەر مەسىلىسى بولماستىن، پەقەت بەندىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا رىغبەتلىنىش ئەمەس. شەكسىزكى، ئۇ ساغلام بولغان ئىنسانىي ۋۇجۇد بولۇپ، ئىنسان يەپ ـ ئىچىدىغان جانلىق مەخلۇقنىڭ ئۆزىلا بولۇشىنى، ئۆزىنىڭ مۇشۇ زېمىن ئۈستىدىكى كۈنلىرىنى كۆڭلىگە قانداق ئۆيغۇن كەلسە شۇنداق ئۆتكۈزۈشنى، ئۆزى ياشاۋاتقان لەھزىلەردىكى ھېسسىيات قانداق خالىسا شۇنداق كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئويلىماستىن، كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى توغرا مۆلچەرلىمەستىن، مۇشۇ كائىناتنىڭ ھەممىسىدە ئالاھىدە بولغان ئىنسانغا، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ يەر شارىدىكى خەلىپىسى دېگەن سۈپەتكە ئورۇن قويماستىن ھايۋانلارچە ياشايدىغان ئادىمىي ھايۋان بولۇشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى ھەقىقىي ئىنسان بولۇشقا رىغبەت قىلغاندا، ئىنسان تەبىئىي ھالدا ساغلام ۋۇجۇد بولالايدۇ.

مانا بۇ ئىسلام سايىسىدا ياشىغان ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى «ئىنسان ئۇچۇن» بېرىلگەن ئەڭ توغرا دىئاگنوز بولۇپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ كالامى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىن ۋە ئۆزلىرى ياشىغان ھايات رېئاللىقلىرىدىن قوبۇل قىلغانىدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن يەر شارىغا رەھبەرلىك قىلىشقا ھەقلىق بولالىدى. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە باش بولالايدىغان ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان يەر شارىدىكى ئەڭ ئۈستۈن كۈچ بولۇشقا ھەقلىق بولالىدى.

ئىسلام تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنساننى ئۆزىگە كېرەك بولغان توغرا ئورۇنغا قويۇشتۇر. ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاقەتلىرى ۋە ئىستېداتلىرى بىلەن قوشۇپ

تونۇش دېمەكتۇر. مۇشۇ تاقەتلەر ۋە ئىستېداتلارنى ئۆزئارا ساغلام ئورۇندا قويۇش دېمەكتۇر. ئاندىن ئۇنى ھەربىكەت قىلىش ئۈچۈن ئۆز بىرىكمىسى ۋە تاكامۇللىقىدا ئەركىن قويۇۋېتىش دېمەكتۇر. بۇ بىرىكىش كائىناتنىڭ چوڭ قانۇنىيىتى بىلەن بىرىككەن بىرىكمە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ساغلام بولغان ھەقىقىي كۆرۈنۈشىنى ئالىدۇ. ئۇ يەر شارىغا تەۋە بولغان كىچىك، تار ۋە چەكلىك بولغان كۈچ ئەمەس، بەلكى تەبىئەتكە مەنسۇپ كۈچ، ئاللاھ ياراتقان پۈتۈن كائىناتنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن توغرىغا يېتەكلەنگەن كائىنات بىلەن ماس قەدەمدە ماڭغۇچى ھەمكارلاشقۇچى كۈچتۇر.

ئاشۇلار جەھەتىدىن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن بىر ئاشۇ يېگانە نەمۇنىلەردىن باغاقچىلار كەلتۈرگەن تارىخ، يەر شارىدىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئادالەتنى ئاساس قىلغان ھاياتلىقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەڭ توغرا، ئەڭ كاتتا ئورۇنۇش دەپ ئوتتۇرىغا قويغان، ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ماددىي، روھىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بولغان بارچە تەرەپنى پاكىزە بولغان «ئىنسانىي» سەۋىيىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ توغرا بىتەرەپ قىلىش ۋە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ توغرا، ئەڭ كاتتا ئورۇنۇش، ئۇ ئياخشىلىقنى ئىنسانلار ئىچىدىن ئۆچمەنلىككە تولغان مەنمەنچىلىك، شەخسىيەتچىلىكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولىدىغان بەلگىلىك گۇرۇھلارغا قىسقارتىپ قويماستىن، بەلكى ياخشىلىقنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق سەرپ قىلىدىغان، ھەتتا مۇشۇ دىنغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرگىمۇ، بەلكى مۇشۇ دىنغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان ۋە ئۇرۇش ئاچىدىغان ئەھلى سەلىبلەردىن بولغان كىشىلەرگىمۇ نۇرىنى ئورتاق چاچىدۇ دەپ باھا بەرگەن، ئىنسانىيەت تارىخىدا كەم

كۆرۈلـدىغان، ياكى مىسلى كۆرۈلمەيدىغان مۆجىزىلەر يۈز بەردى.

ﷺ ﷺ ﷺ   ﷺ ﷺ ﷺ   ﷺ ﷺ ﷺ

ئىماندىن بولغان ـــــ بارلىققا كەلگەن بۇ ئالىي كۆرۈنۈش «ئىنسان ۋۇجۇدى»غا نىسبەتەن ساغلام ئورۇندا قويۇلغان «ئىنسان» تۇزۇلۇشىدىن بارلىققا كەلگەن بۇ ئالىي كۆرۈنۈش، ھەرىكەت، پىكىر ۋە ھىس ـ تۇيغۇنىڭ بارچە مەيدانلىرىدا ئىنسانغا خاس كۈچ ـ تاقەت بىلەن بارلىققا كەلگەن ئالىي ئەركىن يۈرۈش ـــــ ئاتلىنىش ئىنسانىيەتنى ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن چىقىرىۋەتمەيدىغان، بەلكى ئۇنىڭغا رىئايە قىلىدىغان ئىنسان ئىچكى دۇنياسى ۋە ۋۇجۇدىغا نىسبەتەن بارلىققا كەلگەن، ئىنسان خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ئەۋزەللىراقىنى ئالىدىغان مۇشۇ پاكىزە كۆرۈنۈش ... بۇ ... ۋە ئۇ ئالىي كۆرۈنۈشلەر قانداق بولۇپ ئۆزىنىڭ توغرا يولىدىن بورۇلۇپ كەتتى؟!!

مۇسۇلمانلار قانداق بولۇپ بۇگۈنكى كۈنلەردىكىدەك ئىسلامدىن بۇرۇلۇپ كېتىشنىڭ نەتىجىسىدە نېمىلەرگە ئايلىنىپ، نېمىلەرگە ئۆزگىرىپ قالدى؟ قانداق بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئىسلام ئۇقۇمى، ئىسلام چۈشەنچىسى مۇشۇنداق ئاۋاق، بىچارە كۆرۈنۈشلەرگە ئايلىنىپ قالدى؟ (قانداق بولۇپ ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ بىر پۈتۈن ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «پايانسىز ئۇقۇمغا ئىگە ئىسلام» ـــــ ت) ئەڭ ياخشى ھالەتلىرىدە

«ئىخلاس قىلغان ھالدا» ئادا قىلىپ قويسىلا بولىدىغان «ئىبادەت قىلىش» شوئارلىرىنىڭ يىغىنىدىسىغا، ئاساسلىق ھالەتلەردە «پەقەت ياخشى نىيەتنىڭ بولغىنى»، «ئاللاھ ئۈچۈن» «ئىبادەت» قىلغانلىق بولىدۇ؟ يامان ھالەتلەردە دىنغا ئاشكارە دۈشمەن بولۇپ قارشى چىقىدۇ. ئىسلام تەلىماتلىرىغا چاتىدىغان ئالاقە-مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن بوقۇسا-بويانلاقنى سۈندۇرۇپ قاچىدۇ؟ مۇشۇنداق پاسسىپ، چۈشىنىش قىيىن بولغان، ساپلىقنى يوقاتقان دوگما ھالەتتىكى دائىرىسى كىچىك بولغان تار رامكىدىكى ئۇقۇملارغا ۋە چۈشەنچىلەرگە ئايلىنىپ قالدى؟! شەكسىزكى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە يۈز بەرگەن بۇ توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىش ھادىسىسى ھەقىقەتەن كىچىك ھادىسە بولماستىن، بەلكى تولىمۇ كاتتا، تولىمۇ ئېغىر ھادىسىدۇر.

ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ياشىغان جەمئىيەت بىلەن بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ سۈرىتى ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرساقلا، ئىككى جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەيران قالارلىق مۇدھىش پەرق بىزگە بەش قولدەك ئايان بولىدۇ. بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسى خۇددى مۇناسىۋىتى يوق ئىككى نەرسىدەك بىر-بىرىدىن ئايرىم ۋە ئايرىلىپ تۇرغىلى تاسلا قالىدۇ! ئەگەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدە قايتا-قايتا ياڭرىغان ئىسلام، ئىسلام ساداسى بولمىغان، ئىسلامغا قايتىش چاقىرىقلىرى توۋلىنىپ تۇرمىغان بولسا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە، ھەتتا ئەڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا قەدەر چېچىلىپ كەتكەن، ئىسلامنى توغرا چۈشەنچىدە چۈشەنگەن، ئىسلام ئۇقۇملىرىنى

ساغلاملاشتۇرۇۋاتقان، ئۆزلىرىنىڭ ھايات رېئاللىقلىرىدا ئاشۇ ئۇقۇملار بىلەن ياشاۋاتقان ۋە ياشاشنى ئىزدەۋاتقان، ھەتتا مۇسۇلمان ئەمەس جەمئىيەتلەردە بولسىمۇ قولىدىن كېلىشىچە ياشاۋاتقان ھەم ياشاشقا ئورۇنۇۋاتقان، ئاندىن كىشىلەرنى بۇ ئۇقۇملارنى ساغلام چۈشىنىشكە ۋە بۇ ئۇقۇملاردا ئۆزلىرى بىلەن بىردەك ياشاشقا دەۋەت قىلىۋاتقان «چاقىرىق قىلىۋاتقان» ئاشۇ ئايرىم شەخس ـ كىشىلەر بولمىسا.

شەك ـ شۈبھە يوقكى، ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە قارىتا ۋە ئىسلامىي چۈشەنچىلەرگە قارىتا يامان تەسىر پەيدا قىلغان، ھەتتا بۇ جەمئىيەت ۋە بۇ چۈشەنچىلەرنى ھازىرقىدەك پاسسىپ ھالەتلەرگە كەلتۈرۈپ قويغان ئامىللار ھەقىقەتەن ناھايىتى قاتتىق، قوپال ۋە باشتۇڭ ئامىللاردۇر. ئاشۇ قوپال ۋە يامان تەسىر پەيدا قىلغۇچى ئامىللارسىز مۇشۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشى تەبىئىي ئىش ئەمەس. ئىنسان ئۆز نەپسىگە بېكىتىلگەن كۈچ ـ تاقەتلەر ۋە ئىستىبداتلاردىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئۈستۈنلۈك، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە يۈكسەكلىك مەيدانىدىن چۈشكۈنلۈك زەئىپلىك ۋە خارلىق مەيدانىغا سەۋەبسىز ھالدا چۈشۈپ قېلىشمۇ تەبىئىي ئىشلار جۈملىسىدىن ئەمەس. ھەقىقەتەن بۇ يەردە ئىنساننىڭ كۆڭلىدە ھەرىكەت قىلىدىغان ۋەيران قىلغۇچى قورقۇنچلۇق ئامىللار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان ۋە كۈچىنى كۆرسەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بۇزۇپ تاشلىغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھازىر بۇزۇلۇشنىڭ قانداق باشلانغانلىقى ۋە قانداق بولۇپ بۇ بۇزۇلۇش سىزىقىنىڭ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغانلىقى توغرىسىدا توختىلىمىز.

## بۇرۇلۇپ كېتىش سىزىقى

بۇرۇلۇپ كېتىش سىزىقى قانداق باشلاندى؟ ۋە قانداق بولۇپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلدى؟

رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇ زاتنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە تەسىر قىلىدىغان بىۋاستە شەخسىي خاراكتېرىنىڭ تەسىرى كەتكەندىن كېيىن، ئىسلامىي جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كۈرۈنۈشلىرىنى ئۇزۇن زامانلارغىچە ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولىدىغان ئىشلار جۈملىسىدىنمۇ؟ بىز بۇ سوئالغا ئىجابىي جاۋاب قايتۇرغىنىمىزدا رېئالىزمچى بولالمايمىز؟

شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇ زاتنىڭ شەخسىي خاراكتېرىنىڭ كىشىلەر كۆڭلىگە بولغان بىۋاستە تەسىرىنىڭ كېتىپ قېلىشى، ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ پاچاقلىنىپ كېتىشى ۋە ئۇل ـ قائىدىلىرىنىڭ تۈپ ئاساسىدىن گۇمران بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ دېگەن قاراشتا بولساق يەنىلا رېئالىزمچى بولالمايمىز. ھازىقىرقىدەك ئويلىساق رېئالىزمچى بولالمىغانىنىڭ ئۈستىگە مۆئمىن بولالمايمىز. ئەگەر بىز ئىنسانىنىڭ نەمۇنىلەر، ئىدىيىلەر، پرىنسىپلار ۋە قىممەتلەرگە بولغان ئىمانى كىشىنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى پاراكەندىچىلىكلەر بولۇپ، ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن دەرىجىدىن تاشقىرى (ئادەت ـ مۆجىزىگە) موھتاج

بولىدۇ. ئاشۇ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلەر كۆزدىن غايىپ بولغان چاغدا ئىمان يوقۇلىدۇ دېگەن قاراشنى مۇقەررەرلەشتۈرسەك، ئۇنداقتا بىز ئىنسانىيەتنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى تولىمۇ ئەرزان باھادا باھالىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەرزىمەس، پۈچەك نەرسىلەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان بولىمىز؟

بىز ھەقىقەتەن يەر شارىدا ئىنسانىيەت تارىخى باشلانغاندىن بېرى بۈيۈك ئىدىيە-قىممەتلەر ۋە پرىنسىپلارغا ئىشەنگەن ھالدا ياشىغان ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتلەر قىلغان، ھايات رېئاللىقىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن جاپا تارتقان، ئۇلارنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلاپ ياشىغان تارىخ رېئاللىقلىرىدىن غاپىل بولغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئەرزان ۋە ئەرزىمەس باھا بەرگەن بولىمىز.

شۇنداقلا ئىسلام دىنى باشتىن كەچۈرگەن مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئىسلامىيەت رېئاللىقلىرىدىن بىخەۋەر، ئىسلام تارىخىدىن بىخۇد بولغان بولىمىز؟!!

ئەگەر بىز ئاللاھ ئىنسانلار ئۈچۈن قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك بارلىق ئىشلارنى قىلىپ بەردى، ئۇلارغا ئاسماندىن كىتابنى چۈشۈرۈپ بەردى، ئۇلارغا ئەلچىسىنى ئەۋەتتى، كىتابنىڭ يېتەكلىشىگە ئاساسەن «ئۈممەتنى قۇرۇپ» چىقىشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شەرىئىتى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن تەربىيىلىدى، ئۇلارغا شەرىئىتى ۋە يول-يورۇقلىرىنى تەپسىلىي ۋە ئوچۇق بايان قىلدى، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى نەچچە ئون يىللىق ۋاقىت چەكلىمىسى بار بولغان شۇنچە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالامدۇ؟ شۇنچە داغدۇغىلىق ئىدىيە ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە

بۇ ئەۋزەللىكلەرنىڭ دەۋرى رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ ۋاپات بولۇشى ۋە ئۇ زاتنىڭ شەخسىي خاراكتېرىنىڭ كىشىلەر كۆڭلىگە بولغان تەسىرىنىڭ كېتىپ قېلىشى بىلەن ئاخىرلىشامدۇ؟ ئاللاھنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ماكان ۋە زامان چەكلىمىسى قويمىغان ھالدا ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن چۈشۈرگەن دىنى تۈگىشەمدۇ؟ مۇئمىن ھەرگىز بۇنداق تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. بۇنداق ئەخمىقانىلىق زېمىن يۈزىدە ياشايدىغان ساپال لايدىن يارىتىلغان ئادەتتىكى ئەرزىمەس بىر مەخلۇقتىن سادىر بولمايدۇ-يۇ، پۈتۈن كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ھاياتلىقنى ياراتقۇچى ئاللاھتىن سادىر بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇ زاتنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە تېگىدىغان بىۋاسىتە تەسىرىنىڭ كېتىپ قېلىشى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بازىلىرىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇل-قائىدىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ تەبىئىي ئىشلار جۈملىسىدىن بولالمايدۇ؟

شۇنداقلا ئاشۇ ئۇلۇغۋار بۈيۈك سەۋىيە ئۇستىدە ئىزچىل داۋاملىشىدۇ دەپ ئويلاشمۇ تەبىئىي ئىشلار جۈملىسىگە كىرمەيدۇ. شەيئىلەردىكى ئالىيلىشىش ۋە چۈشكۈنلىشىش تەبىئىيلىك بولىدۇ. ئەينى چاغدىكى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۇلارغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىشى بىلەن ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەن.

ئاشۇ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىشلەر كېتىپ قالغاندا ئۇلارنىڭ ئۆزلىككە قايتىشى ۋە مۇشۇ ھودۇدلار ئىچىدە ھايات

كەچۈرۈشى تەبىئىي ئەھۋال. ئۇنداقتا بۇ ھودۇدلار نېمىلەردىن ئىبارەت؟

بۇ ھودۇدلارنى، يەنى چەك ـ چېگرالارنى ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئىسلام بارلىققا كەلتۈردۇ. بۇ دەل ئىسلام بىلەن رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ شەخسىي خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتۇر.

بۇ پەرق: «ئى خالايىقلار! ئاراڭلاردىن كىمكى مۇھەممەدكە ئىبادەت قىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ئۆلۈپ كەتتى، كىمكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىكەن، ئۇ تىرىك، مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ» دېگەن پەرقتۇر.

ئەبۇ بەكرى سىددىق ـــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېيتقان يۇقىرىدىكى سۆز ھەقىقەتەن توغرا ... ئىسلام ئاللاھنىڭ سۆزى، ئۇ مەڭگۈ ھايات سۆز، ئۇ ئەبەدىي ئۆلمەيدۇ، يوقالمايدۇ.

ئىسلامنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدىكى تەسىرى ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. چۈنكى، ئىسلام ئىنسانلار قەلبلىرى بىلەن تىرىك مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئالاقىنى داۋاملىق چىڭىتىپ مۇستەھكەملەپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئەگىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى، تەلىپىگە ئاساسەن تەربىيىلەپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ تەسىرى ئۇ زاتنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى زامانغىلا قارىتىلمايدۇ. ئۇ زاتتىكى گۈزەل ئۈلگە ـ نەمۇنىلەر ئېچىۋېتىلگەن قەلبلەر ئۈچۈن داۋاملىق ئاساس بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىماقچى بولساق، كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋاملىق مۇسۇلمان بولغان ھالدا ياشاپ كەلدى.

ئىسلام ھاياتىدىن بولغان «نەمۇنىلىك ـ ئىدىئالىستىك ئەمەلىيەت» دەۋرى ئۇزۇن داۋاملاشمىغان، ئاللاھنىڭ ئىلمىي ئەزەلىيسى ۋە شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى بېكىتىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى قارىغان كۆزلەر ئۇچۇن يارقىن، جۇلالىق كۆرۈنۈشلەر بىلەن ھەممىشە ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. ھەر زامان ۋە ھەر ماكان تېپىلىدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلار قولىدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە ئورۇنغاندا، ھەرقايسى تارىخ باسقۇچىدا ئۆتكەن ئەۋلادلار ياكى ئايرىم شەخسلەر ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغ‍ۋار، يۈكسەك سەۋىيىسىگە يېتەلەيدۇ، زامانىنىڭ ئۇزىرىشىدىن قەتئىينەزەر كىشىلەرنىڭ بۇ يولدا جاپا ـ مۇشەققەتلەر تارتىشى، بەدەللەر تۆلىشى، قۇربانلار بېرىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ يولدا يېقىنلىشى بىلەن ئىسلامغا ئىسلامنىڭ كۈچى ۋە جانلىقلىقىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

ئاشۇ كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان نادىر دەۋر ئۆزىنىڭ بارچە نەمۇنىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئالىي ماقامىدا بېكىتكەندەك مۇسۇلمانلارنىڭ رېئاللىقىدىكى 14 ئەسىر ئىچىدە گاھى نۇر، گاھى زۇلمەتلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇرۇشى بىلەن ئەمەلىي رېئاللىقىدا ۋۇجۇدقا چىقىپ كەلدى.

كىشىلەرنىڭ ئۆيلىگىنى ۋە كۆنۈپ كەتكىنى بويىچە بولغاندا بولسا ئىسلامىي جەمئىيەت رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاللاھ خالىغانغا قەدەر ئۇلگىلىك مۇسۇلمان ھالىتىدە داۋاملىشىشى، يەر شارىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە قەدەر ئىسلام نوپۇزى كېڭىيىشى، ئىسلام قائىدىلىرى، ئۇل ـ ئاساسلىرى مەزمۇت تۇرۇشى، كىشىلەر ئىسلام ئۇقۇمىدا ھايات كەچۈرۈشى كېرەك ئىدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ پەرەز قىلىنغان ئاشۇ ئىشلارنىڭ چوڭ بىر قىسمى تارىختىن ئۇزۇن زامانلارغىچە مەۋجۇد بولۇپ كەلدى.

ھاياتلىق ئۆزىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە رەسۇلۇللاھ ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ ۋە ئۇنىڭ توغرا يول تۇتقان خەلىپىلىرىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكىدەك يۇقىرى ئۇپۇق سەۋىيىسىدە بولمىسىمۇ، لېكىن شۇنداق تۇرۇشلۇق يەنىلا يەر شارى بىلىدىغان تۈزۈم، قىممەتلەر ۋە ھەزارەتلەرگە نىسبەتەن بەك ئالىي ۋە ئۈستۈن سەۋىيىدە بولۇپ كەلدى. بىز بۇ ھەقتە شەرقشۇناس ۋولفرد كانتول . سىمىس ئەپەندىنىڭ «ئىسلامنىڭ كىشىلەر ئىچىدە ئادالەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئورۇنۇشلىرى مۇشۇ ساھەدىكى ئورۇنۇشلار ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكى، ئىجتىھادىي تىرىشچانلىقلىرى ئەڭ كۆپى بولۇپ كەلدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئەڭ كۈچلۈك ۋە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى سەرپ قىلىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلامىي ئاللاھدىلىكلەرنىڭ ھاياتلىقنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلىرىغا قەدەر قانداق كېڭىيىپ، ئەينى دەۋردە پۈتۈن يەر شارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى، بۈگۈنكى يېڭى ياۋروپا

ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممە باسقۇچلۇق تەرەپلىرىنى ئىسلامدىن قوبۇل قىلىپ، بۇگۈنكىدەك يوروقلۇققا ئېرىشكەنلىكلىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق.

مۇسۇلمانلار ئىنسانىيەت ئىدىيىسىدە چوڭقۇر قارار ئالدۇرغان «ئىنسانىيەت» ئۇقۇملىرىنى ياۋروپا ئەھلى سەلب ئۇرۇشى جەريانىدا بىر قېتىم ئۇچراتقان بولسا، ئاندولۇس ــــ ئىسپانىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى ئىسلامىي ئۇنىۋېرسىتېتلاردا يەنە بىر قېتىم ئۇچرىتىپ بىروفلىت ئېيتقاندەك، بۇ ئۇقۇمنى بۇگۈنكى مەدەنىيلەشكەن دۇنيا بەرپا بولغان مەدەنىي ئاساسلارنىڭ ھەممىسىگە كىرگۈزدى ۋە ئارىلاشتۇردى.

قىسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ زەئىپ-خىياللىرىغا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە خەلىپە راشىدىنلارنىڭ ھاياتىدىن كېيىن «ئىسلامنىڭ دەۋرى ئاخىرلاشتى»، «ئىسلام تۈگەپ كەتتى»، «ئىسلام كەلمەسكە كەتتى» دېگەندەك بىمەنە، ئىزغىرىن خىياللارنىڭ پەيدا بولۇشى ھەقىقەتەن خاتا، ھەم سېپى ئۆزىدىن ئەخمىقانىلىقتۇر. نەمۇنىلىك ۋە ئۈلگىلىك دەۋرنىڭ ئاخىرلىشىپ «ئىسلام تارىخىدىكى» «ئاددىيلىق» دەۋرىنىڭ باشلانغىنى راست، گەرچە بۇ ئاددىيلىق ئىسلامغا نىسبەتەن ئاددىيلىق بولسىمۇ، لېكىن يەر شارى ئۈستىدىكى ئەڭ ئالىي، ئەڭ ئۇلۇغۋار دەۋردۇر.

لېكىن، ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كېتىش لايىھىسى شۇ چاغدىن باشلاندى.

ھۆكۈمرانلىق سىياسىتى ۋە مال ـ مۈلۈك سىياسىتىدىكى ئىسلامىي پرىنسىپلارنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئەۋۋىلى ئۇمەۋىييە سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاندى. چۈنكى، ئىسلام كۆرسەتمىسىدە «شۇرالار» مەسلىھەت كېڭەشمىسى بىلەن سايلاپ چىقىلىدىغان «خەلىپىلىك» تۈزۈمى ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدىن باشلاپ «مىراس» تۈزۈمىدىكى سۇلالە پادىشاھلىقىقا ئۆزگەرتىلدى. بۇلار زۇلۇم ـ سىتەملىرى ۋە مۇستەبىتلىك تۈزۈملىرىنى بىر ـ بىرىدىن مىراس ئېلىشىپ، ئەمىرلەر ۋە سۇلتانىنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرى دائىرىسى ئىچىدە ھوقۇق فېئودالىزمغا ئوخشايدىغان يېرىم فېئودالىزمغا ئايلاندى.

لېكىن، بىر پۈتۈن مەجمۇئەسىدىكى ئىسلامىي جەمئىيەت ئەھۋال قانداقلا بولمىسۇن ئىسلامىي جەمئىيەت سۈپىتىدە ياشاشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بۇرۇلۇش ۋە بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش پەقەت مەركىزى ھۆكۈمەت پايتەختتىلا بولغان بولۇپ، بۇ بۇزۇلۇش ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن بولماستىن، پەقەت پادىشاھلار ۋە باشلىقلارغا نىسبەتەن ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىدىكى چېكىنىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەددىدىن زىيادە بۇزۇپ ـ چېچىپ، ئىسراپخورلۇق قىلىدىغان ئايرىم جەھەتتىكى قىسمەن بۇزۇقچىلىق ئىدى. لېكىن، ئاشۇ ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇلۇپ كېتىشلىرىدىن قەتئىينەزەر كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا ئىسلام پرىنسىپلىرىنى قارار ئالدۇراتتى ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلاتتى.

بەزى چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ ۋە يېقىن ـ يورۇقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ۋە مال ـ مۈلۈك مەسىلىلىرىدە شەخسىيەتلەرگە

خاس دوقۇنۇشلار كېلىپ قالسا ئەگىپ ئۆتۈش يولىنى تۇتقانلىقىنى نەزەردە تۇتمىغاندا.

يۇقىرىقىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا گۇمان يوق، لېكىن بۇ بۇزۇقچىلىق بىز ئېيتقاندەك، ئايرىم ھالدىكى قىسمەن بۇزۇقچىلىق بولۇپ، ھۆكۈمەت مەركىزىدىن ئىسلامىي جەمئىيەتكە ئۆتمىگەن بىر ئۇچۇم ئازغىنە كىشىلەردىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يامان تەسىر كۆرسەتمىگەن. ئۇلار ساپ ئىسلامىي ئۇقۇملار ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن ۋە بۇ ئۇقۇملار ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تۇراقلاشتۇرغان، ئۇلار رېئال ئەمەلىي دۇنيادا شەخسەن ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەرگە قارار قىلغان ئىززەت ـ شان ـ شەرەپنى ھېس قىلغان.

ئىمان مۇئمىنلەر كۆڭلىدە بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئۇستۇنلۇكنى ھېس قىلغان، ئىمان ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ۋە ئۆزلىرى ياشىغان جەمئىيەتكە تېگىشلىك ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇيرىغان چوڭ پەرزلەرگە تەۋە بولۇشنى ھېس قىلغان، مۇئمىنلەرنى ئۆزئارا بىر يەرگە توپلايدىغان ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى ھېس قىلغان، ئۇممەتنى بىرلەشتۇرىدىغان، بىرلىككە كەلتۈرىدىغان دوستلۇق ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى ھېس قىلغان. بەلكى، قايسى ئىرق ۋە قايسى تىلدىكى بىر مۇسۇلمان مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان قايسى قىتئە ياكى قايسى رايونغا كىرسە، شۇ جاينىڭ ھاكىم باشلىقلىرىنى نەزەردە تۇتمىغاندا، ئاشۇ يەردىكى ھەربىر ۋە ھەممە مۇسۇلماننىڭ قېرىنداشىغا ئايلىنىدىغان، ئۇلاردىن مېھرى ـ مۇھەببەت، دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە قېرىنداشلىق مۇئامىلىلىرىگە ئۇلار ئۆزلىرىگە نېمىنى بەرسە، ئۇنىڭغا شۇنى بېرىدىغان خۇددي خىيال دۇنياسىدىكى «پەزىلەتلىك شەھەر

ئاھالىسى»دىن كۈتۈلىدىغان پەزىلەتلەرنى ئۇ يەر ۋە بۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىدىن ئورتاق ھېس قىلىدىغان، مال ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ مۈلكى، كىشىلەر بۇ ماللار ئورتاقلىشىدۇ، بايلىقتىن تىقىلىپ ئىشلەتكىلى يەر تاپالمايدىغان بايلىق كەمبەغەللىكتىن مەھرۇم قېلىپ توپا بىلەن تەڭ بولۇپ كېتىدىغان كەمبەغەللىك بولمايدۇ دېگەن تۇيغۇنى ھېس قىلغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي پائالىيەتلىرى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئىرادە قىلغان مەقسىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان ھالدا ئىسلام — ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئەڭ چەت يىراق يەرلىرىگە قەدەر كېڭىيىشى، تولۇق ئومۇملىشىشى، ئىسلام كىرمىگەن ھېچقانداق جاي بولماسلىقى ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. بۇلار ئۈچۈن ئۆزلىرىدە بار بولغان بارلىق كۈچ - تاقەت ۋە تىرىشچانلىقلارنى سەرپ قىلدى. بۇ تىرىشچانلىقلار ئۆز نۆۋىتىدە ئەڭ كاتتا تىرىشچانلىق ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ھاياتلىقتا داۋاملىق كېرەكلىك بولغان مەنبە، كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە - مۇناسىۋەتلەرنى ئىنتىزاملاشتۇرۇشتا ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىردىنبىر دەستۇر بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا دەستۇر يوق. ئۇلار ئۇستۇنلۇك ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئاللاھنىڭ نۇرى بولغان ئىسلام تەرەپكە يېتەكلەش ئۈچۈن رېئال دۇنيادا ئىلىم، ئەمەل، ھەرىكەت ۋە توغرا تىرىشچانلىق قاتارلىقلار بىلەن ئەمەلىي ئىش قىلىشلىرى لازىم. ئۇلار مۇشۇلارنى ھېس قىلغان ھالدا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىپ ياشىدى. ئۇلار مۇشۇلارنى قىلغاندا

ئاندىن تارىخ ئېتىراپ قىلغان ھاياتلىق تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە پەتھى ـ ئىشغالىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدى.

## ئاbباسىيلار دەۋرى

شۇنىڭدىن كېيىن ئاbباسىيلار دەۋرى يېتىپ كەلدى. بۇ دەۋردە پارسلار دۆلەتنىڭ سىياسىي ئاپپاراتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىغا ئارىلاشتى. «ئىسلامىي پىكىرلەرگىمۇ» ئىدىئالىستىك رېئاللىقتىكى ئىسلامىي تەسەۋۋۇرغا يات نەزەرىيە پەلسەپەلەر، سوفىزمدەك بەزى يات ئۇقۇملار سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. شۇنداقلا، مەركىزى ھۆكۈمەتكىمۇ تۈرلۈك ئەخلاقىي چېرىندىلەر بۆسۈپ كىردى. خەلىپە، ئەمىرلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەۋەلىكلىرىنىڭ ئوردا ـ قەسىرلىرىدە ئىسلام ئېتىراپ قىلمايدىغان، سىغدۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان، كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرۈۋېتىدىغان ئويۇن ـ تاماشا، گۇناھ ـ مەئسىيەت، ئىسراپخورلۇق، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ھالال ئەمگەكتىن قېچىش، تىرىشچانلىقتىن يالتىيىش، قىز ـ چۆرىلەر، ناخشا ـ ئۇسسۇللار، مۇزىكانتلار، ئار ـ نومۇسنى بىلمەيدىغان، پەقەت چۆنتىكىنى توشقۇزۇپ، داستىخاندىن ئاشقان ـ تاشقاننى مەزە قىلىپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان كۆڭۈل ئاچقۇچى قىزلار، ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلار، شائىر، يازغۇچى، مەدداھلارنىڭ كۆپ بولۇشى، قەسىرلەرنىڭ ئەۋرەزلىرىدىن چىققان چىرگىندى سېسىقچىلىقلارنى مەدھىيىلىگۈچى ئەدىبلەرنىڭ ئەتىۋارلىنىشى، «ئىلىم ـ پەن» ئىسلامىي ھەقىقەتلەرنى مەنبە قىلغان، ئىسلامىي ھەقىقەتلەردىن بارلىققا كەلگەن ۋە

ئۇنىڭدىن تەرجىمە قىلىنغان ھەقىقىي ئىسلامىي پەن بولۇشتىن يىراق قىلىنىپ، بەزىدە راھەت-پاراغەتنىڭ ۋە بەزىدە ئويۇن-تاماشانىڭ سايىمىنىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلىشى ئۇنىڭدا ھاياتلىقتا كېرەك مەنىلەر توغرىسىدىكى تەبىرلەرنىڭ تولىمۇ ئاز بېرىلىشى ...

يۇقىرىقىدەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسلامىي جەمئىيەتلەرگە تەتۈر تونۇش كەلتۈرگەنلىكىدە شەك يوق. لېكىن، بىز بارلىق ئىسلامىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەخلاقىي يېمىرىلگەن بۇزۇق مەركىزى ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن راھەت-پاراغەت ۋە ئەيشى-ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن جىنايەتكىرانە خەلىپە-باشلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ قەسىرلىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلساق ھەقىقەتەن خاتالاشقان بولىمىز.

گەرچە تارىخ كىتابلىرى، خۇسۇسەن غەربنىڭ يازغۇچىلىرى ئاشۇ زامانلاردىكى ئىسلامنىڭ مۇشۇ خىلدىكى كۆرۈنۈشلىرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈشكە چىڭقىلىپ كۈچەپ كەتكەن ۋە پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، ھازىرقىدىن بىر ئەۋلاد ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىنى بىلگۈچىلەر ھۆكۈمەت مەركىزىدىكى كىشىلەرنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى، ئىسلامىي يۇرتلاردىكى يېزا-كەنت كىشىلىرىنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى ئۇقىدۇ. ئىككى ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدا ئەڭ زور پەرقنىڭ بارلىقىنى، مەركىزى ھۆكۈمەتتىكى بۇزۇقچىلىقنى دەستەك قىلىپ ئۆز ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قالغان، پايتەخت ۋە ئۇنىڭ ساراڭلارچە ئەيشى-ئىشرەتلىرىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتقان ئومۇمىي جەمئىيەت كىشىلىرىگە نىسبەتەن كۆڭۈل بۆلۈشكە يارىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بىز بۇ يەردە مۇسۇلمانلار

«خەلىپىلىرى» ۋە ئۆلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ تارىخىنى بۇزماقچى ئەمەس، لېكىن ئىسلامىي جەمئىيەتلەر تارىخىنى، ئۇممەتنىڭ كوللېكتىپىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان پىكرى ھەقىقەتلەرنى ئەمەلىيىتىدە شەكىللەندۈرگەن ئاددىي شەخسلەرنىڭ تارىخىنى ئالدىڭىزدا قويماقچىمىز.

بىز ئېيتقاندەك، مەركەزدە ھەددىدىن ئاشقان بۇزۇقچىلىقتىن «كىچىككىنە نەرسە» پۈتۈن جەمئىيەتكە تەتۈر چۈشىنىشنى كەلتۈرگەن بولسا، بۇ بۇزۇقچىلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك جەمئىيەتكە سىڭىشتۇرغاندا، ئۇ بەك خۇنۇك نەرسە ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ھاراق ـ شاراب، قىز ـ چوكان، ئويۇن ـ تاماشالار ۋە مۇزىكىلار مەركەز قەسىرلىرىدە «سۆيۈملۈك» نەرسە بولغان ۋە بۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا نۇرغۇن ماللار بىھۇدە سورىۋېتىلگەن ۋە ئىنسانىيەت جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ۋە قان ـ تەرلىرى بىھۇدە چىقىم قىلىنغان بولسا، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئاشۇ مەركەزدە قەسىرلەرنىڭ غەۋغالىرى، ھەددىدىن زىيادە بىھۇدە ئەيشى ـ ئىشرەتلىرىدىن ئۆزلىرىنى يىراق تۇتۇپ، ئۆز ئەمەللىرىگە جان ـ دىلى بىلەن بېرىلگەن، كىتابلارنى يېزىپ چىقىدىغان، باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ «رەسەتخانىلىرى»، ئىش ئورۇنلىرى ۋە خۇسۇسىي كىتابخانىلىرىدا ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار بولغان، فىقھى دەرسلىرىگە كىرىشىپ، فىقھى دېگىزىنى ھاسىل قىلىدىغان، ئىسلام مىراسلىرىغا يېڭىدىن ـ يېڭى ساپ بولغان ئىسلامىيەت روھىنىڭ مىراسلىرىنى قوشىدىغان فەقىھلەر بولغان، ئاللاھنىڭ زېمىنىنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ، ئاللاھنىڭ بىپايان

زېمىنى يەر شارىدا يېڭى بايقىلىشلارنى ئۇقۇش ۋە بۇ توغرىلىق ئىخلاسمەنلىك بىلەن توغرا ۋە ساپ بولغان ئىلمىي بايقاشلارنى يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىرىشكەن ھاسىلاتلار ۋە ئوتتۇرىغا قويۇشلاردا ئىلمىي بولۇش، ئەمەلىي بولۇش، ئىنچىكە ـ نازۇك بولۇش، ئامانەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش بىلەن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان جۇغراپىيىچى ئالىملار بولغان، زېمىننى ئارىلاپ كىشىلەرنى ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو، ھىندونوزىيە ۋە بۇ ئىككىسىدىن باشقا ئاسىيانىڭ ئەڭ چەت جايلىرى ... سۇدانىنىڭ شەرقى ۋە غەربىگە قەدەر بارغان، بىر قىتئەدىن يەنە بىر قىتئەگە ... بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا يۆتكىلىپ يۈرۈپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان «دەۋەتچىلەر» بولغان، ھەر ماكاندىكى ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى جەڭ مەيدانىغا كىرىدىغان شىر ـ قاپلانلار كەبىي، ياق شىر ـ قاپلانلار قولىغا سۇ قويۇپ بېرەلمەيدىغان «مۇجاھىد»لار بولغانىدى. شۇنداقلا بۇلاردىن سىرت جەمئىيەتتىكى «ئاددىي شەخسلەر» شەھەرلەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردىكى كىشىلەر مۇسۇلمان ھالىتىدە ئىسلام روھى بىلەن كۈندىلىك ھاياتىغا ئىسلامنى ھۆكۈمران قىلغان ھالدا ياشىغانىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ھارامدىن ساقلانغان ۋە ھالالنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەئيى ـ تىرىشچانلىقلار قىلغان ھالدا، ئىسلام ئەنئەنىلىرىدىن كېلىپ چىققان جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەنئەنىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلغان ھالدا ياشايتتى.

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز ئۆزھال تەبىئەتنىڭ مەنىسى ئەمەس، چۈنكى بۇ جەمئىيەت ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى بىتەرەپ قىلىشتا نەمۇنىلىك ۋە پەزىلەتلىك بولمىغان، چۈنكى زېمىن يۈزىدە قايسىبىر

جەمئىيەتتە تارىخ دەۋرلىرىنىڭ قايسى بىرىدە بولسۇن، بۇنداق ھادىسە بولۇپ باقمىدى. رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — ئۆز كۆزى بىلەن تەربىيىلەپ چىققان جەمئىيەتمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسى بۇ جەمئىيەتتە ياخشىلىق ـ يامانلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۈستۈنلۈككە تارتقۇچىلار تۆۋەنگە تارتقۇچىلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، پەزىلەتلىك ئەنئەنىلەر بىتچىت قىلىنغان يامان ئەنئەنىلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئابباسىيلار دەۋرىدىكى جەمئىيەت پۈتۈن كوللېكتىپ ھالىتىدە ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدىكى جەمئىيەتلەردىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ. لېكىن، بۇ جەمئىيەت تېخىچە «مۇسۇلمان»، ئۇلار ئۇ يەر ۋە بۇ يەردىكى ئۇقۇملاردا بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر تېخى ئىسلامىي ئۇقۇملار ئاساسىدا ياشايدۇ.

⁂ ⁂ ⁂

## تۈركلەر دەۋرى

كېيىن ئوسمانلى تۈركلىرى ئىسلام ئەنئەنىلىرىگە ئىگە بولدى. گەرچە تۈركلەر ھەربىي ساھەدە ئىسلام ئۈچۈن ئۆز تالانتلىرىنى نامايان قىلىپ ئىسلام ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىشلارنى روياپقا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام تۈركلەرنىڭ قولىدا ئاجايىپ جاپالىق كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئەڭ زور چېكىنىش ۋە ئىسلام ئۇقۇملىرى قاتمال ئۇقۇملارغا ئايلاندۇرۇلدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئىسلام ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قېتىپ قالدى، جانسىزلاشتۇرۇلدى،

ئۆسۈش ۋە تەرەققىي قىلىشتىن توختاپ قالدى. ئىسلامنىڭ ئەڭ ئالاھىدە ئۇبرازلىرىنىڭ بىرى ئۇ مەيدانغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ «ھەرىكەت» ئىدى. ئۆزىنىڭ يۈزلىنىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەمەلىيەتچان ھەرىكەت ئىدى. پەتھى-ئىشغالىيەت مەيدانلىرى، ئىلىم-ئىرپان مەيدانلىرى، فىقھى مەيدانلىرى، ئىقتىساد مەيدانلىرى، ئىجتىمائىي مەيدانلىرى، پىكىر مەيدانلىرى، سىياسىي مەيدانلىرى، دېمەك ھاياتلىق تەرەپلىرىنىڭ ھەربىر ۋە ھەممە تەرەپلىرىدىكى مەيدانىدا ھەرىكەتچان ھەرىكەت ئىدى. ئوسمان تۈرۈكلىرى ئىسلام ئەنئەنىلىرىگە ئىگە بولغاندا پەتھى-ئىشغالىيەت مەيدانىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي تالانتى ۋە ئەسكىرىي كۈچىنى كۆرسەتتى ۋە مۇشۇ ساھەگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. لېكىن، ئۇلار باشقا مەيدانلاردا ئەيىبلەشكە تېگىشلىك قاتماللىقلارنى پەيدا قىلدى.

ئۇلار ئىلىم ۋە ئىلمىي ئىشلارغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامنىڭ ئىلمىي تەرەققىياتى توختاپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ياۋروپالىقلار ھازىرقى زاماندىكى يېڭى ئىلمىي ئويغىنىشنىڭ ئاساسلىرىنى ئىسلامىي مەنبەلەردىن قوبۇل قىلىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال ئۇلاردىكى بارچە تارىخچىلارغا ئايدىڭ، ئۇلار بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئۇلار فىقھنى ئۇسۇل-قائىدىلىرى بىلەن يىلتىزلىق بىلمەيتتى. ئۇلارغا تەقۋالىق تۈرتكە بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتتە تۇرغۇزۇلغان فىقھى مىراسلار بولۇپ، ئۇنى ئۆز ھالىدا توڭلىتىپ قويغانىدى.

فىقھى جەمئىيەتنىڭ ئىسلامىي پىكىر سايىسىدا ئىزچىل ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، كېيىن

پىقھىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ جانسىزلىشىپ قېلىشى ۋە ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ بىر ئىزدا قېتىپ قېلىشى بۇ توختاپ قېلىش ئەڭ زور قورقۇنچلۇق يامان توختاپ قېلىش بولۇپ، ئىسلامىيەت ئۆزىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن تارىخىدا بۇنىڭدىن يامان، ناچار، پاسسىپ ھالەتكە گىرىپتار بولۇپ باققان ئەمەس.

جەمئىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە مىراس قالغان ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ قېلىشى. لېكىن، بۇ ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلەر ئۆزىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان مەنا ئۇقۇملىرىنى يوقىتىپ قويۇشى، بۇ ئەنئەنىلەرنى جانسىز تاشقى كۆرۈنۈش (رەسمىيەتچىلىك)كە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۆز زاتىدىكى بۇ مۇقەددەس تاشقى كۆرۈنۈش كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكۈزەلمىسىمۇ مۇقەددەس بولۇۋېرىدۇ. خۇددى تۇرۇكلەر ئاياللىرىنىڭ روپاچ بولغىنىغا ئوخشاش، ھىجابلىق بولۇش جەمئىيەتنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئوردا ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇزۇقچىلىق ۋە ناشايان ئىشلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، ھىجابلانغان ئاياللغا ئىنساننىڭ كۆزى يەتمەيدۇ، ھىجاب ھىجاب ئىچىدىكى ناتوغرا ئىشلارنى يوشۇرۇپ قالىدۇ. ئىسلامغا كېلىدىغان ھەقىقىي خەتەر مۇشۇ ئېچىنىشلىق توختاپ قېلىشتىن باشلاندى. قايسىبىر پىكىر ياكى نىزامغا ئۇنىڭ ئۆسۈپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىشى توختاپ قېلىشتىن بەكرەك خەتەرلىك نەرسە بولسۇن، ئۆزىدە بار كۆرۈنۈشلەر ئۇستىدە قېتىپ قېلىشتىن بەك خەتەرلىك نەرسە بولسۇن. چۈنكى، قاتماللاشتۇرۇلۇپ پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان پىكىر ياكى تۈزۈم چوقۇم ھالەك بولۇش ۋە يوقۇلۇش گىردابىغا قاراپ ماڭىدۇ.

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سۈپىتىدە ئىسلام ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە دەرد ـ ئەلەملىك ۋە قوپال ھادىسىگە دۇچ كەلدى. ئىچكى جەھەتتىن ھوقۇق تالىشىش، تاشقى جەھەتتىن موڭغۇل ۋە تاتارلارنىڭ ھۇجۇملىرى ۋە ئۇزۇلمەي داۋاملىشىۋاتقان ئەھلى سەلب ھۇجۇملىرى بۇ يوچۇقنى تېخىمۇ زورايتىپ قويدى. ئوسمانىي ھۆكۈمرانلىرى قولىدا بۇ تاشتەك قېتىپ توختاپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام كەسكىن ۋە قاتتىق زەربىلەرگە دۇچار بولدى.

ئەھلى سەلب دۇنياسى ماراپ تۇرۇۋاتقان بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمىدى. چۈنكى، ئۇلار مۇشۇنداق بىر شارائىتنى ئۇزۇن زامانلاردىن بىرى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەھلى سەلبلەر بۆشۈكتىكى ـ تۆشۈكتىكى ھەممىسى بىر بولۇپ ئۆزىدىكى بارچە تاقەتلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ، ئاشۇ ئىسلام ۋە ئۇنىڭ دۇنياسىنى گۇمران قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن كەلكۈن كەبى يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

شۇنداق تۇرۇشلۇق ئىسلام ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن يەتكەن ئاشۇ ئېغىر مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن تۇرۇپ، ئىسلام ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟ ئۇنىڭ تەقدىرىگە يوقۇلۇش پۈتۈلدىمۇ؟

بۇ جەھەتتىكى ئىش ئەھلى سەلبلەردىن ئىسلام دۇنياسىغا ئۈستۈن بولۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچ ۋە تەييارلىقلىرىنى ئىشقا سېلىپ تولۇق بىر ئەسىر تىرىشچانلىق سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ھۆكۈمرانلىقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئىسلامغا خاتىمە بېرىش، ئۇنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىدە تېپىلىدىغان بارلىق ھىيلە ـ نەيرەڭلەر، سۇيىقەستلىك

پىلانلارنى ئىشقا سېلىپ يەنە بىر ئەسىر ۋاقىت سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئاخىرقى قېتىملىق ئەھلى سەلب ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ ئۆزگىرىش پۈتۈن تارىختىكى ئەڭ كاتتا ئۆزگىرىش، بۇرۇلۇپ كېتىشنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولدى.

ئىسلامىي جەمئىيەت بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ئاجىزلاپ قالغان، ئۆسۈش ۋە تەرەققىي قىلىشتىن بىر ئىزدا توختاپ قالغان توغرا ... لېكىن، ئۇ تېخى زاۋاللىققا يول تۇتمىغان، بۇ ئەقىدىدە شەكىللەنگەن ئاجايىپ ھەرىكەتچانلىق ... بۇ ھەرىكەتچانلىق ئىلگىرىكى بارلىق تەۋرىنىش ۋە سىلكىنىشلەرنى كۆتۈرۈپ كەتكەن، يەرلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق تالىشىشى، ھۆكۈمرانلىقنىڭ چېرىكلىشىشى، تاتارلار، موڭغۇللار ۋە ئەھلى سەلبلەرنىڭ ھۇجۇملىرى دېگەندەك ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن كەلگەن ئېغىر بېسىملار ۋە ھۇجۇملار بىلەنمۇ يوقىلىش گىردابىغا كېلىپ باقمىغان، بىر مۇددەتلىك مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۆزىنى تېزلىكتە ئوڭشىۋالغان ... ئىسلامدىكى بۇ ئاجايىپ ھەرىكەتچانلىق قايتىدىن ئويغىنىپ، ئوسمانىيلاردىكى ئېچىنىشلىق ھالەت توختاپ قېلىشتىن قايتا ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان. تۈرۈكلەرنىڭ ئېغىر بېسىمى ۋە زەنجىر-كىشەنلىرىدىن ئازاد بولۇش، قايتىدىن ئەسلىدىكى ئەركىن يۈرۈشنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىشكە

ۋە سەپەرۋەرلىككە كېلىشكە باشلىغان، ھىجازدا قوزغالغان «ۋەھھابىيلار ھەرىكىتى»، سۇداندا قوزغالغان چوڭ «مەھدى» ھەرىكىتى مۇشۇ ئاجايىپ ھەرىكەتنىڭ قايتا قوزغانلىقىنىڭ مىسالىدۇر. بۇ ھەرىكەتلەر ئىسلامغا ئۆزىنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەركىن يۈرۈشىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغان، ئىنسانىيەت ھاياتىغا ئىلگىرىدىن يېزىپ كېلىۋاتقان سەھىپىلىرىگە يېڭى سەھىپە، يېڭى قۇرلارنى قوشىدىغان ھەرىكەتلەر ئىدى.

لېكىن، ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرى ئاشۇ جانلىق ھەرىكەت ئويغىنىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ دۈشمىنىنى مۇنقەرز قىلىش ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسىغا نەخ ۋە ئەجەللىك زەربە بېرىپ ئۈلگۈردى. ئەھلى سەلىبلەر ۋە ئۇلارغا قوشۇلۇپ يەر شارىنىڭ بارلىق شەيتانلار قوشۇلۇپ ئىسلامغا ئۇزۇل-كېسىل زەربە بېرىش، ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئۆزلىرىدە بار بولغان كۈچ-تاقەتلىرى ۋە ئىقتىدار-قابىلىيەتلىرىنى ئىشقا سالدى. ئىلگىرىكى قېتىملاردىكى ئۇرۇشلاردىكىدەك ئەسكەر ۋە ھەربىي ئىشلار قورال-ياراق ۋە جەڭ ماھارەتلىرىگە تايىنىپ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بۇ ياۋۇز مەلئۇنلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا ئەسكەرلىرىنىلا ۋاستە قىلماي، ... بەلكى ئەسكەرلەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئۆزلىرى ئىگە بولغان ئىلىم، ھىيلە-مىكىر، سۇيىقەست ۋە پىلان-تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، بىر تەرەپتىن ھەربىي ھۇجۇم قوزغىسا، يەنە بىر تەرەپتىن پىتنە-ئىغۋاگەرچىلىك بىلەن سىياسىي نەيرەڭۋازلىق قوزغاپ، ئىسلام تەلىماتلىرىنى سەتلەشتۈرۈپ كۆرسەتتى. شۇنداقلا بۇ سەتلەشتۈرگەن خۇنۇك سۈرەتلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىدە

نېمە ئالاقىسى بار؟ دەيدىغان پىكىرلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ناماز ئۆتىسەم، روزا تۇتساملا قالدى ئىشلارنى ئۆزۈمنىڭ بىلگىنى بويىچە، كۆڭلۈم خالىغىنى بويىچە قىلسام، ئىقتىسادىي ئەندىزىلىرىمنى يەر شارىدىكى قايسىبىر ئەندىزىلەردىن قوبۇل قىلسام، ئۇ ئىسلامچە ئەندىزە بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئوي ـ پىكىرلىرىم، ھېس ـ تۇيغۇلىرىم ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىلىرىم ئىسلامچە بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەن يەنىلا ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان بولالايمەن، دېمەككى، ئىبادەتلىرىم ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىسى ئىچىدە بولسا، ئىلاھىم كىم بولسا مەيلى، مەن قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت غەربىكە تەۋە بولامدۇ، شەرقكە تەۋە بولامدۇ، ئەنئەنىلىرىم ناسارالارنىڭكىگە ئوخشامدۇ، بۇتپەرەسلەرنىڭكىگە ئوخشامدۇ، ئىسلام بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان، ئىسلامنى ئاللاھ نازىل قىلغاندەك ساپ ھالەتتە قوبۇل قىلماي، دۇشمەنلەر تەرىپىدىن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ۋە شالغۇتلاشتۇرۇۋېتىلگەن پېتى قوبۇل قىلىدىغان مۇسۇلمان تېپىلىشقا باشلىدى. نىيىتىم توغرا، كۆڭلۈم ياخشى بولسىلا مەن ياخشى مۇسۇلمان بولىمەن، مەن كۆڭلۈم خالىغانچە ياشلار بىلەن، ئەرلەر بىلەن ئارىلاشسام بولىدۇ، كۆكسۈم ئوچۇق ياكى دۈمبەم ئوچۇق، ياكى ئىككى بىلىكىم ۋە ئىككى پاچىقىم ئوچۇق تۇرىدىغان، تولىمۇ نېپىز ياكى تار مودا كىيىملەرنى كىيسەم بولىۋېرىدۇ، ھەتتا دېڭىز بويىدىكى ئاياللاردەك قىپيالىڭاچ يۈرسەممۇ ھېچنەرسە بولمايدۇ. خالىغىنىمچە ياسانسام، زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەتسەم، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا يىغىلىشلاردا ناخشا ئېيتسام، ئۇسسۇل

ئوينىسام بولىۋېرىدۇ دەيدىغان قاراشتىكى مۇسۇلمان ئايال بارلىققا كەلدى.

يۇقىرىقىلاردىن ئېشىپ تېشىپ ئۆزىنىڭ دىنىدىن سوغۇرۇلۇپ چىققانلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا خەلقى ئالەمگە جاكارلايدىغان، دىنىنى «قالاق دىن»، «جانسىز، ھەرىكەتسىز، توختاپ قالغان قاتمال دىن»، «چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان دىن»، «مىللەتنىڭ ئويغىنىشى، ئالغا ئىلگىرىلىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بۇ دىنىنى پاچاقلاپ تاشلاش كېرەك»، «دىنىنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىدىن ئازاد بولۇش كېرەك» دېگەن شوئارلارنى بولۇشىغا توۋلاپ ئالا-جوقا سۆزلەيدىغان «مۇسۇلمان ئەر» ۋە «مۇسۇلمان ئايال» بارلىققا كەلدى.

يۇقىرىقىدەك بىمەنە پىكىرلەر غەرب دۇنياسى بولغان ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا تولۇق ئىككى ئەسىر ھارماي-تالماي، ئۇن-تىنسىز ئىسلامنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ كۆرسىتىشلىرى ۋە ئۆزىدىكى بار بولغان بارلىق ھۆنەر-ماھارەت ۋە تىرىشچانلىقلىرىنى ئىشقا سالغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، لېكىن بۇلارنى قىلغىنى پەقەت مۇشۇ ھەرىكەتلا بولماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيادا ئورتاق سادا ياڭرىغان، ئەخلاق جەھەتتىن يېمىرىلىشنى كەلتۈرۈپ چۈشكۈنلەشتۈرگۈچى ماددىپەرەست[1]لىك دولقۇنلار پەيدا بولدى. ئۇ كىشىلەرنى دىندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىشقا، دىنىنى تىتما-تىتما قىلىپ چۇۋۇپ تاشلاشقا ئۈندەيتتى. پەسكەش ھايۋانلاردىن بولۇشقا چاقىراتتى. ئىنسانىيەت

[1] ماددا بىرلەمچى دەيدىغان ئىدىيە ــــ ماركس، ئېنگلس، دارۋىن، پەرۋىدلەرنىڭ ئىدىيىسى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇچقۇنغا دۇچ كەلگەن ئەمەس. ئۇلار بۇ يىرگىنىشلىك رەزىل ئەخلاقسىزلىقنى ۋە ئىنسانىنى ئىنسانىي قىلىپتىن چىقىرىدىغان بۇ رەزىللىكنى، ئىجتىمائىي ۋە سوسئولوگىيە «ئىلمىي» نەزەرىيىلىرىگە دۆڭگەپ قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا «تەدرىجىي تەرەققىيات» نامىدىكى چوڭ ئاتالغۇنى قوشۇپ قويىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ كاتتا بۇرۇلۇپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بەردى.

تۆۋەندىكى ئىككى ئابزاستا بىر تەرەپتىن ئەھلى سەلب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىرگە توشقان ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىساق، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنياۋى دولقۇنلارنى بايان قىلىمىز، ئەھلى سەلبلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچىدىكى ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئالدى بىلەن باشلايمىز، بىز ئۇنى «يەرلىك ئامىللار» دەپ ئاتىدۇق.

## يەرلىك ئامىللار

فرانسىيىنىڭ مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ئىسلام تارىخىدىكى يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى ... يامان سەھىپە ...

ئەھلى سەلىبلەر بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىسلام دۇنياسىغا تالاي قېتىم ھۇجۇملارنى قىلغان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەت بىلەن ئارقىغا چېكىنىپ كەلگەن، ئىسلام زېمىنلىرىنىڭ بەزىلىرىدە قانچە ئۇزۇن تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىسلام قوشۇنى بۇ تاجاۋۇزچىلارنى توسۇپ قېلىش، زالىم دۇشمەنلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئېغىر چىقىملارنى تارتقان، زور بەدەللەرنى تۆلىگەن بولسىمۇ دۇشمەنلەر ئاخىرى مەغلۇب بولۇپ تەقدىرىگە تەن بېرىپ كەلگەنىدى.

بۇ قېتىم فرانسىيە مىسىرغا ھۇجۇم قىلدى. ئاخىرىدا خەلقلەر قوزغىلىپ تەرەپ-تەرەپتىن «قوزغال» سادالىرى كۆتۈرۈلۈپ، شارائىت ئۇلارنى مىسىرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە قىستىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدىكى ئەھۋال ئىلگىرىكى ئەھۋاللارغا قارىغاندا سەۋەبلىرىدە بولامدۇ ۋە نەتىجىلەردە بولامدۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلمىدى.

شىمالىي قاھىرەدە مەملۇكىيلار قوشۇنىنىڭ ناپالىئون قوشۇنى ئالدىدا ئېچىنىشلىق مەغلۇب بولۇشى پەقەت

ئەسكىرىي ئىشلاردىلا مەغلۇب بولۇش بولماستىن، بەلكى ئىسلام ئەھدىلىرىدىن بىر ئەھدىنىڭ مەغلۇب بولۇشى، ئاشۇ ئەھدى شەكىللەندۈرگەن پىكىرنىڭ مەغلۇب بولۇشى، كۆڭۈللەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا قاينام-تاشقىن ھاسىل قىلغان مەغلۇب بولۇش بولدى. مەغلۇبىيەت مۇسۇلمانلار كۆڭلىگە قاتتىق تەگدى ۋە ئۇلارنى ئىنتايىن قوپال ھەم قاتتىق سىلكىۋەتتى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت ئۇلارنى شۇنچىۋالا بىئارام قىلغۇدەك تارىختىكى ھەربىي مەغلۇبىيەتنىڭ تۈنجىسى بولمىغان ئەمەس، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئىسلام قوشۇنلىرى ئەھلى سەلب ھۇجۇملىرى ئالدىدا نەچچە قېتىم كەينىگە چېكىنگەن. مۇسۇلمانلار ھەر قېتىملىق چېكىنىشنى ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەت، بۇنىڭ سەۋەبى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ سانى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ياكى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن بولغان، ئىسلام قوشۇنى ئۆزىنى قايتىدىن ئوڭشاپ ئۇرۇش سەپلىرىگە قايتىپ، جىھاد باشلىسىلا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىپ «ئۇزلىرىنى جەڭ مەيدانىغا ئاتىغان بۇ پىدائىيلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ» دېگەن ھېس-تۇيغۇدا بولۇپ كەلگەنىدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ ھەرقېتىم مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرەتتى. «ئەقىدىنى» قوغداش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار قوزغىلاتتى. قوشۇنلار قاينام تاشقىنلىقى ۋە جۇشقۇن كەيپىيات بىلەن دۈشمەنگە سەلدەك ئاقاتتى، ئاللاھنىڭ ياردىمى مۆئمىنلەرگە ۋەدە قىلىنغان سۈپەتكە كېلەتتى.

مۇشۇ جەھەتتىن مۇسۇلمانلار داۋاملىق ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قالاتتى، ھەتتاكى ئۇلارغا ئېغىر مەغلۇبىيەتلەر چۈشكەندىمۇ ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى جەڭلەردە

مەغلۇب بولغان بىلەن ئەقىدە ـ روھى دۇنياسى غالىبلار سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملىشاتتى. روھىي جەھەتتىن مەغلۇب بولمايتتى. ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئۈستۈن ئالىي كىشىلەر ئىكەنلىكىدە گۇمان قىلمايتتى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەتتى. ئاللاھنىڭ ياردىمى ـ نۇسرىتىگە ئېرىشەتتى.

ھەر قېتىملىق ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى غەلىبىنىڭ تەكرارلىنىشى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ مەنا ـ ئۇقۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتەتتى. ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىدىكى ئىمان ئۈستۈنلۈكنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى غالىب تۇتاتتى. ئۇلار دۈشمەن كۈچلىرىگە ئادەم سانى قانچىلىك كۆپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى يۇقىرى، تەييارلىقى ئالاھىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار پەقەت ئارقىدا قالغان قالاق، ياۋايى، مەدەنىيەتسىز ۋەھشىيلەرنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسى، ئۇلار ئاللاھنى تونۇش لاياقىتىدە تونۇمايدۇ، ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ پەس مەخلۇقلار، گەرچە چوڭ شارائىتى بىر زامان ئۇلارغا خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمان ئۈستىدىن غالىب قىلىپ قويغان تەقدىردىمۇ ئاخىرى مەغلۇب بولىدۇ دەپ قارايتتى.

ئۇلارنىڭ چۈشكۈنلەشكەن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە بۇزۇق ئەخلاقىغا قارىتا قاتتىق مەنسىتمەسلىك ۋە يىرگىنىشلىك نەرسىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلاتتى. مەقرىزىي[①] ئۇلارنىڭ پەسكەش مەدەنىيىتىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار

---

① تەقيۇددىن ئەھمەد ئىبنى ئەلى مەقرىزى ـــ مەشھۇر تارىخشۇناس (ھ 786 ـــ 845؛ م 1365 ـــ 1441).

غەربلىكلەر ئەركەكلىكنى يوقاتقان، كۆللەمچىلىكتىن ئەسەر قالمىغان بىر قەۋم، ئۇلارنىڭ بىرەرسى يۈزى ئوچۇق، باشتاق، ئىككى بېلىكى ئوچۇق، كۆكسى ۋە بېلى ئوچۇق، تار ۋە قالتە كىيىم كىيگەن ئايالى بىلەن يولدا كېتىۋاتقاندا ئايالىنىڭ ئەر دوستى ئۇچرىسا، ئايالىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆز ئالماشتۇرۇۋېلىشى ۋە گەپ-سۆزلىرىنى قىلىشىۋېلىشى ئۈچۈن يولنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ تۇرىدۇ، گېپى تۈگەپ يېنىغا كەلگەندە ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك قولتۇقىدىن تۇتۇشۇپ كېتىۋېرىدۇ ...». مانا بۇلار مۇسۇلمانلار نەزىرىدە ئۆز-ئۆزىدىن كېلىپ چىققان تەبىئىي بولغىنىش ۋە ئەخلاقسىزلىق، غەرب جەمئىيىتىدىكى شان-شەرەپ ئۇقۇملىرىنىڭ يوقالغانلىقى بولۇپ، ئۇلار بۇنداق مەينەتچىلىكنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمايتتى. ئۇنىڭ يۈز بېرىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى①.

ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇسۇلمانلار كۆڭلىدىكى ئەقىدە ۋە ئۇستۇنلۇكنى ساقلاپ كەلگەن، ئاللاھ ئۆز زاتى، پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەر ئۈچۈن مۇقەررەرلەشتۈرگەن ئىززەت-غالىبلىقنى ھېس قىلىپ كەلگەن، ھەتتا ئەڭ قىيىن، ئەڭ ئېغىر پەيتلەردە، ئەھلى سەلىب ئەسكەرلىرى توغاننى بۆسۈپ كەلگەن كەلكۈن كەبى دولقۇن ياساپ كەلگەندىمۇ روھلىرى جەھەتتىن زەررىچىلىك مەيۈسلەنمىگەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن باشقا ھەممە ئەنئەنىنىڭ بۇلغانغان، بۇزۇق ئەنئەنىلەر ئۆزلىرىگە يېتىپ قالماسلىقى لازىم. ئۇلارنىڭ بۇ

---

① شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار كۆڭلىدىكى ئۆلچەملەرنىڭ قانداق نەرسىلەرگە ئۆزگەرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ بۇ كىر-بۇلغانمىلارنى «تەرەققىيات، مەدەنىيەت» ۋە «ئالىي دەرىجىلىك ئىجتىمائىي روھ» دەپ قارايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا قاراڭ؟!!

نىجاسەتلىك كىرلىرى ئىسلام زېمىنىنى كىر قىلماسلىقى لازىم دەپ چۈشەنگەن ۋە مۇشۇ چۈشەنچىدە ياشاپ كەلگەن.

لېكىن، فرانسىيە ھۇجۇمىدىن كېيىن ئىشلار يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك بولمىدى، مۇسۇلمانلاردىكى ئەقىدە مۇستەھكەم ئىدى ... توغرا ... لېكىن، ئۇ تۈرۈكلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا يۇقىرىدىكى بۆلۈملەردە ئېيتقىنىمىزدەك تاشتەك قاتۇرۇلۇپ بىر ئىزدا توختىتىپ قويۇلغان، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئالاھىدىلىكلەرگە ئېرىشتۈرۈپ كەلگەن، ھاياتلىق ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيەتلىرى قايتىپ كەلمىگەن، بەلكى رېئال دۇنيادا جانلىق ھەرىكەت قىلىدىغان، ھەقىقي ئورنى بولمىغان ئەنئەنىلەر مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن تاشقى كۆرۈنۈشلەر يىغىندىسىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەملۇكىيلارنىڭ ئىمبابەدە ناپالېئون تەرىپىدىن مەغلۇب بولۇشى ھەربي جەھەتتىن مەغلۇب بولۇش بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىچكى جەھەتتىن مەغلۇب بولغاننى كۆڭۈلنىڭ قات-قېتىدىكى ئەقىدىنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىنى جاكارلاش بولدى.

مۇسۇلمانلار ناپالېئوننىڭ توپ-زەمبىرەكلىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۆزلىرىنىڭ قىلىچ-نەيزىلىرىنىڭ كۆرۈپ باقمىغان بۇ يېڭى توپ-زەمبىرەكلەر ئالدىدا ھېچ نەرسىگە يارىمايدىغانلىقىنى بىلدى، ياكى ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدا بۇنداق نەرسىلەرنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆلارنىڭ كۆڭلىدىكى «كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۆلچەملىرى» تامامەن ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى.

مانا بۇ قېتىم مۇسۇلمان قوشۇنى «سالاھىيەت جەھەتتىن» مەغلۇب بولدى. ئەھلى سەلب قوشۇنى غەلىبە قىلدى. چۈنكى، ئۇلار زور ئەسكىرى ۋە قورال ـ ياراق «كۈچى»گە ۋە ھەربىي ماھارەتكە، «جەڭ تەدبىرلىرى» پەنلىرىگە بولغان «تونۇش»قا ئىگە بولدى. بۇلارغا مۇسۇلمانلار ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، ئۆلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئۆلچەملەر ئۆزگەرمەسلىكى، ئۆلارنىڭ بۇ ئۆلچەملەرنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

كۆڭۈللەر مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەسلىكى، بۇرۇنقى قېتىملاردىكىگە ئوخشاش ئۆزلىرىنى قايتىدىن ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن يېڭىدىن دەس تۇرۇشى مۇمكىن ئىدى.

بىراق، ئۆلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئەقىدىگە بولغان «ھەقىقىي ئورۇن» مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە قايتىدىن توپلىنىشقا يەتكۈدەك كۈچ ئاشۇ چاغلاردا يوقالغانىدى. توغرا ... فرانسىيە ھۇجۇملىرىغا قارىتا خەلق قوزغىلىڭى پارتلاپ، تەسۋىرلىگۈسىز قەھرىمانلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. قاھىرەدە دىندار «رەھبەرلەر» ۋە ئۆزلىرىنىڭ روھى تەسىرلىرى ئاستىدا تەرەپ ـ تەرەپتىن قوزغىلىپ كەتتى. ئاجايىپ قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ياراتتى. قەھرىمانلىقلار ئىچىدە سەئىدەدىكى «كىچىك بالا قەھرىمان» ۋەقەلىكى بۇ تەرەپنى ئېنىق ئۇقتۇرىدۇ. بۇ كىچىك قەھرىمان ھەر كېچىسى فرانسىيە ھەربىي گازارمىسىغا كىرىپ، قورال ئامبىرىدىن قورال ئېلىپ چىقىپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ باسمىچىلارغا

قارشى قورالـلـىنـىشى ئۇچۇن ئۇلارنى فرانسىيە مىلتىقلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. قورالـلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئازلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىر توپ قورال ئوغرىلىرى قوراللىرىمىزنى ئوغرىلاۋاتىدۇ دەپ قاراپ، قورالـلارغا بولغان نازارەت ۋە قوغداشنى كۈچەيتىدۇ. قوغدىغۇچىلار بىر كۈنى قورال ئىسكىلاتىغا كىرىۋاتقان بۇ بالا قەھرىمانىنى مىڭ تەسلىكتە پۇت ـ قوللىرىنى سۇندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن تۇتۇپ، بۇ ۋاقىتقا قەدەر بولغان قورال ئوغرىلاش ۋەقەسىنى مۇشۇ كىچىك بالىچاقنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە بالىنى فرانسىيە ھەربىي ئىشلار باش قوماندانى «دىيزە» ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ بالىنىڭ باتۇر، قورقۇمسىز، قەھرىمانلىقىنى كۆرگەن ھەربىي قوماندان ئۆزىگە «بالا» بولۇشنى ئېيتىدۇ. بالا ئۇنىڭ كاپىر، ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. ئامالسىز قالغان بۇ رەھبەر ئۇنىڭدىن كېيىن قورال ئىسكىلاتىغا كىرىپ قورال ئوغرىلىماسلىقنى ئېيتىدۇ. بالا مۇستەملىكچى كاپىرلار ئىسلام يۇرتلىرىدىن چىقىپ كەتمەيدىكەن، ئۆزىنىڭ قورال ئوغرىلاشنى توختاتمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەربىي قوماندان ئاخىرى قورال ـ ياراقنى قوغداشنى كۈچەيتىشنى ۋە ئاللاھدە نازارەت قىلىشنى ئۇقتۇرۇپ بالىنى قويۇۋېتىدۇ. توغرا ... ھەرقايسى ئايرىم شەخسلەر «يالغۇز پىدائىي خاراكتېرلىك» ئاللاھدە ھەرىكەتلەرنى تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىنى روياپقا چىقارغان بولسىمۇ، ... ئەمما قايتىدىن ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدۇرىدىغان، قوشۇنلارنى بىر يەرگە توپلايدىغان «ئىسلام دۆلىتى» سۈپىتى بىلەن دۈشمەن ئارمىيىسىگە غازات ئاچىدىغان، مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ

ھەقىقىي «ۋۇجۇدى» ئاللىقاچان يوقىتىلغان. ئىمبابە ئۇرۇشىدا ھەممىسى ئاللىقاچان ئېرىپ تۈگىگەن، ئۇنىڭغا ۋۇجۇد قايتىپ كەلمىگەنىدى. مۇسۇلمانلار ھەتتا دۈشمەن ئارمىيىسى مىسىرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە باشلىغاندىمۇ ئۆزلىرىنى مەغلۇبلار ھېس قىلدى.

بۇ يەردىكى ھەقىقىي مەغلۇبىيەت پەقەت ئۇرۇشتىكى جەڭ مەغلۇبىيىتى ئەمەس. چۈنكى، ناپالېئون مىسىردا تۇرغان مەزگىللەردە مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە يات بولغان فرانسىيە قانۇنىنى مەنبە قىلغان يېڭى «قانۇن لاھىيەسى»نى ماقۇللىغان، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى نىكاھ، ئاجرىشىش، مىراس دېگەندەك «شەخسىي ئەھۋاللارغا ئائىت» ئىشلارغا چەكلىنىۋېتىلگەن . . .

مانا بۇ مۇسۇلمانلار تارىخىدىكى تۇنجى ئىش.

ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن باشقا غەيرى قانۇنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارغا مۇسۇلمان ئەمەس ئادەملەر قانۇن بەلگىلەپ بېرىدىغان ۋە ئىجرا قىلىدىغان تۇنجى ئىش.

ئەھلى سەلىبلەر بەزى چاغلاردا ئىسلام زېمىنلىرىنىڭ قىسمەن جايلىرىغا بېسىپ كىرگەن ۋە بىر قانچە يىللار ئىگىدارچىلىق قىلغان، بەلكى ئىسلام ئوغلانى، مۇسۇلمانلارنىڭ سادىق پەرزەنتى سالاھىددىن ئەييۇبى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاق دېڭىز قىرغىقىدىكى شام

شەھەرلىرىدە كىچىك-كىچىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ چىقالىغان بولىسىمۇ، ھېچقاچان مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇش ئۇچۇن ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىنى يۈرگۈزۈشكە ھەرگىز جۈرئەت قىلالمىغان. چۈنكى، ئۇلار ھەر قېتىملىق جەڭدە مۇسۇلمانلار قولىدىن بىرەر پارچە زېمىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان بىلەن ھەرگىزمۇ زېمىنغا ئىگە بولغان ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى «دۆلەت» بولمىغان.

بۇ مۇشۇ قېتىم تۇنجى قېتىم ئۇلار مۇسۇلمان دۆلىتىنى گۇمران قىلغان جەڭ مەيدانىدا ئۇلارنى ئېرىتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئىسلام زېمىنىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى دۆلەت بولۇپ قالدى.

مانا بۇ ھەقىقىي مەغلۇبىيەتنىڭ باشلىنىشى ... رېئال دۇنيادىكى ئورنى، ئاندىن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدىن تۇتقان ئورنى تۈۋەنلەپ كەتكەندىن كېيىنكى ئەقىدىنىڭ مەغلۇبىيىتى بولدى.

*** *** ***

ئاشۇ قېتىملىق مەغلۇبىيەتنىڭ قارا تۇمانلىرى ئاستىدا فرانسىيە ھۇجۇمىدىن پەيدا بولغان يېڭىلىقلارنىڭ ھەممىسى مىسىرلىقلارنىڭ كۆڭلىدە «ھاڭ-تاڭ قېلىش» بولدى. ئۇلار بىرىنچى قېتىم قورال-ياراغ كۈچىدىن ھاڭ-تاڭ قالدى. ئاندىن ھۇجۇم قىلغۇچىلار بىلەن ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئاقارتىش كىشىلىرى كۆتۈرۈپ كەلگەن «غەربنىڭ ئىلمى»دىن ھاڭ-تاڭ قېلىش بولدى. ناپالىئون مىسىرغا كۆتۈرۈپ كەلگەن «مەتبە»دىن ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۇلار پەيدا قىلغان

تەشكىلىي ئاپپاراتلاردىن ھالاك ـ تالاك قالدى ... بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار «غەرب»تىن كەلگەن ئىسلام ئەمەس نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ھالاك ـ تالاك قالدى؟!

مانا بۇ ھەقىقىي، كامىل، مۇكەممەل مەغلۇبىيەت بولۇش بولۇپ، بۇ مەغلۇبىيەت شۇنىڭدىن كېيىن ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرى مۇسۇلمانلار ھاياتىدىكى ھەممە نەرسىنى خاراب قىلىدىغان، ۋەيران قىلىدىغان، ھەرقانداق نەرسىگە ئورۇن تەييارلىدى. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، پىكىرلىرىنى ۋە ھايات رېئاللىقىدىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئاستا ـ ئاستا ۋەيران قىلىشقا يول ئېچىپ بەردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن فرانسىيىلىكلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا قالدۇرغان ئىچكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن مىسىردىن ھەيدىلىشى ياكى ئاستا ـ ئاستا چېكىنىپ چىقىشى رېئال دۇنيادىكى ھەقىقىي ھادىسە بولمىدى؟ ... ھەقىقىي ھادىسە ھېسابلانمايدۇ؟

ꕥꕥꕥ ꕥꕥꕥ ꕥꕥꕥ

بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تارىخنى ئۇتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن ئىككى بېكەتتە قىسقىغىنە توختاپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۇق.

ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ بىرىنچى قىزىققان ئىشى ـــ مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ قارىنى ئاق قىلىپ كۆرسەتكىنىدەك (ئەھلى سەلبچىلەرگە سېتىلغان تارىخچىلار) ـــ فرانسىيىنىڭ مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەھلى

سەلبىنىڭ ھەقىقىي مەقسەت ـ نىشانىنى مۆكەممەل يوشۇرۇپ قىلىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەرىزى قانداقتۇر مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ چېگرا دائىرىلىرىنىڭ كەڭ بولغانلىقىدىن، ئەھلى سەلبلەرنىڭ بۇ بىپايان بايلىقى مول زېمىنغا كۆزى چۈشكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى (ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ پەيدا قىلغان بارلىق ئىشلىرىدىن بولغان مەقسىتىنى يوشۇرۇش يولىدىكى) ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ھەقىقەتەن ئەھلى سەلب ئۇرۇشى تېگى ماھىيىتىنى سۇرۇشتۇرگەندە ئەھلى سەلبچى بولالمىغان؟!

بەلكى، دىن مۇسۇلمانلار زېمىنىدىكى بايلىق مەنبەلەر ۋە ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە ئېرىشىشتىكى تەمەلەرنى يوشۇرىدىغان پەردە بولغان! دىن نامىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرخىل بايلىقلىرىنى ئىگىلىۋېلىش بولغان، دېگەندەك «ئويدۇرمىلار»نى ئويدۇرۇپ چىقىشقا بېرىپ تاقالدى. ئاشۇ ئويدۇرمىلارنى ئۇلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئاندا ـ ساندا «مۇسۇلمان يازغۇچىلارنىڭ ئاۋازلىرى» ھەرخىل رەڭلەر بىلەن بوياپ كەلدى. توگمەن توپىقىدەك كۆزلىرى تېڭىلغان ھالدا مۇستەملىكچىلەرنىڭ توگمەن تېشى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان بۇ كىشىلەر ... مەلۇم مىقداردىكى ئىش ھەققىنى دەپ «ئاكىلىرى» نېمە دەپ يازغىن دېسە، شۇنى تارقاتتى؟؟

ئەھلى سەلب مۇستەمچلىكچىلىرىنىڭ ئىككىنچى قىزىققان ئىشى ـــ غەربلىك خوجايىنلىرىنىڭ ئېغىزىغا قارايدىغان مۇسۇلمان يازغۇچىلىرى ئۇلارغا ماسلىشىپ فرانسىيىنىڭ مىسىرغا قىلغان ھۇجۇمىنى خەيرىيەت ۋە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ ھۇجۇم مۇسۇلمانلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. ئۇلارنى «سەگەكلەشتۇردى؟»، «ئويغىنىشقا»، «كۈچ ـ قۇۋۋەتكە»، «ئالغا ئىلگىرىلەش»كە ۋە

«هازىرقى زامان يېڭى مەدەنىيەت ۋاستىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا» ئەستايىدىل قارايدىغان قىلدى دېگەندەك سۆزلەرنى جار سالدى؟!

قىسقارتىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنى بارلىق يۇزلىنىشلەردە ياخشىلىق بار تەرەپكە ئويغاتتى دەپ جار سالدى؟؟!

بىرىنچى ئويدۇرمىغا قارىتا بىز رەددىيە قايتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز! چۈنكى، بىز قانداق ئۇسۇللار بىلەن رەددىيە بېرەيلى، بەرىبىر بىز ئۇلارغا تۆھمەت قىلغان بولىمىز.

ئۇنىڭغا خرىستىئان يازغۇچىلىرى ئۆزى رەددىيە قايتۇرسۇن؟! ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا يېزىلغىنى ئۇلار ئۇچۇن ئىشەنچلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولاي دېگەنلەر ئاشۇ يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىغا قارىسا بولىدۇ. يىگىرمىنچى ئەسىردە — يىگىرمىنچى ئەسىر ئەقلىيچىلىكى بىلەن ياشايدىغان خرىستىئان يازغۇچىسى روملاندو (Romlandow) — ئاشۇ ئەقلىيچى بىزنى، يەنى مۇسۇلمان شەرقنى ئۇلار ھەقىقەتەن ئارقىدا قالغان، بىر ئىزدا توختاپ قالغان، قالاق كىشىلەر يوق دەيدۇ — ئاشۇ يازغۇچى خۇسۇسەن شىمالىي ئافرىقىدىكى ۋەقەلەر توغرىلىق يازىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «مەراكەش پاجىئەسى» (Them oroccanorama) دېگەن كىتابىنىڭ 130 ـ بېتىدە مۇنداق يازىدۇ: «فرانسىيە پارلامېنت ئەزالىرىدىن بولغان كىلوستۇرمان بىلەن رىتزىر مۇنداق دەيدۇ: فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مىيوبىيدو مەراكەشتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە بۇ خرىستىئان بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭ دەپ قارايدۇ. بۇ ئىكىسى ئۇنى مەراكەشتىكى ۋەيران قىلغۇچ ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىپ بېرىش بىلەن ئۆزلىرىنى

قانائەتلەندۈرۈشنى ئېيتقاندا، ئۇ جاۋاب بېرىپ: ‹بۇ ھىلال ئاي بىلەن كىرىس ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن جەڭ› دېگەن».
ئەھلى سەلىبلەرنىڭ تۈگمەن تېشى ئەتراپىدا ئىككى كۆزى تېڭىلغان تۈگمەن تارتقان ئىشەكتەك ئايلىنىپ يۈرىدىغان بۇ كىشىلەر راست سۆزلىدىمۇ، غەربلىك ئاكىلىرىغا ئالدانغان بۇ كىشىلەرگە خوجايىنلىرى ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەپتىمۇ؟ فرانسىيە ئۆزىنىڭ مەراكەش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ... ھازىر ... يىگىرمىنچى ئەسىردە قانداق قاراپتۇ؟ دىنى خۇراپاتلاردىن ئازاد بولغۇچى ... دىنى ئەسەبىيەتچىلىكتىن قۇتۇلغۇچىمۇ؟ ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن ئون سەككىزىنچى ئەسىردىكى ئەھلى سەلىبلەرنىڭ ئىدىيىلىرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەھلى سەلىبچىلىك روھىنى كۆپەيتكەنمىدۇ؟ ئۇلار تېخى بۇ ئەسىردە دىنىي مۇتەئەسسىپلىكتىن «ئازاد» بولمىغانىدى.
ئەمما، ئەھلى سەلىب ياۋروپاسىنىڭ قالدۇقلىرى توغرىلىق يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ۋولفرد كانتول سىمىس ئۆزىنىڭ: «ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئىسلام»ناملىق كىتابىنىڭ 109 ــــ 110- بەتلىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «كارل ماركىس ئۆز نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كوممۇنىزم قۇرۇلغانغا قەدەر ئۆزىنىڭ پۈتۈن يۆلىنىشلىرىدە غەرب مەدەنىيىتىگە بىردىنبىر ھەقىقىي قارشى تۇرۇپ كەلگەن ئادەم پەيغەمبەر مۇھەممەد ــــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ــــ بولغانىدى (بۇ قارشى تۇرۇش ئىسلامنىڭ ئۆزھال تەبىئىتىدۇر). بۇنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك، بىز سىلەرگە بۇ ھەقىقىي قارشى تۇرۇشنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىز. ئۇ باش كۆتۈرگەن ۋاقىتتىن باشلاپ ھەقىقىي خەتەر بىلەن غەرب دۇنياسىغا تەھدىت سېلىپ كەلدى».

«ھەربىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئەقىدە-ئېتىقاد جەھەتتىن بولسۇن ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى بىۋاستە ۋە ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن توغرا ۋە ھەق ئىش بولۇپ، ئۇلاردىن تەبىئىي ھالدا كەسكىن تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام تەرەپ-تەرەپكە كېڭەيدى. لېكىن، ئىش ئىسلام چېگرالىرىنىڭ سىرتىدا ئورۇنلاشقان كىشىگە نىسبەتەن بۇ توغرىدا يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدىن ھېچبىرىنى توغرا كۆرمەيدۇ. چۈنكى، ئىسلامنىڭ كېڭىيىشى ئۇلارنىڭ ھېساباتىغا ئاساسەن بولغان. بۇ كېڭىيىش، بولۇپمۇ غەربنىڭ ھېساباتىغا ئاساسەن، نىسبەتەن ئەڭ زور دەرىجىدە كېڭىيىش بولغانىدى. چۈنكى، خرىستىئانلار بىر قېتىملىق ھۇجۇمىدا ‹رىم ئىمپېراتورىنىڭ زېمىنى ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل رايوننى› قولدىن بېرىپ يېڭى كۈچنىڭ پايدىلىنىشىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بىر پۈتۈن رىم ئىمپېراتورىنىڭ تۈگىشىپ كېتىشىدىن دېرەك بېرىدىغان چوڭ خەتەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ مىسىر-سۈرىيە قولغا چۈشكەندەك پۈتۈن قوستەنتىيە (كونىستانتىنوپول)① مۇسۇلمان قوشۇنلىرى قولىغا ئۆتمىدى. ئۇنىڭغا بولغان بېسىم ئۇزۇن زامان داۋاملاشتى. ئىككىنچى قېتىملىق ئىسلام كېڭەيمىچىلىك دولقۇنىدا، يەنى 1453-يىلى كونىستانتىنىپول مۇسۇلمان قوشۇنلىرى قولىغا تولۇق چۈشتى. ياۋروپانىڭ كۆڭلىدىكى قورقۇشنى 1529-يىلى ئافىنا شەھىرى مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندا تېخىمۇ ئاشكارىلاپ قويدى. چۈنكى، قورشاۋغا ئالغان مۇسۇلمانلار شۇنچە

① كونىستانتىنوپول — ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي مەركىزى، شۇنداقلا پايتەختى بولۇپ، مۇسۇلمانلار قولىغا ئۆتكەن. مۇسۇلمانلار ئۇ رايوننى «ئىسلام بول» دەپ ئاتىغان، ھازىرقى ئىستانبول شۇ.

قارشىلىقا ئۇچرىسىمۇ ئۆز يولىدا داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. بۇنداق ئەھۋال تېخى ئۇزۇن بولمىغان يېقىنقى ۋاقىت 1683 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم يۈز بەردى. 1948 ـ يىلى چېخسلوۋاكىيەنىڭ كوممۇنىستلار قولىغا چۈشۈپ كېتىشىمۇ قورقۇپ كەتكەن ياۋروپالىقلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قازىنىپ زەپەر قۇچۇۋاتقان، توختاتقىلى ياكى ئاستىلاتقىلى بولمايۋاتقان ئىسلام ھەرىكەتلىرىدەك قورقۇنچ پەيدا قىلالمىدى».

«ئىسلامنىڭ سوتسىيالىزم بىلەن تىركىشىشىمۇ تەبىئىي تەلەپ قىلىنغان بىر ئىش. ئىسلامنىڭ قىممەتلەر ۋە پىكىرلەرگە تەھدىت سېلىپ ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كەلگىنىگە ئوخشاش. چۈنكى، ئىسلامىي ھۇجۇم رېئال دۇنياغا يۈزلەنگەندەك، نەزەرىيىلەر دۇنياسىغىمۇ يۈزلەنگەن بولۇپ، بۇ يېڭى ئەقىدە ـــ ئىسلام مەسىھلەر ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى داۋاملىق ئىنكار قىلىپ كەلدى. بۇ ئىنكار قىلىنغان پرىنسىپلار ياۋروپاغا نىسبەتەن ئۇلۇغۋار، بۈيۈك ئەقىدە بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ ئەقىدە ئەتراپىغا ئۆز ھەزارىتىنىڭ بىناسىنى قۇرۇپ چىققانىدى. ئىسلامنىڭ ئاشۇ ئەقىدىگە شۇنچىۋالا قاتتىق ۋە قوپاللىق بىلەن تەھدىت سېلىپ يۈزلىنىشى تەخمىنەن ناسارالار دۇنياسىنىڭ تەڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئۆزىگە مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا قارىتىۋېلىشى ئۇلارنىڭ ئىسلامدىن ئەنسىرىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. گەۋدىلەندۈرۈپ قويدى. چۈنكى، ئىسلام يەر شارىدىكى بىردىنبىر ئىجابىي كۈچى بار دىن بولۇپ، ئۇ خرىستىئانلار ئىچىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنى تالىۋالدى. بۇ يېڭى دىنغا نەچچە مىليون كىشى مۇسۇلمان بولۇپ كىردى، ئىسلامنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىمان ئېيتتى.

«ھەقىقەتەن غەربلىكلەر ـــ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئىشلاردا گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى مۇتلەق بىلمەيدۇ ـــ نىڭ مۇساپىسى ئۇزۇن بولغان ئاشۇ ئاساسلىق توقۇنۇشنىڭ قوزغاتقۇچىلىرى ئۇستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى ... ياكى ئەھلى سەلىبلەر «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دائىرىسىگە كىرىدىغان ئەقىدە» ئۇرۇشىغا تولۇق ئىككى ئەسىر شۇڭغۇپ كەتكەن ئەھلى سەلىب ئۇرۇشلىرىنىڭ قوزغاتقۇچىلىرى ئۇستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى گۇمانلىق ئىشلار جۈملىسىدىن».

ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تۈگمەن تېشى ئەتراپىدا ئىككى كۆزى تېڭىلغان ھالدا چۆرگىلەيدىغان تۈگمەن توپىقىغا ئوخشاش ئەدىبلەر راست سۆزلەپتىمۇ؟! ياكى ياۋروپالىق ئاكىلىرى ئۇلارغا راست گەپنى ئېيتىپتىمۇ؟ ياۋروپا مۇشۇ مىنتۇلاردا ئىسلام دۇنياسىغا قانداق قارايدۇ؟ ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرىنى قۇتراپ كەتكەن ياۋا توڭگۇزدەك ئىسلام دۇنياسىغا شۇنچىۋالا رەھىمسىز ھۇجۇملارنى قىلىشقا سەۋەبچى بولغان ئەسلىدىكى ھەقىقىي تۈرتكە بولغان نەرسە نېمە؟! توغرا، ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرى ـــ ئىقتىسادىي ۋە ماددىي نەرسىلەرنى دەپ ھۇجۇم قىلدىمۇ دەيلى ـــ چۈنكى، ئۇلار ئىسلام دۇنياسىغىلا تاجاۋۇز قىلماي، بەلكى شەرقتە بولسۇن ياكى غەربتە بولسۇن زېمىن يۈزىدە ئىگىلىرىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ تارتىۋېلىش مۇمكىن بولغان زېمىنلارنىڭ ھەممىسىگە كېڭەيمىچىلىك قىلدى. لېكىن، بۇ ھەقىقەتەن بىزنى ئەھلى سەلىب ياۋروپاسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا باسمىچىلىق قىلىشتىكى ئەسلىدىكى ھەقىقىي مەقسەت ـ مۇددىئاسىدىن بولغان يەنە بىر ھەقىقەت بورىۋەتمىسۇن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا

مۇستەملىكچىلىك سىياسىتىنى قوللىنىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىقتىسادىي تۈرتكىلەر ئىگىلىۋالغانلىقىدىن بولغان ئەمەس.

(بىزىلەر بۇ تەرەپلەردە بىزنى ئەيىپلەپ) ئەھلى سەلىب ياۋروپاسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغىلا تاجاۋۇز قىلماي، باشقا زېمىنلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى بىلەن ئۇلارنى ئاقلاپ كەلمەكتە (بىز بۇ توغرىلىق تۆۋەندىكى ئابزاسلاردا توختىلىپ ئۆتىمىز). تاجاۋۇزچىلار ئىسلام دۇنياسىدا ئىقتىسادىي مەنبەلەرنى ئىگىلىۋېلىش بىلەنلا بولدى قىلماي، مىسىردا ئىسلام قائىدىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن ئاز بولمىغان ئىشلارنى قىلدى. پىلانلىق ۋە ئەتراپلىق ھالدا ئۆز ھەرىكەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇردى. كۆڭۈللىرىدىكى ئىسلامنىڭ ئورنىنى ئاجىزلاشتۇردى. مىسالغا ئالساق، ئۇلار ھېچقاچان ھىندىستاندا ھىندى دىنى ئۈچۈن، جۇڭگودا بۇتپەرەسلىك ئۈچۈن ئىسلامنى يوقىتىشقا ئورۇنغاندەك ئورۇنۇشلارنى قىلىپ باقمىدى. ھالبۇكى، بۇ ئىككى دۆلەت سان جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى.

مانا بۇ بىرىنچى نۇقتىغا نىسبەتەن مۇشۇنداق. خۇسۇسەن فرانسىيىنىڭ مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشتىن بولغان مەسەت-نىشانى يۇقىرىدىكى ئابزاسلاردىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىگە ئايدىڭلاشتى دەپ ئويلايمەن. ئۇلارغا مىسىر مۇسۇلمانلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن باشقا «مەدەنىي قانۇن

لاھىيىسى» ماقۇللانغانلىقى ۋە ئىجرا قىلىنغانلىقى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ نىكاھ، تالاق، مىراس دېگەندەك «شەخسىي ئەھۋاللار»غا چەكلىنىۋېتىلگەنلىكىنىڭ سىرى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ دەپ ئويلايمەن.

ئەمما، ئىككىنچى نۇقتا، خۇسۇسەن فرانسىيىنىڭ مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە ئالدى بىلەن مىسىر، ئاندىن ئىسلام دۇنياسىغا خەيرىيەت ۋە بەرىكەت ياغدى دېگەن قاراش مۇشۇ ئۆسەك قاراشلار ئەتراپىدا مۇسۇلمانلار كۆڭۈللىرىدە بەزى ۋەھىمىلەر، خام خىياللار ۋە ھېكايە ـ چۆچەكلەر، خىلمۇخىل ئەپسانىلەر ۋە سەپسەتىلەر مەۋجۇد؟ بۇنى ھازىرقى زامان مۇسۇلمان تارىخچىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان؟

توغرا، ھەقىقەتەن «ئىلمىي» ئويغىنىش ھەرىكىتى مىسىرلىقلارغا يەتكەن مەغلۇبىيەتتىن قاتتىق چۆچۈش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلدى. لېكىن، بۇ بۇلاڭچى فرانسىيە مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقىنىڭ «ئەۋزەللىكى»دىن بولمىغان، ياۋروپالىقلارنىڭ شۇنداق دېيىشى بەك ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، ئەمما بىزنىڭ تارىخ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىز ھېساباتقا «يادرولۇق» مەسىلىلەرنى كىرگۈزۈشىمىز لازىم. فرانسىيىنىڭ غەرىزى مىسىرنى ھەقىقەتەن «ھەزارەتلىك مىسىر»، «ئىلمىيلەشكەن مىسىر» قىلىپ چىقىشمۇ؟ خۇددى تۇنىس، ئالجىرىيە، مەراكەش، ئىشقىلىپ مۇستەملىكچىلەرنىڭ سېسىق تاپىنى تەگكەن زېمىنلەرنىڭ ھەممىسىنى كىر قىلغانغا ئوخشاش.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامىيەتكە تەۋە مىسىرغا نىسبەتەن فرانسىيە ھۇجۇمىدىن كېلىپ چىققان ئىلمىي بولۇشنىڭ نەتىجىسى نېمە بولدى؟ مىسىرغا

چۈشكەن بۇ «ئـويغىنىش» ئۆزىنىـڭ تەبىئىـي ئاساسـلىرى، ھەقىقىي يىلتىزلىرى، ئـۇل ـ ئاساسـلىرى، مىراسـلىرى ۋە مۇقەددەس نەرسىلىرى ئۈستىگە قۇرۇلدىمۇ؟ ياكى مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇش ۋە بۇلارغا خاتىمە بېرىش ئاساسىغا ... مىـسىرنى ئىـسلامدىن يىـراق باشـقا بىـر مىـسىر بارلىققـا كەلتـۈرۈش ... يـاكى ئىـسلامدىن سـوغۇرۇلۇپ، ئىـسلامنى سېلىپ تاشلىغان مىسىر قۇرۇپ چىقىشمۇ؟

ئۈچىنچى تەرەپتىن ئېيتقاندا، ... ئاشۇ تارىخچىلار يـۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتە يــۈز بەرگەن تـــارىخى ھەقىقەتلەردىــن بىخــۇت بولغـــان. فرانسىيىنىڭ مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشى ھەقىقەتەن مىسىرغا بەرىكەت ۋە خەيرىيەتلەرنىڭ بىردىنبىر «ئـاچقۇچى» بولـدى دېگەن كىشىلەرگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىسىزمۇ ئويغىنىشى، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جاھالەت، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ۋە ئارقىـدا قېلىـشتىن ئويغىنىـشى ... يېڭىـدىن جـانلىق ھەرىكەتلەرنـى ئېلىــپ بېرىــشى مــۇمكىن ئىـدى. مەكتەپلەردە ئۆسمۈرلەرگە، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغۇچىلارغـا ئاشۇ سەپسەتىلەر دەرسلىك قىلىنىپ ئوقۇتۇلماقتا! ئىـسلام تارىخىدا قاچانىكى ئاللاھنى تەرك ئېتىش يـۈز بېرىـدىكەن، ئۈممەت ئۆلىدۇ، خار ـ زەبۇنلۇقنىڭ تەمىنى يەتكۈچە تېتىيدۇ. ئاللاھ ئۇلار ئىچىدە ئۇلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتىدىغان، يېڭىدىن ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغۇچى ھەرىكەتلەرگە قايتۇرۇپ كېلىــدىغان كىــشىلەرنى ئەۋەتمەيــدۇ؟ ئاشــۇ غەربلىـــك ئاكىلىرىنىڭ كۆز ئىشارىتىگە قاراپ تۇرىـدىغان تـارىخچىلار ئىسلام نامىدا مۇسۇلمانلارنىڭ پىكرى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىدا كەڭ ئومۇملىــشىپ قالغـــان چىرگىنىــدى خۇراپــاتلاردىن ئىــسلامنى ساپلاشتۇرۇشــنى مەقــسەت قىلغـان ۋەھـابىيلار

ھەرىكىتى، نامدا ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىگە بويسۇنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە گېلى ئىنگلىزلارنىڭ قولىدا سىقىلىپ تۇرغان مىسىرنىڭ شەرقى ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئىنگلىزلارنىڭ ياۋۇز چاڭگىلىدىن، ئاندىن پۈتۈن ئىسلامىيەت دۇنياسىنى تۈرۈكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلغان مەھدى ھەرىكىتىگە ۋە بۇ ئىككى ھەرىكەتتىن باشقا ئىسلامنى ساپلاشتۇرۇشنى، مۇسۇلمانلار ئۈستىگە چۈشكەن ئىجتىمائىي، سىياسىي، پىكرى ۋە روھىي زۇلۇملارنى كۆتۈرۈۋېتىشنى، ئىسلامنى ساپلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەمەلىي ھايات رېئاللىقىدا ئىسلام بولۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەرگە نېمە دەپ قارايدۇ؟

ياكى ئۇلارنىڭ قارىشىدا فرانسىيە ياكى ئۇلاردىن باشقا مۇستەملىكچىلەرنىڭ پاسكىنا قوللىرى بىلەن مەيدانغا كەلمىگەن ئويغىنىش ياكى قوزغىلىش ئويغىنىش ۋە قوزغىلىش ھېسابلانمامدۇ؟!

ئەنە شۇلار قايسى ھالەتلەردە بولسۇن، ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە قالدۇرغان زەھەرلىرىنىڭ تەسىرلىرىدىن ئىبارەت، خالاس!

بىز يۇقىرىدىكى سۆزلىرىمىز بىلەن تارىخ ئۇقۇملىرىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئۇرۇش مەيدانىدا ھەربىي جەھەتتىن مەغلۇب بولغان كۈندە ئۇلارنىڭ

كۆڭۈللىرىدىكى مەغلۇبىيەت ئالىلىقاچان بارلىققا كېلىپ بولغان.

لېكىن، بۇنىڭ مەنىسى ئىسلام تۈگەپ كەتتى، ئىسلامنىڭ دەۋرى ئاخىرلاشتى، ئىسلام ئەمدى كەلمەسكە كەتتى، ئىسلام زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلىدىغانلىق ئەمەس. مۇستەملىكچىلەر ئىسلام دۇنياسىنى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن تولۇق بىر ئەسىر جاپالىق كۆرەشلەرنى قىلغان بولسا، ئىچكى جەھەتتىن ... كۆڭۈللەر ئىچىدىن ماكان ئالغان ئەقىدىنى سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر ئەسىر رەزىللەرچە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى.

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىدە چوڭقۇر ھاسىل قىلغان ھاياتىي كۈچ بەخت ئەتكۈچى جانلىق ئەقىدە ئىكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مۇستەملىكە بولۇشتىن بۇرۇن ۋە مۇستەملىكە قىلىش جەريانىدىكى كۆرۈنۈشتۇر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئەقىدىنىڭ كۈچىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلىكىنىڭ، تارىخ مابەينىدە ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈلمەي يېتىپ كېلىۋاتقان ۋەيران قىلغۇچى تەۋرىنىشلەرنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھادىسىلەرگە قارشى تۇرۇش كۈچىنىڭ نەقەدەر كاتتىلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر.

بىز تۆۋەندىكى قۇرلاردا ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ مەنمەنچىلىك، ئىچى قۇتۇرلۇق، پىلان-تەدبىر، مۇنتىزىملاشتۇرۇلغان ۋە دەرس قىلىپ ئۆتۈلگەن سۈيىقەست ۋە ھىيلە-نەيرەڭلەر بىلەن ئىچكى جەھەتتىن ئىسلامغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ئورۇنغا جاپالىق تىرىشچانلىقلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. بۇنى ئىسپاتلاشتا

خرىستىئان دىن تارقاتقۇچىلىرى ۋە مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئۆز گەپ ـ سۆزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

⁂

تۇرۇكلەر تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلىي مىسىر ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ نامدا ئوسمان خەلىپىلىكىگە بويسۇنىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاستانىدىكى مەركىزى ھۆكۈمەت تۇرۇك «خەلىپىلىكى»دىن مۇستەقىل بولۇشنى ئويلايتتى. بۇ ئادەم تۇرۇك ھۆكۈمرانلىقىدىن مۇستەقىل بولۇشنىلا ئويلايتتى. لېكىن، ئۇ ئىسلام يۇرتلىرىدا ھەددىدىن ئېشىپ تېرىسىگە سىغماي قالغان فرانسىيىنىڭ نوپۇزىغا پەرۋا قىلمايتتى. ئۇ ئۆزىنى فرانسىيىنىڭ نېمە ئۈچۈن قوللايدىغانلىقىنى، ئىشلارنى كۆرسىتىپ مەسلىھەت بېرىدىغانلىقى، تەرەققىيات ـ گۈللىنىش پىلانلىرىنى تۈزۈپ بېرىدىغانلىقى ۋە بۇ پىلانلارنى يىراق، تولىمۇ يىراق ـ يىراقنى كۆزلىگەن نىشان ـ مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىجرا قىلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ نىشانى مۇھەممەد ئەلىينىڭ نىشانىدىن تولىمۇ يىراق، ئۇزۇن مەزگىللەرنى پىلانلىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى «خەلىپىلىك»نىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ فرانسىيلىكلەر ئۈچۈن ئىشلىگەن «ئەڭ قالتىس كىشى» چاغلايتتى.

فرانسىيە مۇھەممەد ئەلىنى قوللايتتى، ئۇنى خەلىپىلىكتىن مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ چىقىشقا كۈشكۈرتەتتى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى «ناھايىتى ياخشى،

خۇش ھىدلىق» ئىشقا ئوخشاش پۈتۈن ئىسلامىيەت دۇنياسىدا يامرايتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ بىر پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى كىچىك-كىچىك ئۇششاق دۆلەتلەرگە پارچىلىناتتى. بۇ ئىشقا غەربنىڭ كۈچلۈك نوپۇزى ئارىلىشاتتى ۋە بۇ دۆلەتلەردە «ئىسلاھات ھەرىكىتى» قوزۇلاتتى. ئىسلاھات ...! ئىسلامىي ئاساسلارنى ۋەيران قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئەقىدىلىرىدىن سالدۇرۇۋالىدىغان، ئەقىدىنى مۇسۇلمانلاردىن سالدۇرۇۋالىدىغان ئىسلاھات، ئۇلارنى ئىشىك تۈۋىدە ماراپ تۇرغان ئەھلى سەلىبنىڭ نوپۇزىغا بويسۇندۇرۇش ئىسلاھاتى بولاتتى. ئۇلار زەھەرخەندىلىككە تولغان تارىخىي ئۆچ-ئاداۋەتلىرىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزۈنىدىن بىرى بۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇراتتى.

بۇ يەردە تارىخ ئوتتۇرىغا قويغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىرىگە ئارىلىشىپ كېتىدىغان بىر نۇقتا بار. خەلىپىلىك ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە بۇزغۇنچى، زالىم ۋە زوراۋانلىق قىلىدىغان مۇستەبىت بولغانمۇ؟ ئۇنىڭ ئارقىسىغا خۇراپات، جاھالەت ۋە زۇلۇم يوشۇرۇنغان، گۇمران بولغان تاشقى كۆرۈنۈش بولغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ ساپ ئىسلام روھىدىن يىراقلاشقان ئەمەسمۇ؟ دېگەنلەردەك پىكىر ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

ئۇنداقتا بۇنداق چىرىكلەشكەن ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىش، ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قوزغىلىش ماختاشقا، ياردەم بېرىشكە، قوللاشقا ۋە ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئىش بولمامدۇ؟

زېمىنىنىڭ ھەرقايسى قىتئەلىرىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلاردىن نامدا ئىسلام خەلىپىلىكى، ئىسلام سىمۋولى، ئەمەلىيەتتە زالىم ئەزگۈچى ھۆكۈمەتكە، خار ۋە بىچارە بولۇپ

ئارقىدا قالغان، قالاق، تاشتەك قېتىپ قالغان ئىسلاھاتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە بىر ئىزدا توختاپ قالغان مۇستەبىت خەلىپىلىككە بويسۇنۇش ۋە بۇ خەلىپىلىكنى داۋاملىق قوغداپ قېلىش تەلەپ قىلىنامدۇ؟!

بىز مۇستەملىكچىلەرنىڭ خەلىپىلىكنى يېقىتىش ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئالاقە-مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت پەسكەش نىشانى بار دەيلى، ئۇنداقتا بىز خەلىپىلىكنىڭ زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ۋە قالاقلىق بىلەن قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەمدۇق؟ خەلىپىلىككە بىز قارشى چىقمىساقمۇ بەرىبىر ئۇزۇنغا قالماي مۇستەملىكچىلەرنىڭ پەسكەش نىشانى ئەمەلگە ئاشىدۇ ئەمەسمۇ؟!

مانا بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىرلىرىدىكى مەسىلە گىچماچلىشىپ كېتىدۇ. بۇ پىكىر گىچماچلىقى ئۆزلىكىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە، ھىيلە-نەيرەڭ ۋە سۇيىقەستلەر ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ۋە بۇ ھىيلە-مىكىرلەرنى مۇستەھكەم بېكىتىش ئۈچۈن قاتتىق چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان. بۇ يەردە چوقۇم ئىككى ئىشنىڭ بىرى بولماي مۇمكىن ئەمەس، ياكى خار-زەبۇن قىلغۇچى، قالاق، مۇستەبىت خەلىپىلىككە داۋاملىق بويسۇنۇش، ياكى ئىستىقالىيەت ھەرىكەتلىرى بىلەن خەلىپىلىكتىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈش. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولسا بولسۇن، بەلكى غەربنىڭ نوپۇزى ئاشۇ «مۇستەقىل» بولغان «رايونلار»غا كىرسىمۇ مەيلى، مانا بۇ ئاشۇ رايونلارنىڭ خەلىپىلىكنىڭ زۇلۇمىدىن ۋە تۇرۇك

هاكىملىرىنىڭ جەۋرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۆلەيدىغان قىممەتلىك بەدىلى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇستەملىكچىلەرنىڭ تەشۋىقاتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ زېھنىلىرىدىكى ئىشنى تېخىمۇ بەك ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ئېيتىدۇ: «غەربنىڭ نوپۇزى، غەربلىكلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كىرىش ۋە ھوقۇق يۈرگۈزۈشتىن بولغان مەقسىتى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، گۈللەندۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەزارەت ۋە تەلىم ـ تەربىيەنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارغا خەيرىيەت، بەرىكەت ۋە ئامەت ئەكېلىدۇ. لېكىن، بۇ ياخشىلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە داۋاملاشتۇرۇش يولىغا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىۋاتقان مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلىپىلىك پۈتلىكاشاڭ پەيدا قىلىپ يولىمىزدا توغرا تۇرماقتا».

مانا بۇ يەردە مۇرەككەپ خاتالىقلار بارلىققا كېلىدۇ.

ئىشنى بىرىنچى ئۇسۇلغا تايىنىپ ئېلىپ بارغاندا توغرا بولمايدۇ. تۇرۇك خەلىپىلىكى زۇلۇملارغا رازى بولۇش ياكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى تۇگەشتۇرىدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىش، ئىككىنچى ئۇسۇلمۇ توغرا ئەمەس، ئىسلاھاتنىڭ بىردىنبىر يولى مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىغا ئەھلى سەلىبلەرنىڭ نوپۇزىنى كىرگۈزۈش.

بىز نوپۇزى ئىسلام دۇنياسىغا كېڭىيىشتىن بۇرۇن ئەھلى سەلىب ئۇنىڭ ھالىتىدە ئۇچۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن قاتتىق ئورۇنغان، مۇھەممەد ئەلى ۋە ئۇنىڭ چۈپرەندىلىرى بىۋاستە ياكى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ۋەھھابىيلار ھەرىكىتى بىلەن مەھدى ھەرىكىتىگە قايتىپ كېلەيلى!

ئىككىنچى ھەرىكەت ئومۇمىيلىق جەھەتتىن تۈزەشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكەت بولۇپ، بىرىنچىسى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى زۇلۇم، خۇراپاتلىقتىن ئىسلاھ قىلىشنى، مۇسۇلمانلارنى قات-قېتىغا قاششاقلىق ۋە تۇرغۇنلۇق سىڭىپ كەتكەن تۇرۇكلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد قىلىش بولسا، ئىككىنچى ھەرىكەتنىڭ نىشانى شىمالىي ۋادىنى ئىنگلىزلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشىدىن قۇتقۇزۇش، ئاندىن پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى تۇرۇكلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتقۇزۇشنى نىشان قىلغان. ئىككىلا ھەرىكەت مۇسۇلمانلارنىڭ ساپ ئىسلامىي بوشلۇقتا ياشىشى ئۈچۈن مۇھىت ھازىرلاشقا ئورۇنغان، ئۇلارنىڭ تارىخىي ئۇلۇغلۇقىنى قايتىدىن قايتۇرۇپ كەلمەكچى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىك رىشتىسىنى قوغداپ قالماقچى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچكى ۋۇجۇدىغا ئەھلى سەلىب غەرب دۇنياسىنىڭ سىڭىپ كىرىپ پىتنە-پاسات ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنى پەيدا قىلىشتىن قوغداپ قالماقچى بولغانىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەھلى سەلىب ياۋروپاسى بۇ ئىككى ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يۈرىكىدە غەزەپ-نەپرەت پەيدا قىلىپ ئۈلگۈردى. بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەھلى سەلىبلەرنىڭ غالچىسى ئىدى. مۇھەممەد ئەلى ۋە ئۇنىڭ قولچۇماقچىلىرى بۇ ئىككى ھەرىكەتنى كەينى-كەينىدىن ئۈچۈرۈپ تاشلاشتا ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي سىستېمىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزدى. ئەكسىچە، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە يەرلىك مىللەتچىلىك ياكى رايون خاراكتېرلىك گۇرۇھۋازلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئىسلام ئاساسىغا قۇرۇلمىغان ۋە ئىسلام بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان

«مۇستەقىللىق» ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەرقاندىقىنى قوللىدى ۋە كۈشكۈرتۈش بىلەن ئارام تاپتى؟

مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پىكرىدە تۈرۈك زۇلۇمى ئاستىدا قېلىپ قېلىش بىلەن ئىسلامىي بىرلىك ۋە ئىسلامىي ئەقىدىنىڭ كۈچى بىلەن قېلىپ قېلىپ مۇشۇ زۇلۇمغا خاتىمە بېرىش ئوتتۇرىسىدا تۆت كوچا ئېغىزى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە. مانا بۇ ھەل قىلىش چارىسى، بۇ چارىگە بۇرۇنقى ئەھلى سەلبلەر ئۇنىمىغان، ئۇلار بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر بۇ ھەل قىلىش چارىسىگە ئۇنىماي كەلدى؟

فرانسىيىنىڭ نوپۇزى مىسىر، سۈرىيە ۋە لىۋانلارغا قەدەر كېڭىيىشكە باشلىدى. ھەتتا، ئۇنىڭ پىكرىي «مەدرىسلىرى» بارلىققا كەلدى. بۇ مەدرىسلەردە مىسىر ۋە باشقا جايلاردىن: «فرانسىيە بىزنىڭ ئىككىنچى ئانا ۋەتىنىمىز، ئۇ بىزنىڭ كۆيۈمچان ئانىمىز» دەيدىغانلار، مىسىر ئەزەلدىن ئوتتۇرا ئاق دېڭىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئوتتۇرا ئاق دېڭىزنىڭ ئايرىلماس كۆلچىكى بولغان. ئۇنىڭ پىكرى، روھى ۋە مەدەنىي ئالاقە-مۇناسىۋەتلىرى ئەزەلدىن ئوتتۇرا ئاق دېڭىز قىرغىقىدىكى مىللەت بىلەن بولۇپ كەلگەن، ئۇ ھەرگىزمۇ ئوتتۇرا شەرقنىڭ بىر قىسمى بولغان ئەمەس. مىسىرنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ قەلبىدىن كەلگەن ئىسلام بىلەن ھېچقانداق ئالاقە-مۇناسىۋىتى يوق، ئۇنىڭ مەدەنىيىتى قىزىل دېڭىز ساھىلىدىكى مىللەتلەردىن

كەلگەن ئەمەس دەپ پەلەپەتىش سۆزلەيدىغان فرانسۇزلاشقان زىيالىيلار تەربىيىلىنىپ چىقتى!
مانا ئۇنداق ياكى مۇنداق يىكىر يۈرگۈزىدىغان بۇ زىيالىيلار فرانسىيە ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ يوللىشى بىلەن پەللىمۇ-پەللە ئۆستۈرۈلۈپ، ئۆسمۈرلەر ۋە يېڭى ئەۋلادلارنى فرانسۇزلاشتۇرۇش ياكى ئۇلارنى ئىسلامدىن يىراق بولغان قايسى ھالەتكە ئەكېلىش ئۈچۈن يۆنىلىش خاراكتېرلىك نوپۇزلۇق ئورۇنلارغا كۆتۈرۈلدى. بۇلار ئەمەلىيەتتە ئاكىلىرىنىڭ نوپۇزىنى يۈرگۈزەتتى. لېكىن، فرانسىيە شۇنچە قىلىپمۇ ناپالىئوننىڭ مىسىرنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلغان چاغدىن باشلاپ شېرىن چۈش كۆرۈپ كەلگەن، كونا چۈشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قولدىن كەلمىدى. ئۇلار شۇنچە ئۇزۇن زامانلاردىن كېيىنمۇ ئاشۇ شېرىن چۈشنىڭ خىيالىنى سۈرۈپ تۇراتتى. ئىنگلىزلارنىڭ تەمەلىرى فرانسىيىنىڭ تەمەلىرىدىن بەك ئالدىراش، تېخىمۇ جاسارەتلىك بولۇپ چىقتى. 1882-يىلى بېرتانىيە ئىمپېرىيىسى مىسىرنى ئىشغال قىلىپ 70 نەچچە يىل تۇرۇپ قالدى.
مانا مۇشۇ چاغلاردا ئەھلى سەلبلەرنىڭ مىسىردا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىدىغان كاتتا زامان-دەۋرى باشلاندى. فرانسىيە مۇستەملىكچىلىرىنىڭ سۈرىيە، لىۋان ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى تۇنىس، ئالجىرىيە ۋە مەراكەشتىكى ئاكتوئال ھەرىكەتلىرى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلدى. شۇنداقلا كېيىنكى دەۋردە ئەھلى سەلبلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى، پورتوگالىيە، دانىمارك، گوللاندىيە ۋە ئىتالىيىگە قەدەر ... كېيىنرەك ئىسلام يۇرتلىرىنىڭ قالغان قىسىملىرىغا قەدەر سىقىپ باردى.

ئاشۇ چاغدا مۇسۇلمانلار كۆڭۈللىرىدىكى ئىسلام ئەقىدىسىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن مۇنتىزىم، پىلانلىق، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىياسەتلەر بەلگىلەندى.

مۇستەملىكچىلەرگە نىسبەتەن ئىش ئۇلار ئويلىغاندەك ئاسانغا توختىمىدى. مانا بۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك، يىلتىزى چوڭقۇر ئەقىدىنى قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ياكى ئۇنىڭ كۆڭۈللەردىكى رىشتىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە كۈچەشكە توغرا كەلدى. ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرى جاپا-مۇشەققەتكە چىدىدى. ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئۇلار پەقەت ئىسلامنىڭ ئىسمىنى ئۇقىدىغان ياكى ئىسلام پەقەت «بەندە بىلەن ئىگىسى ئاللاھ» ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە خالاس. ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق، جەمئىيەت ئىشلىرى ياكى تۇرمۇش ئىشلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق دەپ تونۇيدىغان، ياكى ئىسلامنى قالاقلىق، ئارقىدا قالغانلىق، بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىق، ھايات كارۋىنىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن چوقۇم دىننى سېلىپ تاشلاش كېرەك دەپ قارايدىغان كاللىسى زەھەرلەنگەن يېڭى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن پەسكەش مەقسىتىگە يېتەلىدى.

بىز تۆۋەندە تارىخ ۋەقەلىكلىرىگە تايىنىپ، خرىستىئان دىنى «مىسسىئونېرلار» دىن تارقاتقۇچىلىرى ۋە مۇستەملىكچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلىمىز.

1882 ـ يىلى بىرتانىيە ۋىزارىتى مىنىستىرلىكىنىڭ رەئىسى مىتىرگىلا دىستون بىرتانىيە ئومۇمىي يىغىنىدا سۆز قىلغاندا قولىدىكى «قۇرئان كەرىم»نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مەجلىس ئەھلىگە: «بۇ كىتاب مىسىرلىقلارنىڭ قوللىرىدا داۋاملىق بولىدىكەن، بىزنىڭ مىسىر زېمىنىدا پۇت دەسسەپ تۇرالىشىمىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس» دېگەن.

مانا بۇ ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلىدىغان سۆز ئەمەس!

ئۇ ئادەم مۇشۇ خەلقتىكى كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ قوزغىلىش مەنبەسىنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئىكەنلىكىنى، ئىسلام ئىكەنلىكىنى، ئەھلى سەلىبلەر قومۇرۇپ تاشلاشقا، يوقىتىشقا تېگىشلىك ئۇلتاش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز گېپىنى يالىڭاچ ئېيتىشۋەرگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن مىسىر ئۈچۈن تەلىم ـ تەربىيە سىياسىتىنىڭ چېرتىيوژىنى سىزىپ بېرىش ئۈچۈن بىرتانىيە ئىلاھىيەتشۇناسلىق پاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ چىققان دانلوب پەيدا بولدى.

قىزىش ئىش! مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى تەلىم ـ تەربىيە سىياسىتىنى پوپ بەلگىلەپ بېرەمدۇ؟ بۇنداق ئىش نەدە بار؟

توغرا! مىسىرلىقلار قولىدىن «ئاشۇ كىتاب»نى «تارتىۋېلىش ئۈچۈن» ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ بۇ ئىسلام يۇرتلىرىدا ئۇزاق، ئۇزاق زامانلارغىچە مەزمۇت دەسسەپ تۇرۇشى ئۈچۈن.

دانلوب ئالدىن پىلانلاشتۇرۇلغان سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئاستا ـ ئاستا ئاخىرى ئۇلار كۈتكەن نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن

كـالا هارۋـسـدا توشـقان ئـوۋلاش ئۇسـۇلـنى قوللانـدى. بىرتانىيەنىڭ پۈتۈن جايلارغا قوللانغان سىياسـتى تولـمۇ ئاستا، مۆھلـتى ئۇزۇن سىياسەت بولدى. ئەزھەر مىسىردىكى ئىلىم مەنبەسى، جامىئە ۋە ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭغـا يـالغۇز مـسـرلا ئەمەس، بەلكـى پۈتـۈن ئىـسلام دۇنياسـىنىڭ ھەرقايـسى بولـۇڭ ـ پۇشـقاقلىرىدىن ئۇنىـڭ «ياردىمـىـدە» ۋۇجـۇد ـ بەرىكەتـلەرگە ئېرىـشىش، «ئورتـاق ھەمكارلىشىپ» ئىلىم ـ ئىرپان قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۇئەللىملەر ۋە ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر رەھبەرلىك قىلاتتى.

ئەزھەر شۇ چاغلاردا ئىسلام تەلىماتلىرى ئۈچۈن يارامـلىق، جانلىق، تىرىك ۋە لاياقەتلىك ئەمەس ئىدى. ئـۇ تـۇرۇكلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر پۈتۈن نەرسىلەر ـ ئىشلار سۆپىتىدە قاتماللاشـتۇرۇلغان ۋە جانـسىزلاشتۇرۇلغان، قاشـشاق نەرسىلەرنىڭ گەۋدىسىگە ئوخشاش ھاياتلىقتا يارىمايتتى.

لېكىن، ئەزھەرنى تۈزەش، گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇنى قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلەردىـن «يورۇقلۇققـا چىقىـرىش» سـادالىرى تەرەپ ـ تەرەپـتىن ياڭراشـقا باشـلانغان، كۈچلـۈك ئورۇنۇشـلار ۋە تىرىشچانلىقلار باشلانغانىدى.

(مـۇھەممەد ئەبـدۇھ ۋە ئۇنىـڭ ئەگەشـكۈچىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىـدىكى) مۇشـۇ ئىـسلاھات ھەرىكىتىـدىن كۈتـۈن مۇمكىن بولغان نەتىجىلەردىن نەزەرنى قايتۇرغانـدا، ئەھلـى سـەلب مۇسـتەملىكچىلىرى ئەزھەرنـى مـۇنقەرز قىلىـشقا بىرىنچـى دەرىجىلىـك ئەھمىـيەت بەرگەن. چـۈنكى، ئەزھەر ئەقەللىسى مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە (شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىكى رېئاللىقتا ئۇنداق بولمىغان بولسىمۇ) ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ پۇختـا قـورغىنى، يەر شـارىنىڭ مەشـرىق ۋە مەغرىـب تەرەپلىرىدىكى بارچە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرلىرىنى قارىتىدىغان

قىبلىگاھ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ پىكرى، روھىي ۋە ئەمەلىي «بىرلىك» مەنبەلىرىدىن بىر مەنبە بولۇپ «يوقىتىلىشقا تېگىشلىك» دەپ قارالغان. ئەزھەرنى بىۋاسىتە يول بىلەن ۋەيران قىلىدىغان بۇنداق خەتەرگە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان تۈزگەن، ئەگرى ـ توقاي ھىيلە ـ مىكىرلىك يول تۇتقان بېرتانىيە مۇستەملىكچىلىرى ھەرگىز تەۋەككۈل قىلمايتتى ھەم ئۇنداق قىلىشنى ئويلاپمۇ سالمايتتى. چۈنكى، بېرتانىيە فرانسىيىنىڭ ھاماقەتلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. فرانسىيىلىكلەر ئەزھەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىنى باقىدىغان ئېغىللارغا ئايلاندۇرغانىدى. بۇ ھال خەلقلەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغاپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن خەلق قوزغىلىڭىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلىي تەجرىبە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلىدىغان خرىستىئانلاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرى قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى. كۆتۈلگەن ئىشنىڭ تەتۈرىسىگە دۇچار قىلدى. مۇسۇلمانلاردا خەتەر تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، ئىسلامنى چىڭ تۇتۇشقا ئېلىپ باردى. بېرتانىيىلىكلەر فرانسىيىلىكلەرنى دورامدۇ؟

ياق! ئىنگلىزلار ھەرگىزمۇ بۇنداق ئەخمىقانىلىققا يول قويمايدۇ.

ئۇلار ئاستا خاراكتېرلىك زەھەرلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان، تۈكىنى يېتىشىغا سىلايدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ قىلماقچى بولغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغىنى ئوخشاش. پەقەت تاللىغان ۋاستىسى ئوخشىمايدۇ. بەلكى، بۇلارنىڭ ماھىيىتى ئۇلارنىڭ ماھىيىتىدىن بەتبەشىرا!

دانلــوب «مەدەنــي ئىلــمــلــەر» ۋە «ئىنگلىــز تىلــى» ئۆگىتىلىدىغان «ھۆكۈمەتنىڭ مەكتەپلىرى»، «شوتاڭ»[1]لارغا ئوخــشايدىغان» باشــلانغۇچ مەكتەپلەرنــى ئــاچتى. بــۇ مەكــتەپلەردىن ئىدىيــسى ئىــشغال قىلىنغــان، ئىنگلىــز مۇدىرلىرىنىڭ ئىشارىتىگە كۆرە مىدىرلايدىغان ئاق قەغەزلەرنى قارا بوياپ چىقىدىغان يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقتــى. ئــۇلار قۇرۇش[2] ئەمەس، جۇنەيھە[3] ئىش ھەققى ئېلىپ ئىشلەيتتى.

ئەمدى ئىش ئۇلاردىن خەلقنى ئارتۇقچە گوللاشنى تەلەپ قىلمايــدۇ. بۇگۈنــدىن ئېتىبــارەن ئەزھەرگە ئــۆز ئــوغلىنى مەكتەپ راسخوتلىرىنى تۆلەپ بولۇشتىن ئاجىز كېلىدىغان كەمبەغەل كىشىلەردىن باشقا كىم ئەۋەتىدۇ؟ ھەربىر كىشى ئۆز پەرزەنتىگە مۇستەملىكچى خوجايىنلارنىڭ «تىلىنــى» «پىششىق» ئۆگەتكەندىلا، ئۇنىڭغا پارلاق ئىستىقبالنىڭ بارلىقىنى، ئوقۇش پۈتتۈرسىلا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا تۈرلۈك خىــزمەتلەرگە ئېرىــشەلەيدىغانلىقىغا جەزمەن ئىــشىنىدۇ. بۇنــداق تونۇشــقا كەلــگەن ئــادەملەر بــالىلىرىنى ھۆكــۈمەت مەكتىپىدە ئوقۇتماي، ئەزھەر مەكتەپلىرىگە بېرەمدۇ؟! ئاز - تولا ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن كىشىلەر بالىلىرىنى ئۆزلىكىدىن ئەزھەردىن قــايتۇرۇپ كېلىــپ مۇســۇلمان ھىســسۇلباتىنىي قۇرئان ئۆگەتمەيدىغان، نە دىن ئۆگەتمەيدىغان بــۇ «كــاپىر» مەكتەپلىــرىگە قارشــى قوزغىغــان بىرىنچــى قېتىملىــق ئىنقىلابــتىن كېيــىن، ھۆكــۈمەت مەكتەپلىــرىگە ئەكېلىــپ

---

[1] خەنزۇلارنىڭ مىڭكوخەن تەربىيىلەيدىغان مەكتەپلىرى.

[2] مىسىر پۇل بىرلىكى.

[3] مىسىر پۇل بىرلىكى.

بىرىشكە باشلىدى ... شۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ ئوقۇغۇچىلار يېڭى «تەبىقە»گە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ تەبىقىسى بىرىنچى بولۇپ ئائىلىدىن، ئىككىنچى بولۇپ ھۆكۈمەت ۋەزىپىلىرىدىكى ئىجتىمائىي مەركەزدىن كېلىپ چىقتى. ئۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇستەملىكچى ھۆكۈمەتنىڭ ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن كۇشكۇرتۇشلىرىدىن كېلىپ چىقتى.

ئاشۇ مەكتەپلەردىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققان «ئوقۇغۇچىلار» ئەمەلىيەتتە جىق بىر نەرسە بىلىپ كەتمەيتتى. يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك ئاق قەغەزنى قارا بويايدىغان «يازغۇچىلار جەمئىيىتى»گە ئەزا بولىدىغان، مۇشۇ ۋەزىپىدىن باشقا ۋەزىپىگە يارىمايدىغان، ئىنگلىز مۇدىرلىرىدىن بۇيرۇق قوبۇل قىلىشتىن باشقىسىغا يارىمايدىغان، بۇيرۇقنى مۇكەممەل، قۇللۇق ۋە مۇقەددەس قورقۇنچ بىلەن تىترەپ-تەمتىرەپ تۇرۇپ ئىجرا قىلىدىغان بىچارە جان باقارلار ئىدى. ياق! قورساق باقارلار ئىدى.

ئىنگلىزلار شۇ چاغدا ساغلام «تەربىيە» ئۇسۇلىنى، ھەقىقىي تەلىم-تەربىيە ۋاستىلىرىنى بىلمەمتى؟ ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە مەكتەپلىرىدىمۇ مىسىردا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىگە ئوخشاش قۇللۇقنىڭ ئۇسلۇبلىرى ئەتراپىدا ئايلىنىپ «تۆمۈر تاۋاق» ئەتراپىدىن يىراققا كېتەلمەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدىغان مائارىپ بولغانمىدى. لېكىن، دانلوپ يۇرگۈزۈۋاتقان مىسىر مائارىپ سىياسىتى تېخىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، بىلىملىك كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى بۇيرۇققا ماڭقۇرتلارچە ئىتائەت قىلىدىغان، دوپپىسىنى ئەكېلىشكە شەرەت قىلسا، كاللىسىنى ئەكېلىدىغان، ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلايدىغان نادان زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى مەقسەت

قىلغانىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا بۇ ئىشلارنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە تولىمۇ مەخپىي پىلان تولىمۇ ئاستا، ئاقىۋەتتى تولىمۇ خەتەرلىك، بىخۇتلۇق، ھېچقانداق سۆرەن-شاۋقۇن پەيدا قىلماي جىمجىت ئىشقا ئېشىۋاتاتتى. ئۇ بولسىمۇ كىشىلەرنى ئەزھەردىن قايتۇرۇپ كېلىش، ئالدى بىلەن ئەزھەرنى، ئاندىن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى چۆلدەرىتىش، ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە يېقىتىش، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش ئىدى. ئاشۇ مەكتەپلەردە بەلگىلەنگەن بىرلا كىتابتىن بېكىتىلگەن بىر خىللا دەرس ئۆتۈلەيتتى. ئىنگلىزلار چەكلىك بىرلا كۆرۈنۈشتە ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ پىكرىي ئۆتكۈرلىكىنى بوغۇپ چەكلەپ قويىدىغانلىقىنى ۋە ئىجادىيەت كەشپىيات روھىنىڭ قاناتلىرىنى بوغۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلمەمتى؟ چۈنكى، تالانت بىر خىل نەرسىنى تۈرلۈك نەرسىلەردىن كۆرۈش، تۈرلۈك بۇلۇڭلاردىن تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. قانات-قۇيرۇقلىرى بوغۇلغان ئەقىللەر زېرىكىش ۋە چارچاشتىن ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىشكە ۋە گالدۇڭلىشىشقا قاراپ ماڭىدۇ. ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا قويۇۋېتىلگەن زېھنىلەردىن تالانت، ئىجادىيەت، كەشپىيات ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلىرى بىر خىل تېمىنى نەچچە خىل تەھلىل قىلىدىغان تۈرلۈك مەنبەلىرىدىن خەۋەردار بولىدىغان، بىر تەرەپتىن نەزەرىيە بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن كەشپىيات ۋە ئىختىرالارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان قۇدرەتكە ئىگە ھەم نەزەرىيەچى ھەم ئىجادىيەتچى بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەردىن بولسا يادلىۋالغان نەزەرىيەلىرىدىن ئەمەس،

بەلكى ئۆگەنگەن دەرسلەردىن پايدىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرگەن ئىجادىيەت كەشپىياتلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىشنى ئۆلچەم قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار مىسىرلىقلاردا تەپەككۇر مېۋىسىنىڭ يېتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ يەردىكى چۈشەنچىلەر ۋە ئەقىللەرنى چەكلەيدۇ. ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتقا يول ئېچىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ئاشۇ مەكتەپلەردىكى ئىنگلىز نازىرلار ئۆزلىرىنى «خۇددى ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك مەئبۇدتەك» تولىمۇ «مۇقەددەس»، تولىمۇ «سۇرلۇك» قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى كۆرگەن كىشىلەرگە «تىترەك» ئولىشىپ، يۈرىكى «دۇپۇلدەپ» سوقۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇمۇر تاۋاقتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن «ئۆلگۈدەك» قورقىدىغان جانباقارلارنىڭ يۈرەكلىرى ۋە بەدەنلىرى ئۇلارغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، قۇللۇقتىن تولۇق خەۋەر بېرىدۇ. مانا بۇ «سۇرلۇك بولۇش» تەربىيە ئۇچۇن ئەمەس، كۆڭۈللەردە قۇللۇق زىرائەتلىرىنى ئۇندۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ياكى ۋاستىسى، ئاشۇ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھەر كۇنى نەچچە سائەتلەپ مىسىرنىڭ ئارقىدا قالغان قالاق، كېسەل كۆرپىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىك دۆلىتى ئىكەنلىكى، بۇ دۆلەتنىڭ كۆمۈر ۋە تۆمۈر زاپاسلىرى بولمىغانلىقى ئۇچۇن سانائەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى، ئەكسىچە پۈتۈن ياۋروپا دۆلەتلىرى، خۇسۇسەن ئەنگلىيىنىڭ سانائەت دۆلىتى، پۈتۈن دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تەرەققىي قىلغان «مەدەنىيەتلىك» دۆلەت ئىكەنلىكى، چۇنكى بۇ دۆلەتتە كۆمۈر ۋە تۆمۈر زاپىسىنىڭ ناھايىتى مول تېپىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ھارماي ـ تالماي تەلقىن قىلاتتى.

بۇ مەكتەپلەردە قۇرئان دەرسلىكى، دىن دەرسلىكى ئۆتۈلمەيتتى. ئەگەر ئۆگەتتى دېگەندە پايدىسىدىن زىيىنى جىق ئۈزۈندىلەر ئۆگىتىلەتتى.

مۇشۇ ئەسنالاردا مۇستەملىكچىلەر ھىمايە قىلىدىغان، يەر شارىدىن كاتتا ئورۇنغا ئىگە بولغان مىسسىئونېرلار مەكتەپلىرى بولسا، ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك پائالىيەتلىرىنى چېركاۋلىرىدا ناماز ئوقۇش، خىرىستىئانلارغا خاس دۇئالار بىلەن ئاللاھ تەرەپكە يۈزلىنىشتىن باشلايتتى. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارغا بۇنداق شارائىت ئوڭىدا ئەمەس، چۈشىدىمۇ نېسىپ بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مىسسىئونېر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋىجدانىدىكى دىن بىلەن ئاكتىپچانلىق ۋە ئىلىمدىن خەۋەردار بولۇش، قۇياش نۇرىدەك كۈچلۈك ئىجادىيەتچان ھايات روھى ئوتتۇرىسىدىكى رىشتىلەرگە بىرلەشتۈرۈلىدۇ. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدىكى قۇرئان ۋە دىن دەرسلىرى كۈندىلىك دەرس سىرتكىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سىرتكىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ چاغ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇشتىن قاتتىق ھېرىپ-چارچىغان ۋە زېرىككەن ۋاقىت بولۇپ، يىرگىنىشلىك مەكتەپ زىندانلىرىدىن ئويۇن-تاماشاغا تولغان ئازادە كوچىلارغا ياكى كەڭتاشا، ئازادە ئۆيگە قاچقۇسى كېلىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەرسلەرنى ئۆتۈش ۋەزىپىسى قېرى مۇئەللىملەرگە تاپشۇرۇلغان بولۇپ، يېمىرىلىش ئالدىدا تۇرغان پانىي ھاياتنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا نامايان قىلىپ قاتتىق ھۆتتۈرۈپ كېتىدۇ، گاھ قوينىدىكى قولياغلىقلىرىنى چىقىرىپ بەلغەم تۆكۈرىدۇ، ياشاڭغۇرىغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويىدۇ. دېمەككى، ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاشلىقىدىن بېشارەت بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ

چارچىتىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋىجدانىدىكى دىننى ھېرىپ-چارچاش، زېرىكىش ۋە قېچىشقا چاتقاندەك، ئاجىزلىق ۋە قېرىلىققا چاتىدۇ①.

دانلوب سىياسىتى تېخىمۇ كېڭىيىپ ئەھلى سەلب دولقۇننى قەدەممۇ-قەدەم ئالغا سىلجىتىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن بىر قانچىسى بارلىققا كەلدى. بۇ مەكتەپلەر ھەممە نەرسىدە ئۆزلۈك مەنھەجىگە ئاساسەن ماڭاتتى. ئىسلام ھەقىقىتىدىن ھېچنەرسە ئۆگەتمەيتتى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپلەردە ئىسلام تارىخىغا ئائىت دەرسلەردىن نېمىلەرنى ئۆگىنىدۇ؟

1. ئىسلام بۇتپەرەس قەۋملەر ئىچىگە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارنى بۇتنى تاشلاپ يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدۇ.

2. ئەينى دەۋردىكى ئەرەبلەر ئۆز قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتەتتى، ئۇلارنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن چۈشۈرۈلدى.

3. ئۇلارنى دەۋەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن چاقىردى. غازات ۋە پەتىھلەر ئىسلام دىنىنىڭ بۈگۈنكى مەۋجۇد جايلارغا قەدەر تارقىلىشى بىلەن غازات ۋە پەتىھلەرنىڭ دەۋرى ئاخىرلاشتى. ئەمدى يۇقىرىدىكى ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن ئىسلامنىڭ رولى «ئاخىرلاشتى»، مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن قول ئۈزدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى رېئال دۇنيا ھاياتلىقىدا قىلغۇدەك مۇھىم ئىشلىرى يوق، قالمىدى.

بىرىنچىدىن، ئىسلام بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن دەۋەت قىلغان بۇتپەرەسلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ

---

① ئەكسىچە مىسسىئونېر ئوقۇغۇچىلار ياش، تىمەن، پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن بولىدۇ.

مۇسۇلمان بولدى. ئۇلار قايتىدىن بۇتقا چوقۇنمىدى (ئۇلار ئافرىقا مەسىلىسىنى تامامەن يوشۇردى).

ئىككىنچىدىن، قىزىنى تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان ئىش قايتا كەلمەس مۇھىتقا ئايلاندى. بۇنداق يىرگىنىشلىك قىلمىشلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىسلامغا ھاجەت قالمىدى.

ئۈچىنچىدىن، دەۋەت پاكى جىھادنى ئومۇملاشتۇرۇش ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق شارائىتلىرىغا قاراشلىق، بۈگۈنكى يېڭى دۇنيادا ئۇنىڭغا ئورۇن يوق.

ئەمما، ئىسلامنىڭ پۈتۈن خالايىقلارنى نۇرغا يېتەكلەش ئۈچۈن يەر شارىدا تەسىر قوزغىغان بارلىققا كەلتۈرۈش كۈچى ...، تەرەپلىرى:

● ئەمما، ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە قەدەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى نىجادلىق بار ۋە ياخشىلىق بار تەرەپكە يۈزلەندۈرىدىغان ئىنتىزامىي تەرىپى.

● ئەمما، ئىسلامنىڭ يەر شارى رېئاللىقىدىكى ھەرىكەتچان كۈچ بولغىنىغا ئوخشاش ... تەرەپلىرى.

● ئەمما، ئىسلامنىڭ زېمىنىنىڭ ئەڭ يىراق بۇلۇڭ- پۇشقاقلىرىغا قەدەر كەڭ تارقالغان ۋە ئون نەچچە ئەسىردىن بېرى پۈتۈن زامان كىشىلىرىگە ھەزارەت بولغىنىغا ئوخشاش ... تەرەپلىرى.

● ئەمما، ئىسلامنىڭ پۈتۈن زېمىن يۈزىنى يورۇتقان، ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆزىمۇ ھازىرقى زامان يېڭى ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوبۇل قىلغان ئىلمىي ھەرىكەت تەرىپىگە ئوخشاش ... تەرەپلىرى.

● ئەمما، ئىسلامنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي ئادالەت بولغىنىغا ئوخشاش ... تەرەپلىرى.

● ئەمما، ئىسلامنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ غەيرىگە چوقۇنۇشتىن ئازاد قىلغىنىغا ئوخشاش، شەخسلەرنىڭ ئىدىيىسىنى خۇراپاتلىقتىن ئازاد قىلغان، ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئۆز شىللىسىگە مىنىۋالغان تۈزۈم بۇزغۇنچىلىقى ياكى شەخسلەر بۇزغۇنچىلىقىدىن قۇتقۇزۇپ، زۇلۇم، ئىستىبدات، ئېزىش ۋە ئېكسپولاتاتسىيە قىلىشلىرىدىن ئازاد قىلىدىغان ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاش تەرەپلىرى.

● ئەمما، ئىسلامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن يەر شارى كىشىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئىجرا قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك شەرىئەت قىلىپ چۈشۈرۈلگەنلىكىگە ئوخشاش ... تەرەپلىرى.

● ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىچىدىن كىچىككىنە بولسىمۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلمەيتتى. ئۆگىتىلەتتى دېگەندە «ئىسلام» كىشىلەر ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىبادەتلەر يىغىندىسى، ئاشۇ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلسىلا ئۇستىدىكى «ئىسلام»دىن كېلىپ چىقىدىغان بارلىق مەنا-مەزمۇنلارنى ئادا قىلغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدىغان دەرسلەر ئۆگىتىلەتتى. ياكى، ئىسلامنىڭ قۇياش كەبى نۇرانە چېھرىگە داغ سالىدىغان شەك-شۈبھىلەرنىڭ توپلاملىرى، پىكرىي، روھىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن بولىدىغان زۇلۇملارنىڭ يىغىندىلىرى ئۆگىتىلەتتى. بارلىق ئۆگىتىلمىلەر بىر تەرەپتىن ئىسلامنى كىشىلەر نەزىرىدە تولىمۇ كۈچسىز، خۇنۇك، بىچارە، ئەرزىمەس نەرسە قىلىپ كۆرسەتسە، ... يەنە بىر تەرەپتىن ئارقىدا قالغان، قالاق ۋە قاششاقلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ سوغۇرۇلۇپ چىقىشقا تېگىشلىك دىن، دىن دەپ ئاتىلىدىغان مۇشۇ ئۇيقۇ

دورىسىدىن قۇتۇلۇش كېرەك دەپ چۈشەندۈرۈشىنى كۈچەپ سىڭدۈرەتتى.

مۇشۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارغا ياۋروپا دەرسلىك قىلىپ ئۆگىتىلەتتى.

ياۋروپا — ئۇ تەڭداشسىز كۈچ، ياۋروپا — ئۇ بىردىنبىر ھەزارەت، ياۋروپا — ئۇ ئىلىم-ئىرپان، ياۋروپا — ئۇ ئازادلىق، ئۇ ئەركىنلىك، ئۇ قېرىنداشلىق، ئۇ باراۋەرلىك، ئۇ پۈتۈن مەيدانلارنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرىغا پەرۋاز قىلىۋاتقان تەرەققىيات؟! ياۋروپادا قۇرۇلغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ھەقىقىي ئىجتىمائىي تۈزۈم، ياۋروپا پىكرى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي تۈزۈم ھەقىقىي ئىقتىسادىي تۈزۈم، ياۋروپا تەجرىبىلىرى روياپقا چىقارغىنى يارامىلىق دەستۇرىي تۈزۈم، نىزام، فرانسىيە ئىنقىلابى قارار قىلغان ھوقۇق ھەقىقىي ئىنسان ھوقۇقى، ئەنگلىيە خەلقى بېكىتكەن دېموكراتىيە ھەقىقىي دېموكراتىيە، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى ئاساس سالغان ھەزارات ئەڭ نوچى ھەزارەت.

سۆزىمىزنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ياۋروپا قاپاق تۈرتكىلى بولمايدىغان، كەينىگە قايتۇرغىلى بولمايدىغان، ئارقىغا يانمايدىغان ئەڭ كاتتا گىگانىت، ئىسلام بولسا ياشاش ئۈچۈن! مۇشۇ گىگانىتقا چوقۇنۇشقا تېگىشلىك بىچارە، ئەرزىمەس چۈپرەندە!

بۇلارنىڭ ھەممىسى دانلوب سىياسىتىدە ھېچنەرسە ئەمەس.

ئەرەب تىلى، ئەرەب بولسۇن ياكى ئەرەب بولمىسۇن بارچە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى بىۋاسىتە ئىسلامغا چېتىپ تۇراتتى.

ئۇنداقتا ئۇنى ھاقارەتلەش ۋە ئەسكى-تۇسكىلەر تۇرىدىغان بۇلۇڭغا تاشلىۋېتىشكە توغرا كەلدى. ئۇنى قانچە ئەرزىمەس ئورۇنغا تاشلىيالىسا، دىنىي مەزمۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنچىلىك يىرىكلىشەتتى.

ئۇنداقتا ئەرەب تىلى مۇئەللىمى كۆزگە ئىلىنمايدىغان مەسخىرە قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان شەخس بولۇشى، شۇ چاغلاردا ئىنگلىز تىلى، يا جۇغراپىيە، تارىخ ياكى تەنتەربىيە، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى تولۇق 12 جۇنەيھى بولۇپ، بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاشۇ زامانلاردا ئۆي-زېمىن سېتىۋېلىشى، بايلىق يىغىشى ۋە پاراۋان راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئازادە يېتىپ ئاشاتتى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئەرەب تىلى ئوقۇتىدىغان مەكتەپتە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ياكى ئارتۇقراق ئىشلەيدىغان ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىسى ساۋاقدىشى ئاران تۆت جۇنەيھى ئايلىق ئالاتتى. بەزىدە ئۇنىڭ مۇشۇ كىچىككىنە ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىناتتى. بۇنداق ھالەتتە بۇ ئىككى تەبىقە بىر-بىرىدىن ئېچىنىشلىق ئىمتىيازلار بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىرەر توختامدا توختاپ قالمايتتى. مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىكى ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئىگە بۇ مۇئەللىملەر ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولاتتى (ھاللىق ئائىلىلەردىن خوتۇن ئالالايتتى). بالىلىرىنى ئالاھىدە ۋە ئۇستۇن ئالىي مۇھىتلاردا

تەربىيىلىنىۋاتىدۇ. مانا بۇ ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولسا، بۇرۇختۇم بولۇپ كۆنسايىن كەينىگە ماڭماقتا. بىكىنمىچىلىكنى ئۆزىگە ئادەت قىلماقتا. ئاستا-ئاستا ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورۇنلاردىن چۈشۈپ قالماقتا. ئىپسىل ئائىلىلەردىن ئۆيلىنىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمايدۇ. پەرزەنتلىرىنى كەمبەغەللىك، خارلىق ۋە بىچارىلىكتىن بولغان بىر مۇھىتتا تەربىيىلەيدۇ. ھەممە جايدا كىشىلەر ئۇلارنى كەمسىتىدۇ، كۆزگە ئىلمايدۇ ۋە قاچىدۇ. تۇفى!؟ بۇ ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىسىغا ئەمەلىي رېئاللىقتا ئۇنىڭغا بېرىلگەن زەربە پەقەت يالغۇز ئۇنىڭغىلا بېرىلگەن زەربە بولماستىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ زەربە ئەرەب تىلى ۋە دىنىغىمۇ تېگىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېچنەرسە ئەمەس. مىسسىئونېرلار ئىسلام دۇنياسىدا ئەھلى سەلىب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ كۈچلۈك ياردىمى ۋە چەك-چېگرىسىز ئىمكانىيەتلەر بىلەن كۆڭۈللەردىكى ئىسلامىي ئۇقۇملارنى يىمىرىش، كىشىلەر قەلبلىرىدىكى ئىسلامىي ئۇقۇملار ئورنىغا ئومۇمەن ياۋروپا ياكى خرىستىئان ئۇرۇقلىرىنى زىرائەت قىلىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق توسقۇنلۇقسىز، راۋان ھالدا پائال ھەرىكەت قىلالايدۇ.

كۆز ئالدىمىزدا ھەيران قالارلىق ئەمەلىي ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم» ( laconquepedu Monde Musuiman) ناملىق كىتاب ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇ

كىتابنى ئوقۇغان ئادەم مىسسىئونېرلارنىڭ خرىستىئان دىنىنى شۇنچە يۇرەكلىك، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا تارقالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ. كىتابنىڭ ئاشكارا ھالدا نەشىر قىلىنغىنىدىن ھەيران قالىدۇ. مىسسىئونېرلار بىلەن مۇستەملىكىچىلەر بىرلىكتە تۈزگەن زەھەرخەندە پىلانلارنىڭ ھازىرغا قەدەر ئىسلام دۇنياسىدا ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، ئۇلار بىرلىشىپ تەييارلىغان زەھەرلىك دورىلارنىڭ ھېلىھەم مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولماي تۇرالمايدۇ. بۇ سۇيىقەستلىك ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنىڭ مەخسۇس مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن پىلانلانغانلىقىنى، ئەكسىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئىشلىرىدىن بىخۇت، غاپىل يۈرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ساراڭلارچە كۈلۈپ يۈرۈشلىرى، بىپەرۋا، ھاڭۋاقتىلارچە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكى ياكى دۆتلەرچە قاراملىق بىلەن ئالقانغا ـ ئالقان ئۇرۇپ چاۋاك چېلىشىپ يۈرۈشلىرى ھەقىقەتەن تراگېدىيە ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق تراگېدىيە؟!

مۇشۇ بارچە سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەرنىڭ بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ جىسمىدا پىكىرلىرى، پائالىيەتلىرى، ئەخلاقىي ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئەمەلىي تەسىرلەرنى كۆرگىنىمىز تېخىمۇ تراگېدىيە ئۈستىگە تراگېدىيىدۇر. بەزىلىرىمىز بىز ساقلانساق بولاتتى، ئېھتىيات قىلساق بولاتتى دەۋاتقان«مەدەنىيەت، تەرەققىيات» دېگەن نېمىدىن خۇشال بولۇپ، ئېغىزىمىز قۇلاق تۈۋىمىزگە يەتكۈچە چوڭ ئېچىپ كۈلۈۋاتىمىز. بەزىلىرىمىز ئۆزىمىز بۇزۇپ قويغان بۇزغۇنچىلىقلىرىمىز ئۈچۈن قايغۇ ـ ھەسرەت چېكىپ غەمكىن بولۇۋاتىمىز. ئۇلارمۇ ۋە بۇلارمۇ «تەرەققىيات» دېگەن بۇ

«كەسكىنلىك» ئىسلام دۇنياسىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەس، ھېچكىم، ھېچقاچان ئۇنى توختىتىشقا ئامال تاپالمىدى دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

ئۇلار ۋە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئەھلى سەلب مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن مىسسىئونېرلارنىڭ ئىككى ئەسىر مابەينىدە كىشىلەرنىڭ ئەقىللىرى ۋە ئىچكى دۇنياسىدا نېمىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىدىن غاپىل، بىخەۋەر؟!

توغرا، «تەرەققىيات» بىز ئۇنىڭغا مەيلى تۆۋەنگە چۈشۈش ياكى يۇقىرى ئۆرلەش دەپ باھا بېرەيلى بەربىر ئۇ دۇنيا خاراكتېرلىك كاتتا كۈچ، ئىسلام دۇنياسى رازى بولسۇن، مەيلى رازى بولمىسۇن، چوقۇم بۇ كۈچنىڭ قاتتىق ئىتتىرىشىگە يولۇقماي ئامال يوق. بىز «ئالەمشۇمۇل دولقۇنلار» دەپ ئاتىغان ئالدىمىزدا كېلىدىغان بۆلۈمدە بۇ دولقۇننىڭ تەسىرلىرى توغرۇلۇق تەپسىلىي توختىلىمىز. لېكىن، بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئېيتىپ ئۆتىمىزكى، ئەھلى سەلب مۇستەملىكىچىلىرى ئىسلام دۇنياسىنى مۇشۇ يىرتقۇچ كەبىي دولقۇنلارغا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاز بولمىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى، ئاز بولمىغان ئىشلارنى قىلدى. بۇنىڭدا ھېچ گۇمانلىنىش يوق. ئۇلار ئىسلام دۇنياسىغا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا، بۇ دولقۇنغا قارشى كۈچ-قۇدرەتكە ئېرىشىۋېلىشىغا، ياكى بۇ دولقۇنغا قارىتا تولۇق بويسۇن ئىگىش ۋە تەسلىم تۇرانلىق ئورنىغا باشقا بىر مەيداندا تۇرۇشىغا كىچىككىنە بولسىمۇ پۇرسەت بەرمىدى ياكى يول قويمىدى.

ئەگەر ئىسلام دۇنياسى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقىدەك كۈچ-قۇۋۋىتىدە بولغان بولسا، ... ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئۈستۈنلىكىدە بولغان بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ «تەرەققىيات»

دېگەن ياۋۇز مەخلۇق ئالدىدا بويۇن قىسىپ، تەسلىمچىلىك بىلەن تۇرمايتتى. بەلكى، ئىسلامنىڭ شەكسىز بۇ تەرەققىياتقا قارىتا تۇرىدىغان باشقا بىر مەيدانى بولاتتى.

«تەرەققىيات»قا قارىتا ھاڭۋاقتىلارچە خۇشال بولمايتتى. غەربتىن كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى «ساقايماس كېسەلنىڭ تېپىلماس دورىسى؟» سۈپىتىدە قوبۇل قىلمايتتى. بەلكى، بۇ نەرسىلەرنىڭ دورا ئەمەس، كېسەلنى قوزغاتقۇچى زەھەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالاتتى ـ دە، زەھەرگە ئېھتىياتچانلىق، ئاگاھلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. پۈتۈن ئىنسانىيەت تەرەققىيات دېگەن بۇ مەخلۇققا تەسلىم تۇرانىلىك ۋە بوي ئىگىشتىن باشقىراق بىر مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغان بولاتتى. ئۇ مەيدان دەل ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن تارىخىدىن بېرى ئېرىشكەن بارلىق ياخشىلىقلىرىنى يوقىتىپ كېتىش ئۈچۈن ئېغىزىنى كوھىقاپتەك ئېچىپ تۇرىدىغان تېگى يوق ھاڭدىن قۇتقۇزغۇچى مەيدان ئىدى.

ئىنسانىيەت بۈنىڭدىن كېيىنكى يېقىن كەلگۈسىدە چوقۇم مۇشۇ مەيدانغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما، ھازىر بىز ئەسلىدە قۇرمۇقۇر، سۆزمۇسۆز ئوقۇپ چىقىشقا تېگىشلىك بۇ كىتابتىن مەزمۇنغا ھەيران قالارلىق بىر نەچچە قۇرنى ھوزۇرىڭىزغا سۇناقچىمىز. لېكىن، بۇ ھەيران قالارلىق كىتابنىڭ ئىچىدە مەزمۇنسىز بىرەر جۈملىمۇ يوق؟ ئەسلىدە بۇ كىتاب فرانسىيىدە چىقىدىغان «ئىسلام دۇنياسى ژۇرنىلى ــــ Rrevuedn Tonde Musuimqnla»نىڭ مەخسۇس سانى بولۇپ، بۈنىڭدىن 50 يىل مۇقەددەم ئىسلام يۇرتلىرىدا پروستانتىي خرىستىئانلاشتۇرۇش ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن چىقىرىلغان. ژۇرنال، كىتابنىڭ بېغىشلىمىسىنى شۇ چاغدىكى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى مىيو ئالو شاتىلى

(A . lechatelier) يازغان. بۇ ژۇرنال بىرتانىيە كاتولىك مەزھەبىگە قىزغىن كەيپىيات ئاتا قىلىش، ئۇلارنىڭ ھىممەتلىرىنى ئويغىتىش، بىر تەرەپتىن ناسارالاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇش، پروتانتىس مۇشۇ مەيدان مەيدان بارلىققا كەلتۈرگەن يارقىن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ غەيرەتلىك بولۇش مەقسىتىدە چىقىرىلغان. ژۇرنال مۇشۇ تەتقىقاتنىڭ نامى قىلىنغان «ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم»نىڭ ئارقىمۇئارقا چىققان ماقالىلەرنى ئىككى ئىلغار مۆتىۋەر كىشى مۇسائىد ياپىئى بىلەن مۇھىيۇددىن خەتىب بىۋاسىتە ۋاقتى-ۋاقتىدا تەرجىمە قىلىپ «يارەدەمچى» ژۇرنىلىدا نەشىر قىلىپ تۇرغان. كېيىن بۇ ئىككىسى چىققان پۈتۈن سانلارنى توپلاپ، ھىجرىيە 1350- يىلى كىتاب قىلىپ نەشىر قىلىپ تارقاتقان. بۇنىڭغا 30 يىلدىن ئاشتى.

بۇ كىتاب يىراق تارىختا سادىر بولغان تەخمىنەن بىر ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشقان خرىستىئانلاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ قاتتىق ئەۋج ئالغان ۋە ئاكتىپ ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنى ۋە 1906- يىلى قاھىرەدە، 1910- يىلى ئەنگلىيىنىڭ ئەدەنبەر شەھىرىدە، 1911- يىلى ھىندىستاننىڭ لىكنو شەھىردە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ خرىستىئانلاشتۇرۇش قۇرۇلتىيىنىڭ ئەمەلى ئىش-ھەرىكەتلەرنى ئەينەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدىكى خرىستىئانلاشتۇرۇش يۆلىنىشلىرى، ۋاسىتىلىرى-نىشانلىرى توغرىلىق ئىنتايىن ئوچۇق، ئەينەن، يالىڭاچ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. گەرچە كىتاب يېزىلغىلى ئۇزۇن زامان بولغان بولسىمۇ، ھېلىھەم كىتابنىڭ قىممىتى، تەسىرى يوقالغىنى يوق. ئەكسىچە، ئۇ يەھۇدىي-ناسارالارغا زور

ئەھمىيەتلىك مول پايدىلارنى بېرىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ كىتاب ئۆتمۈشتە تۇزۇلگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، شەپە چىقارماي ھەرىكەت قىلىۋاتقان، ئەمەلىيەتتە مەقسەت-نىشانغا يېتىپ بولغان «بۈگۈنكى كۈندىمۇ» ئەمەلىيلىشىۋاتقان سۇيىقەستلىك پىلان-لايىھەلەرنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرى تارىخىنىڭ خېلى بۇرۇنقى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى، ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى قەدىمدىن باشلاپ يۈز بېرىۋاتقان رىقابەت-ئۇرۇشلار ۋە قارىمۇقارشىلىقلارنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. بۇ نۇقتىنى فرانسىيىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مىسوبىيدۇدەك ئادەملەرنىڭ مەراكەشتە بولۇۋاتقان قانلىق جەڭلەرگە قارىتا: «بۇ ھىلال ئاي بىلەن قىزىل كىرىس ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش» دېگەن سۆزى ئېنىق ئۇقتۇرىدۇ. لېكىن، ھەقىقىي ئەھۋالنى باشقىلار تامامەن مەخپىي تۇتىدۇ.

شاتىلى مەزكۇر كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە «بىزنىڭ كۆزقارىشىمىزدىكى شەرھىلىگۈچى سۆزلەر ۋە بۇ سۆزلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى نامايەن قىلىدىغان بەزى كەلىمىلەر ئاستىدىكى پىلانلار ۋە تېمىلار» دېگەن ماۋزۇدا مۇنداق دەيدۇ: «بىز 1910-يىلى مەزكۇر «فرانسىيە ئىسلام دۇنياسى ژۇرنىلى»نىڭ سەھىپىلىرىگە ئىسلامىي سىياسەت تېمىسى (يەنى ئىسلام ۋە ئىسلام يۇرتلىرىغا قارىتىلغان ۋە قارىتىلىشقا تېگىشلىك بولغان سىياسەتلەر) ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىۋاتقان چاغلىرىمىزدا مۇنداق ماقالە يازدۇق: فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا شەقتە بولىدىغان بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ھەممە نەرسىدىن بۇرۇن بىرىنچى دەرىجىدە

ئەقلىي تەربىيە قائىدىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەك. بۇنداق قىلىش مۇشۇ ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ دائىرىسىنى، رامكىسىنى كېڭەيتىش ۋە مول پايدىلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق. بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن مىسسىئونېر راھىبلار ۋە ئۇلاردىن باشقىلار ئېلىپ بېرىۋاتقان مەخسۇس پىلان ـ لاھىيەلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقىمىز كېرەك! ... چۈنكى، بىز يەتمەكچى بولغان مەقسەت ـ نىشانغا نىسبەتەن ئۇلار تۈزگەن پىلانلار تولىمۇ ئاجىز ۋە يېتەرسىز. بۇ مەقسەتكە فرانسىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋاسىتىلىرى بىلەن يېتىش مۇمكىن. چۈنكى، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلار ئىرادىگە ئاساسلانغان تەلىم ـ تەربىيە ۋاسىتىلىرىنى مەخسۇس نىشان قىلغان. مەن ئىسلام دىنىدىمۇ فرانسىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى مەكتەپلىرىدىن كېلىپ چىققان تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلۇبلىرىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپ ھەم جانلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

ئەنە يۇقىرىقىدەك شاتىلى «يەتمەكچى بولغان ئومۇمىي مەقسەت ـ نىشان»نى شۇنچە ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىسلام دىنىدا فرانسىيە ئۇنىۋېرسىتېت مەكتەپلىرىنى مەنبە قىلغان تەلىم ـ تەربىيىنى ئومۇملاشتۇرۇش ... ئىسلامغا فرانسىيە ناسارانىزمىنى ئارىلاشتۇرۇش. بۇ جەرياندا پەقەت مىسسىئونېر راھىبلارغا قاراپ ئولتۇرماسلىق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى چەكلىك، مەقسەتنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇشتا يېتەرسىز، نىشانى ئۇزۇن، دائىرىسى كەڭ، يىراقنى كۆزلىگەن. «كالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتۇشنى» مەقسەت قىلغان ئىستراتېگىيىلىك پىلاننى ئورۇنلاشقا مادارى يەتمەيدۇ. بۇ مەقسەت پەقەت تەلىم ـ تەربىيە يولى ئارقىلىقلا

ئورۇنلىنىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا مۇشۇ تەلىملەرنى كەڭ ئومۇملاشتۇرىدىغان فرانسىيە مەكتەپلىرىنى كۆپ ئېچىش يوللىرى ئارقىلىق مۇشۇ پىكىرلەرنى دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك ــــ بۇ مەكتەپلەر ئەلمانىي مەكتەپلىرىدۇر . . .

بۇ مەكتەپلەر ئەر-ئايال راھىبلار مەكتەپلىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بۇ مەكتەپلەر ئوچۇق دىنىي بۇياقلار بىلەن بويالغان. ئۇنىۋېرسىتېت مەكتەپلىرى بولسا ئەلمانىي ؟؟؟.

ئۇ مۇقەددىمىدە يەنە مۇنداق يازىدۇ: «توغرا، يەسۇئىي مەكتىپى (پروتتا قۇرۇلغان مىسسىئونېر راھىبلار مەكتىپى)نىڭ غايىسى ۋە بۇ مەكتەپتىكى تەلىم-تەربىيە يولى بىلەن ئاستانىدىكى فرانسىيە فاكولتېتى مەكتىپىنىڭ غايىسى ۋە يولى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. مىسسىئونېرلار مەكتىپى ناسارالاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. فرانسىيە مەكتىپى ئەلمانىيلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن، فرانسىيە تىلىدا تارقىتىلىدىغان تەلىم-تەربىيە ۋە پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش نەتىجىلىرىنى سېلىشتۇرغاندا، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى تۈرلۈك مەكتەپنىڭ ئاخىرقى نىشانى يول ئاچىلىدا ئۇچرىشىدۇ ۋە ئورتاق بىر مەقسەت ئۈچۈن ماس قەدەمدە ماڭىدۇ. مۇشۇنىڭدەك بىرگە ئايدىڭ بولىدۇكى، كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن كۆپ ئامالار بىلەن تەرەپ-تەرەپكە ئەۋەتىلىدىغان خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، پىلان-تەدبىرلىرى ۋە ھېكمەتكە تولغان، ئۇلار بىزگە ئىسلامىي يۇرتلاردىن نۇرغۇن پايدا-مەنپەئەتلىك ئامىللارنى، كۆپ مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ

كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاشۇ يۇرتلاردا ياۋروپائىزم پىكىرلىرىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، تارقىتىدۇ».

ئۇ مۇقەددىمىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇشۇ ئابزاستا خرىستىئانلار ئاتىسى ئاتازومىر[1]نىڭ سۆزىنى ئىسپات كەلتۈرىدۇ. زومىر مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام يۇرتلىرىغا خرىستىئان مۇرىتلىرىنى ئەۋەتىشنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكى بار: 1) چېكىتىش ئالاھىدىلىكى. 2) يېقىتىش ئالاھىدىلىكى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، «چۇۋۇپ توقۇش ئالاھىدىلىكى» ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە ئوسمانىيلار يۇرتلىرى — مىسىر رايونىنىڭ ئەخلاقى پرىنسىپلىرىغا دەخلى تەرۇز يەتكۈزگەن ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە بۇرۇۋېتىشتا خرىستىئان مىسسىئونېرلىرىنىڭ بىۋاستە قولى بارلىقىدا ھېچقانداق شۇبھە يوق، ئۇنىڭ ئۆزگىچە يۇزلىنىشلىرى بار. ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى ھالەتلەرگە كېلىپ قېلىشىدا مىسسىئونېرلارنىڭ ئالاھىدە رولى بار. ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى نېسىۋىسى غەرب ھەزارىتىنىڭ نېسىۋىسىدىن بەك كۆپ — ناھايىتى كۆپ». مانا بۇ خۇسۇسىي سۈپەتتە ناھايىتى خەتەرلىك سۆزلەر. ئۇ ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئۆزگىرىشنى ئوچۇق بايان قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنى بۈگۈنكىدەك پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتا مۇستەملىكە ھۆكۈمەت تەرەپتىن قوللاشقا ئېرىشكەن ۋە تولۇق ئىمكانىيەتلەر يارىتىلىپ بېرىلگەن مىسسىئونېرلارنىڭ نىجىس قولى بارلىقى، بۇلارنىڭ

① ئاتازومىر — پروستانتىنت مىسسىئونېرى، ئۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پۈتۈن ئىسلام يۇرتلىرىدا، خۇسۇسەن مىسىردا بىر قاتار ئاكتىپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇ «ئەنگلىيە ئىسلام دۇنياسى ژۇرنىلى»نى قۇرۇپ چىققۇچى.

تەسىرىنىڭ غەرب ھەزارىتىنىڭ تەسىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مانا بۇ ئۆزۈندىلەر بىزنىڭ يۇقىرىدىكى ئابزاسلاردا ئېيتقانلىرىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە پۈتۈن دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلغان ياۋروپا «ئالەمشۇمۇل تەرەققىيات» دولقۇنى ئىسلام دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن قىلغۇلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە قادىر ئەمەس. ئەگەر ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرى «ئالتۇن بۆشۈك» تەييارلىمىغان بولسا، بۇ دولقۇن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەقىدە-ئېتىقادى ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى بۇنچىلىق قورقۇنچلۇق دەرىجىدە ھەرگىز يېمىرەلمىگەن بولاتتى. مۇستەملىكىچىلەر بۇ دولقۇننىڭ ئىسلام بىناسىغا قاقشاتقۇچ زەربىلەر بېرىشكە، ئېغىر زىيانلار سېلىشقا شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بۇنى غەرب مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەپسۇس، بۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخچىلىرى ۋە تارىخچى ئەمەسلىرىمۇ ئىنكار قىلىدۇ.

ئۆزۈندىلەرنى داۋاملاشتۇرايلى! ... شاتىلى مۇقەددىمىدە يەنە مۇنداق يازىدۇ: «پروتېستانت ۋە كاتولىك مۇرىتلىرىنى ئەۋەتىش بىلەنلا ئىدىيىلەر دۇنياسىدىن ئورۇن ئالغان ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ كۆڭۈللەردىكى ئورنىنى تەۋرىتىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەقسەتنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياۋروپا تىللىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئىستراتېگىيىلىك پىلانلارنى تارقىتىشىمىز كېرەك. بۇ پىكىرلەرنى تارقىتىدىغان تىللار ئىنگلىز تىلى، گېرمان تىلى، گوللاندىيە تىلى ۋە فرانسىيە تىلى قاتارلىق ئىسلامنى ياۋروپا ئەدەبىي ئاخبارات ۋە نەشرىياتچىلىق بىلەن قامچىلايدىغان، ئىسلامنى ماددىي جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈشكە يول راسلايدىغان ھەرقايسى تىللار ئارقىلىق بولۇشى

كېرەك. ئەۋەتىلگەن مىسسىئونېرلار ئۆز ۋۇجۇدى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى قوغداپ قالالمىغان ئىسلام دىنىنىڭ پىكىرلىرىنى تارمار قىلىش ۋە ئىسلامنى چۆرۈپ تاشلىمىغۇچە تەرەققىيات بولمايدۇ دېگەن پىكىرلەرنى تاماملاش ئىشىنى تولۇق پۈتتۈردى».

مانا بۇ ناھايىتى خەتەرلىك سۆزلەر. ئۇ بىزگە ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ مۇستەملىكە قىلىۋالغان ئىسلام يۇرتلىرىدا ياۋروپا تىللىرىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇشتىن بولغان مەقسەت-نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشىنىڭ ئالدىدا قويۇپ بىرىنچى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىشى دەل ئىسلام دىنىنىڭ پىكىرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن خالىغان ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ياكى مۇتلەق ھالدا ھېچنەرسە بارلىققا كەلتۈرمىسىمۇ مەيلى. يەنى، مۇسۇلمانلارنى ئىسلامىي چۈشەنچىلەردىن ئايرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ناسارا ياكى ئەلمانىي قىلىش ياكى مۇسۇلمانمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس، ئەلمانىيمۇ ئەمەس، ئەبجەش بىر نەرسىگە ياكى خامۇش، گومۇشقا ئايلاندۇرۇۋېتىش، ئەڭ مۇھىمى يېقىتىش، قۇرۇش ئەمەس، تۆۋەندىكى ئابزاسلاردا بۇنى شاتىلىنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

«بىزنىڭ ئۆز ئەقىدىسى ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنى مەنبە قىلغان ۋەزىيەتلىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن يېڭىلىپ قالغان ۋە بۇلارنى چۆرۈپ تاشلىغان ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرگە باشقا بىر ۋەزىيەت ياكى خۇسۇسىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئىسلامىي پىكىرلەردىكى تەدرىجىي ئېتىقادىي ئاجىزلىق ۋە بۇ ئاجىزلىققا ئەگىشىپ كېلىدىغان

يىمىرىلىش، تۇگىشىش ۋە ۋەيران بولۇش ئانچە ئۇزۇنغا قالماي ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە قەدەر كېڭىيىپ، دىنىي روھنىڭ تۈپ يىلتىزىدىن ۋەيران بولۇشىنى، باشقا بىر شەكىللەردە قۇرۇلۇش، بارلىققا كەلتۈرۈش، ئىنشائاتلىرىنىڭ قايتا مەۋجۇد بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ».

مانا بۇ ئىزاھلاشنىڭ ھاجىتى يوق سۆز، ياۋروپا تىللىرىنى ئۆگىتىشنىڭ نىشانى ئىسلامىي چۈشەنچىلەر بىلەن بارلىققا كەلگەن ئەقىدىنى ئاجىزلاشتۇرۇش. مانا بۇ ئاجىزلىق ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ يىراقنى كۆزلىگەن ئىستراتېگىيىلىك ئىلىمدە ئالدىن پىلانلانغان ۋە بېكىتىلگەن ھەقىقىي ئەھۋال. مانا بۇ ئەقىدە ئاجىزلىقىدىن ئۇلار كۆزلىگەن ۋەيران بولۇش ۋە تۇگىشىش كېلىپ چىقىدۇ. مۇستەملىكچىلەرنىڭ ھۇجۇملىرى ۋە ياغلاشلىرىنى «خەيرىيەت، بەرىكەت، ئىلمىي ئويغىنىش» دەپ قارايدىغان بەخۋاش كىشىلەر كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ ئويلاپ باقسا بولىدۇ.

تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى ئىگىلىۋېلىشى مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام دۇنياسىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىسلامىيەتنى ئالدى بىلەن، ئاندىن مۇسۇلمانلارنى تۈگەشتۈرۈپ، ئەزەلدىن گۈللىنىپ كەلگەن، باشلىنىشىدىلا ئەتراپقا خۇش ھىد تارقاتقان ئىسلامىي گۈللەرنى ئۈزلىرىنىڭ قۇرت-قوڭغۇزلىرىغا يەم قىلىپ بېرىش ئۈچۈنمۇ؟

ئۇنداقتا يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەرگە ئاساسەن بىز ياۋروپا تىللىرىنى ئۆگىنىمىزمۇ؟ ياكى ئۆگەنمەيمىزمۇ؟ چۈنكى، ئۇ تىل ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئەڭ كاتتا ۋاستە ياكى ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ھالقىلىق ئاچقۇچى بولۇۋاتىدۇ.

شۇنداقلا، مۇستەملىكچىلەر بۇ تىللارنى ئىسلام ئەقىدىسىنى سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتىدۇ. بىز بۇ سوئالغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن بىر ئاز توختىلىپ ئۆتەيلى؟!

يۇقىرىقىدەك بىر بۆلۈك سەلبىي تەسىرلەر تۈپەيلى، بۇ تىللارنى ئۆگىنىشتىن ئۆزىمىزنى چەكلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئەجنەبىيلەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىشتىن ئۆزىنى چەكلەش ۋە مەرىپەت دەرۋازىسىنى تاقاش ھەرقانداق ئاقىل ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدىغان ئەخمىقانىلىقتۇر. بىز بۇ تىللارنى ئەقلىمىزدىن ئايرىلىپ كالۋالارچە، بىخۇتلارچە قوبۇل قىلماي، ھوشيار ھالەتتە، سەگەك ۋە ئاڭلىق ھالەتتە، تېگىشلىغاننى ئەمەس ئىختىيار قىلغىنىمىزنى ئۆز ئىرادىمىز ۋە ئەركىنلىكىمىز بويىچە قوبۇل قىلىشىمىز، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ شاكىلىنى تاشلىۋېتىشىمىز لازىم. ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ئۆگەنگەندەك ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئۇلار ئەينى چاغدىكى ئىلىم ۋە مەرىپەت تىللىرى بولغان يونان، پارس ۋە ھىندى تىللىرىنى ئۆگەنگەن، ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىگە رېئاكسىيە قىلمىغان. بەلكى، ئۇلار بۇ ئىلىم ـ مەرىپەتلەرنى مۇشۇ ئەقىدىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەتكەن ۋە بۇ ئەقىدىنىڭ، مەرىپەتنىڭ ھەربىر شاخ ـ پۇتاقلىرىغا قەدەر يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن ئىشلەتكەن. ئەنە شۇ كۈنلەردە مۇسۇلمانلار ئۆز زامانىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىملىرى ۋە دانىشمەنلىرى بولۇپ قالغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتمەستىن ساقلاپ قالغان.

يەنە بىرى ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا قىلغان قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى بىلەن ئىسلامنىڭ پەتھى قىلىنغان ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە دىنلارغا ئىگە خەلقلەر ئىچىدە قىلغان ئىشلىرى ئوتتۇرىسىنى

سىلىــشتۇرغاندا، بىــزگە ئىككــى يــۈزلىنىش ئوتتۇرىــسىدا ھەقىقەتەن ئاسمان ـ زېمىن ئوتتۇرىسىچە زور پەرقنىڭ بارلىقى ئايدىڭ بولىدۇ. مۇستەملىكچىلەرنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنىنى كــۆرگەن ئــادەم بــۇ نــاھەقچىلىكلەرگە ھەقىــقەتەن چىــداپ تۇرالمايدۇ.

مۇســۇلمانلار پەتھــى قىلغــان يــۇرتلاردا ئەرەب تىلىنــى ئومۇملاشتۇرغانلىقى چوقۇم، ئۇنىڭدا ھېچ شەك ـ شۈبھى يوق. ئۇلارنىــڭ پەتھــى قىلىنغــان زېمىــنلاردا ئەرەب تىلىنــى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىــسلامنى تــارقىتىش ۋە ئومۇملاشــتۇرۇش ئۇچۇن بولغان، ئۇنداقتا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىــسىدا قانــداق پەرق بار؟ ... بــۇ يەردىكــى پەرق قايــسى؟ مۇســۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى كىرگۈزۈش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئەقىدىلىرىنى ۋە پىكىرلىرىنى تارتىۋېلىش «بۇلاڭ ـ تــالاڭ قىلىــش» ئۈچــۈن ئەگرى ـ بۈگرى ۋاسىتىلەرنى قوللانغانلىقى توغرىلىق تــارىخ ھېچقانــداق بىــر ۋەســقە قالدۇرمىــدى. ئىــسلامغا ئالغــا! چاقىرىقى ئوپئوچۇق ۋە ئېنىق بولدى. ھېچقانداق ھىيلە ـ مىكىر ۋە زورلاش بولمىدى. بىز بۇ سۆزىمىزنى ئىــسپاتلاش ئۈچــۈن خرىســتىئان يازغۇچىــسى ت . ۋ . ئارنولــدنىڭ «ئىسلامغا چاقىرىق» (The Ptreaching of islam) ناملىق كىتابىنىڭ ھەسەن ئىبــراھىم ۋە باشــقىلارنىڭ ئەرەبچىــگە تەرجىــمە قىلغــان نۇسخىــسىنىڭ 48 ـ بېتىــدىكى مۇنــۇ جۈملىلەرنى نەقىل قىلىمىــز: «بىــز خرىــستىئانلار بىــلەن ئەرەب مۇســۇلمانلىرى ئوتتۇرىــسىدا بــۇرۇن بولــۇپ ئــۆتكەن دوســتانە ئــالاقىلەردىن شــۇنىڭغا ھۆكــۈم قىلالايمىزكــى، مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشتە قوللانغان ۋاسىتىسى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋاسىتىسىغا كەسكىن ھــالەتتە تايانغانلىقتىن ئەمەس. مۇھەممەد ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى

ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ ئۆزىمۇ بەزى ناسارا قەبىلىلىرى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى تۈزۈپ، ئۇلارنى قوغداشنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دىنى شوئارلىرىنى ئادا قىلىشىغا تولۇق ئەركىنلىك بەرگەن، شۇنداقلا چېركاۋدىكى كىشىلەرگىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ھەق ـ ھوقۇقلىرى ۋە نوپۇزلىرى بەرگەن. ئۇلار ئۆز ئىشلىرىنى خاتىرجەملىك ۋە ئەمىنلىك ئىچىدە بىخەتەر ئېلىپ بارغان».

مەزكۇر كىتابنىڭ 50 ـ بېتىدە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىردە خرىستىئانلار ئۈستىدىن زەپەر قۇچقان مۇسۇلمانلا يۇقىرىدىكى مىساللاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك كەڭ قوللۇق، كەڭچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى دىندىكىلەرگە كەڭ ئەركىنلىك بەرگەن. بۇ ئەھۋال كېيىنكى ئەۋلادلار ئىچىدە ئۇزلۇكسىز داۋاملىشىپ كەلدى. بىز شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا ھەقلىقمىزكى، بۇ خرىستىئان قەبىلىلىرى ئىسلامنى ئۆزلىكىدىن مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلغان. ئۆز ئىختىيارى، ئىرادىسى، ئەركىنلىكى بىلەن قوبۇل قىلغان. ئۇلارنى بۇنداق قىلىشقا زورلىغان ھېچقانداق تاشقى بېسىم يوق. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار كوللېكتىپى ئىچىدە ياشاۋاتقان خرىستىئان ئەرەبلەر مۇشۇ كەڭچىلىكنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. پەتھى قىلىنغان زېمىنلاردا ئەرەب تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش بولسا، كىشىلەرنىڭ يېڭى دىنىنىڭ ئەقىدىسىدىن خەۋەردار بولۇشى ئۈچۈن ئېچىلغان تىنچلىق دەرۋازىسى بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇلار بۇ ئەقىدىگە قىزىققىنىدا ھېچبىر زورلىنىشسىز قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىچە مەقسەتلەر بولمىدى. بۇ ئومۇملاشتۇرۇش كىشىلەرنى نە ۋەيران بولۇشقا، ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرى يىمىرىلىشكە، پىكىر ـ ئۇقۇملىرىنى

يوقىتىش گېردابىغا قىستىمىدى. ئەسلىدە بار بولغان ئەقىدىلىرىنى سىقىپ چىقارمىدى. ئەسلا ... دىنى روھىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ گۇمران قىلىپ باشقا بىر شەكىللەردە بارلىققا كەلمىگۈدەك دەرىجىدە زەربە بېرىدىغان، يىلتىزلارغا پالتا سالىدىغان ئىشلارنى ئەسلا قىلىپ باقمىدى، ئەسلا! ...

ئۇنداق قىلىش شاتىلى ئوچۇق-ئاشكارە ئېيتقانىدەك، ئەھلى سەلىبلەرنىڭ قارا نىيىتى، يامان غەرىزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەرەب تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى مەقسىتى ساغلام بولغان دىنىي روھنى رېئال ھاياتتا قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك كۈچ بىلەن ئىنشا قىلىشقا ئېلىپ بېرىش بولۇپ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدى.

مانا بۇ پەرق يېتەر. بىز ئۇزۇندىلەرنى ياكى ناسارالارنىڭ ئۆز ئېتىراپنامىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى!

شاتىلى مۇقەددىمىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز يەنىلا ئەسلىدىكى سۆزىمىزگە كېلەيلى! ئەلمانىيلار بىلەن مىسسىئونېرلارنىڭ پىكرى ھەرقانچە بىر يەردىن چىقماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ پىلانىدىكى ئىككىنچى بۆلەك يول ئاچىلىدا ئۇچرىشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ يېقىتىش، چۇۋۇش، ۋەيران قىلىش، مۇسۇلمانلاردىن ئىسلام ئېتىقادىنى تارتىۋېلىش، ناسارا قىلىپ تەربىيىلەش، يولدىكى دائىمىي تىرىشچانلىق سەرپ قىلىدىغان، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە تېگىشلىك مەخسۇس تېمىلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئىسلامغا بېسىم ئېلىپ كېلىدىغان سىياسىي تەقسىمات بولسا ياۋروپا مەدەنىي ھەرىكەتلىرىگە داغدام يول ئېچىپ ئالتۇن بۆشۈك ھازىرلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ سىياسىي يۇزلىنىشلەر

تەرىپىدىن گۇمران بولۇشى ئەمەلىيلىشىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسلام ياۋروپا سۇلۇكلىرى مەدەنىيىتىنىڭ چەمبەرسىمان مۇھاسىرىسى ھۆكۈمرانلىقى ئىچىدە تەقىپ قىلىنىدۇ».

مانا بۇ كىچىك ئابزاس ئاز دىگەندىمۇ خەتەرلىك بولغان ئىككى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، بىز ئۇنىڭغا يۇقىرىدا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ ئوچۇق كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ سەرپ قىلىدىغان بارلىق تىرىشچانلىقلار ناسارا قىلىپ تەربىيىلەش يولى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ دىنىنى، نە ۋەتەننى تونۇمايدىغان، ئىنسانىيەت مىراسى بولغان ھەزارەتنى تارقىتىش ئەمەس، ئۇنىڭدا پۈتۈن ئىنسانىيەت ئەڭ مۇكەممەل ھالىدا ئورتاقلىشىدۇ. مۇسۇلمان شەرقىدىكى سىياسىي ئورۇنلاردىن بىخەۋەر، بىخۇت مۇسۇلمانلارمۇ ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئىسلام زېمىنلىرىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان «مەدەنىيلەشتۈرۈش» نامىدا ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى ھەزارەت تارقىتىش دەپ خىيال قىلىدۇ. مۇستەملىكچىلەرنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى بولغان ياللانما مەدىكار، ئىجارىگە سېتىلغان غالچىلارمۇ خوجايىنلىرىنىڭ زەھەرلىك نەيرەڭلىرىدە زەھەرلەنگەنلەرمۇ مۇشۇنداق ئويلايدۇ.

مانا بۇلارنىڭ مەقسەت ـ نىشانى، مەقسەت ـ نىشانغا يېتىش يولىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقلىرى بەك ئېنىق، ئۇ بولسىمۇ خرىستىئان مۇرتى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش يولىدا ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىش. مانا بۇ مەقسەت يېتىش ئۈچۈن كۆڭۈللەرنىڭ قات ـ قېتىدىن، چوڭقۇر يېرىدىن ئورۇن ئالغان ئىسلامىي ئەقىدىلەرنى تارتىۋېلىش، ئاشكارا مەيلى يوشۇرۇن تالان ـ تاراج قىلىۋېتىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئىسلامغا بېسىم ئىلىپ كەلگەن سىياسىي تەقسىمات ـــ شاتىلى ئىزاھلىغاندەك يېقىن كەلگۈسىدە «ياۋروپا» مەدەنىيي ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن داغدام يول ھازىرلايدۇ. قايسى مەدەنىيەتكە يول ھازىرلايدۇ؟ خىرىستىئان دىنى مەدەنىيىتىگە!

يازغۇچى بۇ سىياسىي تەقسىماتقا ئىشارەت بېرىپ بۇ سىياسىي تەقسىمات بولسا، ئىسلام دۇنياسىنى يېرىم مۇستەقىل ھالەتتىكى كىچىك-كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلىۋېتىش كېرەك. بۇ دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمرانلار يېرىم ھۆكۈمران سۈپىتىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، ياكى مۇستەقىل بولۇشنى تەمە قىلغۇچى بولۇشى كېرەك. ئۇنداقتا مۇستەقىل بولۇشنىڭ شېرىن خىيالىنى قىلىپ يۈرگۈچىلەرنى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت بالىچىلاپ بېقىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا شەيتاننىڭ روھىنى ھەر قاچان پۈۋلەپ-سۈپلەپ تۇرىدۇ. مانا بۇ پارچىلاشنىڭ دىنى ۋە ھەربىي جەھەتتىكى جەڭنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان غەرەزلىك ھەرىكەت بولۇپ، ئۇرۇشنى ئويلىغاندىمۇ تېز ۋە ئاسان ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئەگەر ئىسلام دۇنياسىدا ئىسلامىي بىرلىك بولغان بولسا، ئۇنىڭ كۈچىنىڭ قانچىلىك ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى، زەربىلەرگە تاقابىل تۇرغىدەك ماقالى قالمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى پارچىلاش، يېقىتىش ۋە يېمىرىش ئاسان بولمىغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پارچىلىنىشى، ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشۇرۇپ، گۇمران بولۇشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

يەنە بۇ بىز باشتىن باشلاپ تەكىتلەپ ۋە تەكرارلاپ كەلگىنىمىزدەك، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزى ياكى زىيالىيلارغا مۇشۇنداق ئاتاش ناھايىتى تاتلىق تېتىدۇ. «تەرەققىيات» ئىسلام دۇنياسىدا پەيدا قىلغان بۇنچىۋالا

بۇزۇقچىلىق ـ پاساتچىلىقلارنى ئۆزى يالغۇز بارلىققا كەلتۈرەلمەيتتى. بۇلارنىڭ كەينىدە ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ياۋۇز قارا قوللىرى بار. ئۇلار پەسكەش مەقسىتىگە مۇستەملىكىچى ئەلمانىيلار ۋە مىسسىئونېرلار ئىگە بولغان بارلىق ۋاستىلارنى ئىشقا سېلىپ، كۆڭۈللەر چوڭقۇرلىقىدىن ئىسلامىي ئەقىدىلەرنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن يەتتى.

*** *** ***

مەزكۇر كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئېلىنغان ئۇزۇندىلەر بىز مەقسەت قىلغان ئىشلارنى يورۇتۇپ بېرىشكە يېتىپ ئاشىدۇ. ئۆتكەنكى بىر ئەسىردىن بېرى ئىسلامنى مۇنقەرىز قىلىش ئۇچۇن تۈزگەن ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە سۇيىقەستلىك پىلانلارنى يورۇتۇپ بېرىشكىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. بۇ سۇيىقەستلەرنىڭ ھازىرغا قەدەر مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان ئالاقىلىرىدە ئۇزلۇكسىز يۈرگۈزۈۋاتقان سۇيىقەستلەرنى بايان قىلىش ئۇچۇنمۇ كۇپايە قىلىدۇ. لېكىن، بىر پەرق بار. ئۇ بولسىمۇ فرانسىيىلىك مىسيو بىيدودەك ئادەملەر ئاندا ـ ساندا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتقاندا بولسىمۇ، تامامەن مەخپىي ۋە سىرلىق ھالەتتە ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىپ، ئۇزلۇكسىز يوشۇرۇن داۋاملىشىدۇ. كۆپ ھاللاردا پەردا ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەزى چاغلاردا مۇمكىن بولغان بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، رەزىل مەقسىتىنى يوققا چىقىرىدۇ. بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك سەۋەبى بار.

بىرىنچى، بۇ سۈيىقەست ئەمەلىيەتتە قىلغۇلۇقنى قىلدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. كالا ھارۋىسىدا توشقان ئىتتىرىش ئىستراتېگىيىسىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىشلارنى شەپە چىقارماي بېجىرىش، كىشىلەرنىڭ ئەيىنى ئەھۋالىنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىۋالماسلىقى، يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ناتوغرا سۈيىقەستلىك تەدبىرلەرنى سەگەكلىك بىلەن تويۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن تەشۋىش پەيدا قىلماسلىقنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئىككىنچى، ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىن بىر بۆلۈك روھلىرى مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ بولغان، كۆڭۈللىرى زەھەرلىنىپ بولغان بىر ئۈچۈم ياردەمچى يانتاياقلارنى تاپتى.

ئۇلار ئىسلامىي ئەقىدىلەرنى پاچاقلاپ تاشلاشتىكى چوڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بۇ يانتاياقلارغا تاپشۇرىدۇ. ئەمدى بىر ئەسىر ئىلگىرىكىدەك جاپا-مۇشەققەتلەر تارتمىسىمۇ، ئىشلارغا بىۋاسىتە ئارىلاشمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ راۋان يۈرۈشۈشى ۋە بۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ پىلان-تەدبىرلەرنى مەخپىي ئېلىپ بېرىشنى چىڭ تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىچكى جەھەتتىن ئېرىشكەن يانتاياقلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ. «يازغۇچىلار»، «مۇتەپەككۇرلار»، «يېتەكلىگۈچىلەر»، «مەدەنىيەتلىكلەر»، «ئازاد بولغۇچىلار»، «تەرەققىيپەرۋەرلەر» ۋە «يېڭىلىقپەرۋەرلەر» دېگەندەك ناملارغا ئىگە بولغۇچىلار ياكى ئۇلاردىن باشقا جەمئىيەتتە رولى ۋە تەسىرى بار كىشىلەرنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بولۇپ، ئۇلارغا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرىدۇ، ئۆزلىرى بولسا دەم ئالىدۇ. بىخۇتلارنىڭ غاپىللىقى، ئۇلارغا دىمىدە قىلغان

سۈيىقەستلەرنىڭ ئاسانغان توختىغانلىقىدىن مەمنۇن، ئۇلارنىڭ ئالدانغانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ، قوللىرىنى ئۇۋىلاپ قويۇشىدۇ. شاتىلىنىڭ «ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئېلىنغان تەتقىقات ئۇزۇندىلىرى بىز مەقسەت قىلغان بارلىق تېمىلارنى بايان قىلىش ئۈچۈن يېتىدۇ ياكى يېتىپ ئاشىدۇ. ئەگەر كىتابنىڭ قالغان قىسمىدا ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئەقىدىنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئۈچۈن تۇتقا قىلغان ھىيلە-مىكىرلىك تەدبىرلەر توغرىسىدا بىزگە پايدىلىق بولغان تەپسىلاتلار، بىزنىڭ مەقسەت-نىشاننى بىلىۋېلىش ئۈچۈن بىلىمىمىزنى ئاشۇرىدىغان تەپسىلاتلار بولمىغان تەقدىردىمۇ ۋاستىلەرنى بىلىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان مول تەپسىلاتلار ھېسابلىنىدۇ.

مەزكۇر كىتاب «مىسسىئونېرلار تارىخ»، «1906-يىلى قاھىرەدە ئېچىلغان مىسسىئونېرلار قۇرۇلتىيى»، «1910-يىلى ئەدەبىردە ئۆتكۈزۈلگەن مىسسىئونېرلار قۇرۇلتىيى»، ئارقىدىنلا ئېچىلغان «گېرمانىيە مۇستەملىكچىلىرى قۇرۇلتىيى»، «1911-يىلى ھىندىستاننىڭ لىكنىو شەھىرىدە ئېچىلغان مىسسىئونېرلار قۇرۇلتىيى»، «مىسسىئونېرلارنى ئەۋەتىشنىڭ ماددىي ئىنتىزامى» ۋە «مىسسىئونېرلارنىڭ مەقسەتلىرى ۋە كەلگۈسىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرى» قاتارلىق بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ھەربىر

بۆلەكتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك تەپسىلاتلار بايان قىلىنغان. ھەربىر بۆلەكتىكى تەپسىلاتلارنى بايان قىلىش بىزگە مۇھىم ئەمەس. بىز مەزكۇر كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە شاتىلىنىڭ ئىپتىقانلىرىدىن ئۆزۈندە كەلتۈرگىنىمىزدەك، مەزكۇر بۆلۈملەردىمۇ مۇھىم ئۇقۇملارغا ئىبارىلەرنى نەقىل قىلىش بىلەن بولدى قىلىمىز.

*** *** ***

مەزكۇر كىتابنىڭ 33 ـ بېتىدىكى «1906 ـ يىلى قاھىرەدە ئېچىلغان قۇرۇلتاي» دېگەن بۆلۈمدە، ئەزھەر جامائەسىدە شەرقچە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇسۇلدا تەلىم ئالغان كىشىلەر توغرىلىق قۇرۇلتايغا قاتناشقۇچىلار بەزىبىر تەلەپلەر ۋە نەزەرىيە ـ كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن باشقا ئارتۇقچە سۆز قىلمىدى. چۈنكى، قۇرۇلتاي ئەزالىرىنىڭ بىرسى ئەزھەر جامىئەسىنىڭ قەدىمدىن بېرى بىلىم يۇرتى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۆلۈك ـ پۇشقاقلارغا قەدەر مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچىلىك ئورگىنى ... بولۇپ كەلگەنلىكىدەك سۈپەتلەرنى يەر شارىنىڭ ھەرقايسى قىتئە ۋە تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىكى نەچچە ئون مىڭلىغان مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ بۇ مەركەزگە يۈزلىنىدىغانلىقى توغرىلىق ئېغىز ـ ئېغىزىغا تەگمەي تولۇق ۋايىغا يەتكۈزۈپ چۈشەندۈردى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مىڭ يىلدىن بېرى ھازىرغا قەدەر ئىسلام دۇنياسىدىكى نوپۇزلۇق ئورنىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى سىرى توغرىلىق سوئال ـ جاۋابلار بولدى. ئاخىرىكى يەكۈن نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى مۇسۇلمانلارنىڭ

كۆڭۈللىرىدە ئەزھەر جامەئەسى يۈكسەك، ئۇلۇغۋار ئورۇننى ئىگىلەپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى — ئەزھەر جامەئەسىدە ئەرەبچە تەلىم-تەربىيە ئېلىش باشقا جايلاردىكىگە قارىغان پۇختا، ئۇلى مۇستەھكەم، ئۆگىنىشنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قارىلىپ كەلدى. ئەزھەردىن يېتىشىپ چىققان ئالىملار دىنىي ئىلىملەرگە بولغان ئەتراپلىق بىلىشنىڭ موللىقى بىلەن داڭق چىقىرىپ كەلدى. ئەزھەردە دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدىكى مۇسۇلمان شەيخلەر، ئىلىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئىلىم ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ، ئىلىم دەرۋازىسى كىشىلەرگە ھەرقاچان ئوچۇق بولۇپ كەلدى. خۇسۇسەن، بولۇپمۇ ئەزھەرنىڭ ئوقۇش راسخوتى ئالماي ئىلىمنى ھەقسىز ئۆگىتىشكە ياردەم بېرىدىغان ۋە يېتىپ ئاشىدىغان ۋەقپىلىرى كۆپ. 250 نەپەر ئۇستازنىڭ چىقىمىنى قىلىشقا يېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداقتا ئەزھەر، ناسارا چېركاۋلىرىغا ئېغىر خەتەر بىلەن تەھدىت سالغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگىنە سوئاللار، چىقىملىرىنى ناسارا چېركاۋلىرى ئۇستىگە ئالىدىغان خرىستىئان ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە مەكتەپلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. چىقىرىلغان يەكۈن دۇنيادىكى بارلىق خرىستىئان چېركاۋلىرى، مەزھەبلىرى ئوخشاش بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ئەزھەر جامەئەسىنى ئىلىم مۇنبىرىدىن سىقىپ چىقىرىش، ئەزھەرنىڭ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى تەسىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن بىردەك، ئورتاق ھەمكارلىشىشى، ئەرەب تىلىنى پۇختا ئۆگىتىدىغان بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان باشقا خرىستىئان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى تەسىس قىلىشقا ئورتاق كۈچ چىقىرىش قارار قىلىندى.

«. . . . . .».
«. . . . . .».
«ۋەھاكەزالار. . .».
ئۇ سۆزىنى مۇنۇ جۈملە بىلەن ئاخىرلاشتۇردى: «تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىزنىڭ ھەرىكەت مەركىزىمىز بولۇشى ئۈچۈن مىسىرنى ئىختىيار قىلىشىمىز- تالىلىشىمىزغا چاقىردى. بىز ئىسلام مەملىكەتلىرىنى ناسارا قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلىدىغان خرىستىئان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە دەرھال، ھازىرلا ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم؟! ئۇنداقتا ئەزھەر خرىستىئان چېركاۋىغا خەتەر بىلەن تەھدىت سالىدۇ. ئۇنداقتا يولدىكى بۇ پۇتلىكاشاڭنى يوق قىلىش كېرەك. لېكىن، مىڭ يىللاردىن بېرى مەزمۇت قەدەم بىلەن دادىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئاساسى مۇستەھكەم بۇ مەركەزنى ياكى پۇتلىكاشاڭنى قايسى ئۇسۇل بىلەن يوقىتىش كېرەك؟ ئۇنى زاۋال تاپقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۇنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئىلىم ساھەسىدە يېگانە ساھىل بولغىنىدەك ئۇنى ‹يالغۇز قالدۇرۇش›، ‹يېتىم قالدۇرۇش›، ‹ئىلىم ساھەسىدىن ئايرىپ تاشلاش كېرەك؟› ئۇنىڭ ئوخشىشى، ئورنىنى ئالىدىغان باشقا بىرسىنى بارلىققا كەلتۈرگەندە، ئۇنىڭ قىممىتى يوقىلىدۇ. كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، يېڭى نەرسە تەرەپكە يۆتكىلىدۇ؟!».

36- بەتتىكى بۆلەكتە: شۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلتاي ئەھلى تېببىي ساھەدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مىسسىئونېرلارنى ئەۋەتىش مەسىلىسىدە قىزىشىپ كەتتى. پوپ خارىبىر بىلەن ئابان مىسسىئونېر دوختۇرلارنى، قىزىل كىرىس دوختۇرلىرىنى كۆپلەپ ئەۋەتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەپ، ئۇلارنىڭ ئامما بىلەن كۆپ ئارىلىشىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلاردا

قالدۇرىدىغان تەسىرىنىڭ باشقا مىسسىئونېرلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇردى.
37 ـ بەتتە: ئەۋەتىلگەن دوختۇر مىسسىئونېرلارنىڭ ئۆزلىرى ئالدى بىلەن مىسسىئونېر، ئۇنىڭدىن كېيىن دوختۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، داۋالاشتىن بەكرەك خرىستىئانلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندى.
بىزگە بۇ ئابزاستا ناسارالاشتۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش مۇھىم ئەمەس. «ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان ۋاستىلەر قانداق بولۇپ دىنىنى ۋەيران قىلىدىغان ۋاستىلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىلدى؟».

✻✻✻ ✻✻✻ ✻✻✻

48 ـ بەتتە: «ئاشۇ مىسسىئونېرلارنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىق قىلىشىنىڭ بىرىنچى نەتىجىسى بىر بۆلۈك ئوغۇل ـ قىز مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ناسارا بولۇشى بولغان بولسا، ئىككىنچى نەتىجە مۇسۇلمان تەبىقىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەدرىجىي ھالدا ناسارا پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئېلىپ باردى» دېيىلدى.
47 ـ بەتتە: مىسسىئونېرلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ خرىستىئان مۇرتىغا ئايلىنىش نىسبىتى ئاز ۋە ئاجىز بولغىنىغا قاراپ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىدە ياۋروپا ئىلىملىرى ۋە ئاياللار ئەركىنلىكى تېمىسىدىكى مەسىلىگە يەنە بىر قېتىم

قايتىمىز. ئەمما، بۇ يەردە بولسا (1906 ـ يىلى) ئېچىلغان قۇرۇلتاي روھىدىكى ئايالىلار مەسىلىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مىسسىئونېرلارنىڭ قارىشىدا قانداق بولغانلىقىغا دىققەت ئاغدۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ناسارا قىلىشتىن قول ئۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئورۇنغان. مۇسۇلمانلارنى ناسارا قىلىشنىڭ ئورنىغا «مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە قاتلاملىرىنى تەدرىجىي ھالدا خىرىستىئان دىنى پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا كۆندۈرۈش ياكى ياۋروپا ئىلىملىرىگە قارىتا قاتتىق مايىللىقنى ئاشۇرۇشنى» مەقسەت قىلغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالېكىس زومىرنىڭ ئىككى جۈملە سۆزى مىسسىئونېرلارنىڭ مىسىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىسلام يۇرتلىرىدا قوللانغان ئەڭ خەتەرلىك پرىنسىپال ھەرىكەتلىرى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنى ھەقىقىي ناسارا قىلىش ئانچە مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى ئۇلار پىكىر ۋە روھىي جەھەتتىن ناسارالاشقان بولۇشى كېرەك؟! ...».

مانا بۇ ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرى شەكسىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن تەرەپلەردۇر.

٭٭٭ ٭٭٭ ٭٭٭

52 ـ بەتتە: قاھىرەدە ئېچىلغان مىسسىئونېرلار قۇرۇلتىيى ئىسلاھاتقا ئائىت ھەرقانداق ھەرىكەتنى تەتقىق قىلىشنى قولدىن بەرمىدى. تەتقىقات دائىرىسىگە ھىندىستانلىق مۇسۇلمان سەير سەييىد ئەھمەدخان

ھەرىكىتىنىمۇ كىرگۈزدى. بۇ كىشى ئاشۇ ئۇيغىنىش ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ئىدى.

ئەلەيكىرەدىكى ئىسلام مەكتەپلىرىنىڭ چىقىملىرى ۋە بەدەللىرى ھەم ئىسلام تەربىيىسى قۇرۇلتىيىغا قەدەر بولغان پۈتۈن جەريان تەتقىقات تېمىسىغا ئايلاندۇرۇلدى.

پوپ ۋوتبىرىشت قاھىرە قۇرۇلتىيىدا «يېڭى ئىسلام؟» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ: «ياۋروپا تەلىم ـ تەربىيىلىرى مۇسۇلمانلارنى ناسارانىيلىققا يېقىنلاشتۇرۇۋاتىدۇ» دېدى.

بۇ يەردە بىرگە ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن ئۆزىگە يېقىنلىشىدىغان، ھەقىقەت بولغان ئىسلامدىن بۇرۇلۇپ كەتكەن ھەرقانداق شەخسنى ياكى مەزھەبنى، پارتىيە ـ گۇرۇھلارنى «قولغا كەلتۈرۈش»كە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ئۇنداقلار تېپىلسا قاتتىق قوللىغانلىقى، ياردەم بەرگەنلىكى، كۆڭۈلگە شەيتانىي روھنى پۈۋدەپ چوڭ قىلغانلىقى ئېنىق بولىدۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ 46 ـ بېتىدە بۇنىڭغا ئائىت ماقالە يېزىلغان: «مۇسۇلمانلارنى ناسارالاشتۇرۇش ئىشىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ۋە ئۆز سەپلىرىدىن بولغان كىشىلەر ئۇستىگە ئېلىشى لازىم. چۈنكى، دەرەخنى كېسىش ئۈچۈن ئۆز جىنسىدىن بولغان ياغاچ ساپ بولمىسا بولمايدۇ». «يېڭى ئىسلامغا ئىشارەت» دېگەن ماقالىدە: «ناسارا مۇرىتلىرى بىرگە خۇشخەۋەر يەتكۈزۈۋاتقان ‹يېڭى ئىسلام›، ‹تەرەققىيپەرۋەر ئىسلام›نى قوللاش، ياردەم بېرىش ۋە ئۆزىمىگە تارتىش كېرەك. چۈنكى، يېڭى ئىسلام مۇسۇلمانلارنى ناسارانىيلىققا يېقىنلاشتۇرۇۋاتىدۇ» دېيىلگەن.

* * *

60 ـ بەتـــــتە: مـسـسـسـسئونېرلارنىڭ بـــــرى: «مـسـسـسئونېرلارنىڭ غەرەزلىرىنـى راۋاجلاندۇرۇشـنـىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسـۇلى ناسـاراچە مەكـتەپ ـ مەدرىـسلەرنى كـۆپلەپ ئېچىش» دېگەن.

بـۇ بەتـتە يەنە: «ئافرىقـا ئـىسلام يـۇرتىنى ئىگىلـىگەن گېرمانىيە هۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار خرىستىئان مەكتەپلىرىدىن قاچىـدىكەن، ئـۇلارنى ئەلـمـانىي مەكـتەپلەرگە كىرگـۈزۈپ، ئـىسلامدىن ۋاز كەچتـۇرۇپ، مىللەتچـى مۇسـۇلمان يـاكى ۋەتەنپەرۋەر مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش كېرەك! بۇ مۇسـۇلمانلارنى كـونترول قىلـىش ۋە ئـىسلامغا خـاتىمە بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، بۇنىڭدىن باشقا ئەڭ ياخشى ئۇسۇل يوق» دەپ يېزىلغان.

72 ـ بەتـتە: «ئوسـمانىيە خانىـدانلىقىنىڭ سـەلتەنەت مەركىزىـدىكى چـوڭ دۆلەتـلەر بـاش ئەلچـى جانابلىرىنـىڭ هەمـمـىسـىنىڭ بىردەك كۆزقارىـشىدا شـەرق مەسـىلىلىرى مۇشـكۈلاتلىرىنى هەل قىلـىشتا پۈتـۈن ياۋروپا دۆلەتلـىرى هەممىسى ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ئېلىپ بارغان هەرقانـداق هەرىكەتنىـڭ تەسـىرىدىن ياۋروپـالىقلار تەسـىس قىلغـان باشـلانغۇچ، تولـۇق ۋە تولۇقـسىز ئوتتـۇرا مەكـتەپلەر ۋە هەرقايسى ئۇنىۋېرسـتېتلارنىڭ تەسـىرى ئېشىپ كەتتـى» دېيىلگەن.

پۈتۈن ئۇزۇندىلەر، خۇسۇسـەن ئـاخىرقى ئابزاسـتىكى بـۇ ئۇزۇندە ئىزاهلاشنىڭ هاجىتى بولمىغان زور خەتەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كاتتىۋاشلار بۇ ئەلمانىيچى مەكتەپلىرىنىڭ شەرق مەسىلىلىرىنى هەل قىلىشتىكى رولى. پۈتۈن ياۋروپا

دۆلەتلىرى ئىسلام دۇنياسىغا خاتىمە بېرىش ۋە بۇ ئىسلام دۇنياسىنى كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلاپ مۇنقەرىز قىلىش ۋە غەرب نوپۇزىغا بويسۇنىدىغان بىچارىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قارار بەرگەن سىياسەتلەرنى ۋە تۈرلۈك سىياسىي تەدبىرلىرىنىڭ رولىدىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىدۇر.

«شەرق مەسىلىسى» دېگەن بۇتەدبىر ئوسمانلى خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى تارىخىدا غەرب يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىققان سۆز بولۇپ، «ھەل قىلىش» دېگەن سۆز بولسا، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى، ئۇستىدىكى ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمىغۇدەك دەرىجىدە پالەچ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان «ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىك سىمۋولى» بولغان «خەلىپىلىك»نى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ھەتتا ئۇلار «كېسەل ئادەم ... » دەپ ئاتىغان، شۇنچە زەئىپ تۇرۇشلۇق ئۆلگۈدەك قورقىدىغان كۈچ — خىلاپەت — نى گۇمران قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقاراش ۋە پىكىرلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسى. بۇ كېسەل زەئىپ، پۇت-قولى مادارسىز، ئادەم تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە ئاجىز بولسىمۇ غەربلىكلەرنى بىئارام قىلىدۇ. يۈرىكىنى دۈپۈلدىتىدۇ، قورقۇتۇپ ساراسىمىگە سالىدۇ. ئەسەبلەرنى غىدىقلاپ بىئارام قىلىدۇ. ئۇلار ئاخىرى بىرىنچى دۇنيا چوڭ ئۇرۇشىدا ئۆزلىرىگە ئاستىرتتىن قول بەرگەن ئىتتىپاقدىشى، پۈتۈن ئەھلى سەلب دۇنياسىغا قەھرىمانلىق داستانى بولغان ساتقىن، خائىن، پۈتۈن ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ دۈشمىنى، كەچۈرگىسىز خاتالىق ئۆتكۈزگەن جىنايەتچى ئۇنسۇر — ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ كېسەل ئادەمنى غۇلاتتى. ئاتا تۈرۈك ئەھلى سەلب

دۇنياسىغا تەسۋىرلىگۈسىز ئەڭ كاتتا خىزمەتنى تەقدىم قىلدى. شۇڭا، پۈتۈن ياۋروپالىقلار تىلىدا دۇنياغا مەشھۇر قەھرىمانلىق ئېپوسى بولۇشقا ياردى. ئۇ ئىسلامىي بىرلىكنىڭ سىمۋولى بولغان خەلىپىلىكنى ئاغدۇرۇۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا دىندىن خالىي بولغان ئەلمانىي ئاساسىدىكى ئاۋاق تۈركىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى. مانا ئەمدى ئەھلى سەلىبلەرنىڭ كۆزلىرى ئارام تاپتى، يۈرەكلىرى ئارامىغا چۈشتى. ئەمدى ئۇلار ئاتا تۈرۈكنى ماختىماي كىمنى ماختىسۇن؟![1] مانا بۇ ئابزاسلاردا يازغۇچى ئەلمانىي مەكتەپلىرىنىڭ شەرق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتىكى ئالاھىدە رولىنى تونۇشتۇرىدۇ. يەنى، ئىسلامنى پاچاقلاپ تاشلاشتىكى رولىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، بۇ مەكتەپلەر رولىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە ئەسكىرىي ئىشلارنىڭ رولىدىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ! ئەپسۇسكى، بىز ئاشۇ مەكتەپلەرگە قەلبلىرىمىز ۋە پىكىرلىرىمىزدىن ئىشىك ئېچىپ بېرىۋاتىمىز. كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن بېرىۋاتىمىز. ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىرىمىزنى كالۋالارچە ئېپتىخار تۇيغۇسى بىلەن قارا - قويۇق تەربىيىلەۋاتىمىز؟ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئەلمانىيچى بولۇپ يېتىشكەنلىكىدىن سۆيۈنۈش ھېس قىلىۋاتىمىز؟!

❋❋❋ ❋❋❋ ❋❋❋

---

[1] بۇ توغرىلىق تولۇق مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولغانلار ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ باشقا ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلسۇن.

1910 ـ يىلىدىكى ئەدەنبىرج قۇرۇلتىيى توغرىسىدا يېزىلغان بۆلەكنىڭ 64 ـ بېتىدە: «ئەدەنبىرج قۇرۇلتىيىنىڭ ئارقىسىدىنلا ئېچىلغان گېرمانىيە مىسسىئونېرلىرىنى ھەرقايسى ئىسلام يۇرتلىرىغا كەڭ كۆلەمدە ئەۋەتىشنىڭ مۇھىملىقىنى باش تېما قىلىپ ئېچىلغان گېرمانىيە مۇستەملىكىچىلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئەدەنبىرج قۇرۇلتىيىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنىڭ ئاق قەغەز ئۈستىگە يېزىلغان قارا سىياھ پېتى قېلىپ قالغىنىنى، ئىجرا قىلىش ئەمەلدىن قالغىنى يوق، كىشىلەردە بۇ ئىككى قۇرۇلتاينىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلغىنىغا قاراپ، مۇستەملىكىچىلىكنى سىياسىي مەقسەت قىلغان قۇرۇلتاي، دىنىي مىسسىئونېرلىق قۇرۇلتىيىغا ئۆزگىرىپ قاپتۇ دېگەن خىياللار پەيدا بولۇپتۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بۇنداق ئىش يۈز بەرگىنى يوق. ھەرئىككى قۇرۇلتاي ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىدۇ ...» دەپ يېزىلغان.

مەزكۇر كىتابنىڭ 80 ـ بېتىدە: «سۈۋەيمىرا ژۇرنىلى بىز يۇقىرىدا نەقىل قىلغان گېرمانىيە مۇستەملىكىچىلىرى قۇرۇلتىيىدا مىسسىئونېرلارنى ئەۋەتىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىلىق توختالغان داغدۇغىلىق ماقالىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان يەنە بىر ماقالە ئېلان قىلدى. مەزكۇر ماقالىنىڭ شۇنچە ئەھمىيەتكە ئېرىشىشىنىڭ سەۋەبى، بۇ ماقالە مۇستەملىكىچىلىك قۇرۇلتىيىدا مەخسۇس ئىسلامغا ئائىت لېكسىيە سۆزلىگەن نۇتۇقچى، شۇنداقلا بېرلىن ناسارالاشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ باش سېكرېتارى ئا . ك . ئىكسپولدنىڭ ماقالىسى ئىدى. ماقالىنىڭ يازغۇچىسى مۇنداق دەيدۇ: «مۇستەملىكىچىلىك قۇرۇلتىيى كەم

دېگەندىمۇ مۇھىم ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، سانائەت ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچىدىن، گېرمانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىتىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەقسەتلەرنى ئەخلاقىي ۋە دىنىي ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن قوشۇۋېتىشنى بىرلەشتۈرىدۇ».

ئۇ ھامبورگ تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى شىنگالنىڭ «مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتلەر بايلىقنىڭ ئېشىشى مۇستەملىكە ئەللىرىگە ئەۋەتىلىدىغان كىشىلەر خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىگە باغلىق. ئۇلارنىڭ ئاشۇ جايلاردىكى رولى ناھايىتى يۇقىرى. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن بىخەتەرلىك تەرەپپى ئورنىتىش كېرەك؟ بىخەتەرلىك تەرىپىگە ئىگە بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىنلارغا خرىستىئان دىنىنىڭ سادىق مۇرتلىرىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈش. مانا بۇ پىلان سىياسىي غەرەزلەر، ھەتتا ئىقتىسادىي غەرەزلەرگە ئېرىشىش جەھەتتىنمۇ بىز ئىزدەۋاتقان بىخەتەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭگۈشتەرلىك شەرتى» دېگەن سۆزىنى نەقىل قىلىدى.

يازغۇچى شۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلتاي ئەزالىرى بىلەن مىسسىئونېرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىسلامغا قانداق يۈزلىنىش توغرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپى توغرىلىق سۆزلىدى.

سۈۋەيسىرا ژۇرنىلىدىكى مەزكۇر ماقالىنىڭ يازغۇچىسى ئوكسپىلد ئورنىدىن تۇرۇپ قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرىنىڭ دىققىتىنى گېرمانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئافرىقىنى ئىگىلەش جەريانىدا ئىسلام شەكىللەندۇرگەن خەتەرلەرگە قاراتتى. قۇرۇلتاي ئەھلىنى بىردەك ھازىرقى ھالەتنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىنى ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق ئويلىنىپ

كۆرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدى. ئۇنىڭ ئەھمىيەت بېرىشكە بورىغان تەرەلىرى، ئوخشاشلا ناسارالاشتۇرۇش تەرىپى، پىكىرى تەرەپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئىگىلىك تەرەپ دېگەندەك تۇرلۇك تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مېنىڭچە بولغاندا مۇستەملىكچىلەر بىلەن مىسسىئونېرلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ئالاقە، ئۇزۇلمەس رىشتىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىش، مۇستەملىكچىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئىسلامىي ئەقىدىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى كۆزقاراشنىڭ ئورتاقلىقىنى بايان قىلىشتا ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرى يالغان ـ ياۋىداق، ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن ئىسلام دۇنياسىنى مۇستەملىكە قىلىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولغان بىردىنبىر ئامىل. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەسىلىلەر دەپ دەۋراڭ سىلىشلىرى ۋە بۇ سەپسەتىلەر كەينىدىن بىخۇت مۇسۇلمانلار مېڭىپ مۇستەملىكچىلەرنىڭ كەتمىنىنى چاپقانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش ۋە چۈشىنىشتە يۇقىرىدىكى ئابزاسلار يېتىدۇ دەپ ئويلايمەن؟!

1911 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ لىكنىو شەھىرىدە ئېچىلغان خرىستىئانلاشتۇرۇش قۇرۇلتىيى توغرىلىق يېزىلغان بۆلەكنىڭ 94 ـ بېتىدە: «ھازىر ئىسلامىي ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاستىدا —— 800، 128، 37 —— دىن ئارتۇق مۇسۇلمان قالمىدى. كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقى ئىسلامىي خىلاپەت قولىدىن ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيە ۋە گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى. مۇشۇ دۆلەتلەر ئىچىدىكى ھەربىر دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن مۇسۇلمانلار سانى

پۈتۈن ئوسمانىيە خاندانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ سانىدىن كۆپ ئاشىدۇ. ئىنقىلابنىڭ كۆپ يۈز بېرىشىگە ئەگىشىپ ناسارا دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاشماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ناسارا دۆلەتلىرى پادىشاھلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى ناسارالاشتۇرۇشتىكى مۇھىم مەسئۇلىيەتلىرى تېخىمۇ ئاشىدۇ» دېيىلگەن.

ꕤꕤꕤ ꕤꕤꕤ ꕤꕤꕤ

ئەڭ ئاخىرىدا توختىلىدىغىنىمىز ئاياللار مەسىلىسى:

مەزكۇر كىتابتىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەر ئىچىدە يۇقىرىدا 46 ـ بەتتىن ئالغان ئۈزۈندىدە «مىسسىئونېرلار شۇنچە تىرىشىپ، جاپا تارتىپ ئېلىپ بارغان ناسارالاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىلىك مېۋىسى سۈپىتىدە خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىدىغان مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ئاز ۋە تولىمۇ زەئىپ بولغىنىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك لازىم. گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ ناسارا بولۇش نىسبىتى بەك تۆۋەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار قەلبلىرىدە ياۋروپا ئىلىملىرى ۋە ئايالالار ئازادلىقىغا قارىتا قاتتىق مايىللىق شەكىللىنىپ بولدى» دېيىلگەن بولسا، 88 ـ ، 89 ـ بەتلىرىدە لىكنىو قۇرۇلتىيى ۋە قاھىرە قۇرۇلتىيىدىكى كالتا يىغىنلار بېكىتكەن ئەھۋاللارنى بايان قىلىدىغان مەخسۇس ئىككى ئابزاس كەلتۈرۈلگەن: «مۇشۇ ھادىسىلەر (ئىسلام دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى) چېركاۋغا خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ ۋە

چېركاۋدىن هارماي ـ تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ هەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مىسسىئونېرلار ۋە مۇرىتلار ئۆز ئىشلىرىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ نەزەر سېلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن لىكىنو قۇرۇلتىيى تۆۋەندىكىدەك پروگراممىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) هازىرقى هالەتنى بىلىش. 2) مىسسىئونېرلار تەلىم ـ تەربىيە دائىرىسى بىلەن ئايالالارنى بىلىملىك قىلىش رامكىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىش. 3) كېرەكلىك كۈچلەرنى تەييارلاش ۋە ئۇنى كۈنسايىن تەرەققىي قىلدۇرۇش».

مانا بۇ ئاساسلىق ژۇنال نەشىر قىلغان قۇرۇلتاي پروگراممىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماددىلار بولۇپ، ... ئەمما قۇرۇلتاينىڭ قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرىغا دۆلەت شېئىرى ۋە مۇزىكىسىنى ئاڭلاتقان ... باشلىنىش نۇتۇقى، كومىتېتتىن تاللانغان ئۇزۇندىلەر ئوقۇلغان، قاھىرە قۇرۇلتىيى روھىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇلۇغ ئىش ـ هەرىكەتلەرنى تىلاۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ماددىلارنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى:

«بىرىنچى ...».

«ئىككىنچى ...».

«... ...».

«يەتتىنچى، مۇسۇلمان ئايالالارنىڭ شەخسىي ئورنى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش».

«سەككىزىنچى، ئايالالار پائالىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش».

بۇ نېمىدېگەن قاتتىق كۆڭۈل بولۇش ـ هە؟! ئۇلار نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان ئايالالار «ئازادلىقى»، مۇسۇلمان ئايالالار «تەلىم ـ تەربىيىسى»، مۇسۇلمان ئايالنىڭ «ئىجتىمائىي ۋە شەخسىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە» بۇنچىۋالا كۆڭۈل

بوّلىدۇ؟ كىملەر تەرپىدىن كۆڭۈل بوّلىنىۋاتىدۇ؟ مىسسىئونېرلار ۋە مىسسىئونېرلاشتۇرۇش قۇرۇلتايلىرى تەرپىدىنمۇ؟ بۇ كۆڭۈل بوّلۇش قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ «خەتىرى» يوقالمىغۇچە داۋاملىشامدۇ؟ ياكى بۇ كۆڭۈل بوّلۇشلەر مۇشۇ ئويغىنىشقا قارشى چىقىرىلغان قارار، تەلەپ قىلىنغان مۇددىئالارنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈنمۇ؟ مانا بۇ كۆڭۈل بوّلۇشلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللار ئازادلىقى، تەلىم-تەربىيىسى، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋىي ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى قاتارلىقلارنىڭ ئىسلامنى يوقىتىش ۋە يېڭىدىن ئويغىنىشقا ئورۇنۇشتىن بۇرۇن بىخ ھالىتىدە بىتچىت قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن قارارلار بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

بۇ ئادەمنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتىدىغان سۆز ئەمەسمۇ؟!

توغرا ... «مۇسۇلمان ئاياللار ئازادلىقى» ھەرىكىتى مەسىلىسى ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرى كۆتۈرۈپ قوپقان ھەرىكەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ پەسكەش، ئەڭ رەزىل ھەرىكەت بولۇپ، بۇ ھەرىكەت ئىسلامنىڭ ۋۇجۇدىنى تىتما-تىتما قىلىپ تاشلاش ۋە يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنى تۈپ نىشان قىلغان ھەرىكەت. بۇ ھەرىكەت ئۆزى يالغۇزلا مۇسۇلمان خەلقلىرى ئىچىدە ئەخلاقىي جەھەتتىن يېمىرىلىش، پىكرى جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىش ۋە دىنىي جەھەتتىن ئۇزۇل-كېسىل گۇمران بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىشقا كۇپايە قىلىدۇ. پۈتۈن جەمئىيەتتىكى بارلىق ۋاستىلەر ئاياللار ئازادلىقى ۋاستىلىرىنىڭ بۇزۇشىدىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدۇ.

ئايال كىشى كوچىلاردا يالىڭاچ، يۈزى، بېلىكى، كۆكرىكى، دۈمبىسى، يوتىلىرى ئوچۇق ھالدا چىققان، ئايال

زاتىغا ئىنتىلگۈچىلەر ئۈچۈن غەلىتە ياسىنىپ، غەلىتە گىرىملەرنى قىلىپ، ئەرلەردە ھايۋانلارچە شەھۋەتپەرەسلىكنى قوزغاشقا ئورۇنغان چاغدا، ئاياللاردا ۋە ئەرلەردە ئىسلامدىن، دىندىن ۋە ئەقىدىدىن ئەسەر قالىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ مانا بۇ چاغدا ئىسلام يوق، دىن يوق، ئەقىدە يوق بولىدۇ. خەلق ئەخلاقىدا بىرلىك رىشتىسى، نە مۇستەھكەملىك بولمايدۇ. ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرى ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈپ تۇرغان بۇ ئالتۇن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئەڭ ئاخىرقى زەربىنى كۈچەپ ئۇرىدۇ. مانا بۇ قول-پۇتنى چۇشەپ قويۇش زەربىسىدۇر ...

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆڭۈللەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: مۇسۇلمان ئايال نادان، قالاق، مەدەنىيەتسىز، چۈشكەن، بوسۇغۇدىن ئاتلىيالماس، ئۆيلەرگە بەنت، زالىم ئەرلەرگە چاكار ھالەتتە قالدۇرۇلغان ئەمەسمۇ؟ ئۇ «ئەركىنلىك»كە، «تەلىم-تەربىيە»گە، جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى شەخسىي ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە موھتاج ئەمەسمۇ؟

شەكسىز، توغرا ...

لېكىن، ئەھلى سەلىب مۇستەملىكچىلىرى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلەرنى ئاياللارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋە مۇسۇلمان جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزھال تەبىئەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئېلىپ باردىمۇ؟ ياكى يۇقىرىدا مىسسىئونېر يازغۇچىلىرى ئېيتقاندەك، مۇسۇلمان جەمئىيەتلەرنى پارچىلاش، ئەخلاقىنى بۇزۇش، كۈچ-قۇۋۋەت ئامىللىرى، ئويغىنىش ۋە ھوشيار بولۇش ئامىللىرىنى يوقىتىش ياكى زەئىپلىك ئامىللىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ باردىمۇ؟ ماقۇل، ئاياللار ئازاد قىلىنىدىمۇ دەيلى. ئۇنداقتا، ئاياللار

«ئازادلىقى» ئۇلار داۋراڭ سالغاندەك جەمئىيەتنى ئويغىنىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بولدىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىجراچىلىرى ئېيتقاندەك، ئالدى بىلەن ئايالىلارنى، ئىككىنچى قەدەمدە ئۇنىڭغا قوشۇپ پۈتۈن جەمئىيەتنى بۇزۇش بولدىمۇ؟ ئايالىلارنىڭ «بىلىملىك» قىلدى. ئۇنى قانداق «بىلىملىك» قىلدى. ئۇنىڭغا بۇزۇقچىلىقنى ئۆگەتتى ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇزغۇنچىلىقنى پۈختىلىدى. بۇ بۇزغۇنچىلىقنى بىر قېتىم تەلىم - تەربىيە «ئۇسۇلى»غا ئاساسەن ئېلىپ بارسا، بىر قېتىم پەلسەپىۋىلىك سۈپىتىدە، بىر قېتىم ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارسا، يەنە بىر قېتىم پىكىرىي ئاساسىدا ئېلىپ باردى. قايسى ئۇسۇل ئارقىلىق ئېلىپ بارسۇن، ئۇ ھەر قېتىمدا بۇزغۇنچىلىق بولۇپ چىقتى.

ئايالىلارنىڭ «ئىجتىمائىي ۋە شەخسىي ئورنىنى يۈكسەلدۈردى». ئۇلار يۈكسەلدۈرۈشنى پىتنە - پاسات، ئازغۇنلۇق ۋە تامامىي ئېزىتقۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ تۈۋەنلەپ كېتىش، ئاللاھ خالىغانغا قەدەر سىيرىلىپ چۈشكەن تېگى يوق ھاڭلاردا تۇرۇشقا ئۆزگەرتىۋەتتى. يەنى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى يۈكسەلدۈرۈش ئايالىلارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىنى تۆۋەنلىتىش بولدى ۋە ئۇلارنى دائىمىي رەۋىشتە قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردى. ئۇلار كۆزلىگەنگە يەتتى، قىلىشنى ئىرادە قىلغاننى قىلدى.

ئازادلىق، بىلىملىك قىلىش، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى كۆتۈرۈش، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئايالغا نىسبەتەن ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئالىي، ھەدەپ (نىشان)غا ئايلاندۇرغان ئىشلار قاتارىدىن ئىدى. لېكىن، ئىسلامنىڭ بۇ نىشانى مۇستەملىكىچى ئەھلى سەلىبلەر ئىسلامنى مۇنقەرىز

قىلىش ئۈچۈن تاللىغاندەك، ئەخلاقىي ۋە دىنىي جەھەتتىن يېمىرىش ئاساسىغا قۇرۇلمىغان. بەلكى، ئىنسانىيەتنى ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىش، ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تونۇتۇش، ئىپپىتىنى ۋە ئار-نومۇسىنى جان-جەھلى بىلەن قوغداش، جەمئىيەتنىڭ پاكلىق، نەزاپەتلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئەخلاقىي نەزاپەتلىك قۇرۇلۇشىنى قوغداش ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى. مەن باشقا كىتابلىرىمدا ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى توغرىلىق ھەر جەھەتتىن توختالغانىدىم. مەن بۇ جايدا ئاشۇ سۆزلەرنى قايتىدىن تەكرارلاشنى خالىمىدىم. مەن ئەھلى سەلب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى «مۇسۇلمان ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسى»گە قارىتا بەرگەن قارارلارنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچى بولدۇم. چۈنكى، ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسى ئەھلى سەلب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ پارتلاش دورىسى قورام تاشلارنى كۆكۈم-تالقان قىلغاندەك، ئىسلامىي جەمئىيەتلەرنى كۆكۈم-تالقان قىلىۋېتىش ئۈچۈن تۈزگەن پىلان-تەدبىرلىرى ئىچىدە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئەڭ زور پىتنىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن پىتنىدۇر.

مۇشۇ سۇيىقەست ھىيلە-نەيرەڭلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر تەرىپىدە شەرقشۇناسلار ئۇستىگە ئالغان «ئىلمىي» جەھەتتىن ناسارالاشتۇرۇشتا ۋايىغا يەتكەن تىرىشچانلىقلار بىلەن ھارماي-تالماي قېتىرقىنىشلىرى تۇرۇپتۇ.

شەرقشۇناسلار ئۆز رولىنى «ئىخلاسمەنلىك» بىلەن تولۇق ئادا قىلدى. ئىسلام دۇنياسىدا، بولۇپمۇ ئىسلام پەرزەنتلىرىنىڭ ئىچىدىكى «زىيالىيلار قوشۇنى» ئارىسىدا ئۆز نۆۋىتىدە پىكىرى جەھەتتىن بۇزغۇنچىلىقى ئەڭ ئېغىر بولغان پىتنىلەرنى پەيدا قىلدى. بۇ پىتنىلەرنىڭ پائال قانات يېيىشى ئۈچۈن باشلانغۇچ، تولۇق ۋە تولۇقسىز مەكتەپلەر، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە فاكولتېتلاردىكى دەرسلىك ئۇسۇللىرى ۋە پروگراممىلىرى داغدام يول هازىرلىدى. كېيىنچە بۇ مەكتەپلەرنىڭ رولىنى تەدرىجىي هالدا هەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئالدى.

گەرچە تاجاۋۇزچىلارنىڭ «خرىستىئانلاشتۇرۇش نىشانى» كىتابلىرىدا يېزىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە شەھەر يېزا ـ قىشلاقلاردىكى نادان ئامما ئارىسىغا چېچىۋېتىلگەن سۇيىقەستلەرنىڭ كۆپلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، «خەلق ئاممىسى» بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تىرىشچانلىقتىن كېلىدىغان پارلاق ئىستىقبالنى «زىيالىيلار»غا قاراتقان. مانا بۇ زىيالىيلار شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلامغا قارشى قوزغىغان پىكرى، پەلسەپىۋىي، قانۇنىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي «مەسىلىلىرى»نى تېز بايقاۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زىيالىيلارغا بۇرۇنلا مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چاغلىرىدىلا بۇ زەھەرلىك «پرىنسىپلار» ئۆكۈل قىلىنىپ ئۇرۇۋېتىلگەن. شۇ سەۋەبتىن شەرقشۇناسلارنىڭ ئوق نىشانىغا ئايلانغان. ئۇلارنىڭ بۇ زەھەرلەرنى ئۆزلىرىدە ئۆزلەشتۈرۈشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خوجىلىرى ئۇلارغا كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارنى كىتابلىرى، گېزىت ـ ژۇرناللىرى، مەكتەپ، ئۇنىۋېرسىتېتلىرى، ئۆيلىرى ۋە ئاممىۋىي سورۇنلىرى

ئارقىلىق زەھەرلەش ۋەزىپىسىنى ئۇلارغا تاپشۇردى. چۈنكى، خوجىلىرى ئۇلارنىڭ بۇ ۋەزىپىنى جان-دىلى بىلەن ئورۇندىيالىشىغا ھەقىقەتەن ئىشەندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈنسايىن ئىسلام توغرىلىق شەك-شۈبھىلەردىن باشقىنى تونۇمايدىغان بىر ئەۋلاد «ئاتالمىش زىيالىي» مەيدانغا كەلدى!
مەن «خاتا چۈشەندۈرۈلگەن ئىسلام» دېگەن كىتابتا شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلام ئەتراپىدا پەيدا قىلغان شۈبھىلىرى بۇ ئۇدۇمنى ئۇلاردىن كوممۇنىزمچى، سوتسىيالىزمچىلار مىراس ئېلىشىپ، ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي تەرەپتىن ئىبارەت غەربلىك شەرقشۇناسلارنىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن بىر تەرەپنى قوشۇپ قويغان شۈبھىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە رەددىيە بەرگەنىدىم. شۇ قاتاردا شەخسىي ئىگىدارچىلىق، سوتسىيالىزم، فېئودالىزم ۋە كاپىتالىزم قاتارلىقلارنىڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالغانىدىم.

مەن ئۇ كىتابتا شەرقشۇناسلار يامان تەسىر قوزغاش ئۈچۈن چوڭقۇرلاپ ۋە ئىچكىرىلەپ كىرگەن ئەقىدە، ۋەھيي ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ ساغلاملىقى توغرىسىدا كەلتۈرگەن شۈبھىلىرى ۋە قۇسۇرلىرىغا رەددىيە قايتۇرۇپ ئولتۇرمىغانىدىم.

چۈنكى، مەن «خۇسۇسەن ئاشۇ كىتابتا» ئىسلامنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەمەلىي جانلىق بولغان رولى ۋە ئاشۇ جەمئىيەت شەخسلىرىنىڭ ئۆزئارا بولغان ئالاقە-مۇناسىۋەتلىرىنى ئىنتىزامغا ئىگە قىلىدىغان تەرەپلىرى ئۈستىدە توختىلىش بىلەن مەشغۇل بولغانىدىم. ۋاقىتنى كاشىلا قىلغانىدەك بەكرەك زېھنىنى كاشىلا قىلىدىغان «ئەقىدىگە ئائىت نەزەرىيە» تەرەپلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىدىم. چۈنكى، مەن داۋاملىق ھېس قىلىمەن،

شەرقشۇناسلارنىڭ «ئەقىدە»، «ۋەھيي» ۋە «پەيغەمبەرلىك» توغرىلىق كەلتۈرگەن جېدەللىرى بىرەر كىشىنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە جېدەل-ماجرا قىلىشىغا ئەرزىمەيدۇ. شەرقشۇناسلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتارىدىن سانىلىدىغان مىرجىلىيوستەك ئادەملەرنىڭ بىزنىڭ ئىسلام يۇرتلىرىمىزدا «كاتتا-كاتتا» شاگىرتلىرىنىڭ بولغىنى؟ قۇرئانغا جاھىلىيەتچە تۈيغۇ بىلەن پىكىر قىلىدىغان، جاھىلىيەتنىڭ ھال-ئەھۋالىنى كۆككە كۆتۈرىدىغان ئاشۇ ئادەمنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرىدىغان، ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرىدىغان قولچۇماقچى شاگىرتلارنىڭ بولغىنى بۇنىڭغا يېتەرلىك. بۇ ئادەم دۇنيا تارىخىدا ئىسلام توغرىلىق ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى «Story of the world universalhi»دا: «مۇھەممەد — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن —نىڭ كېلىپ چىقىش نەسەبى نامەلۇم. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ، يەنى ئاللاھنىڭ قۇلىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد. ئەرەبلەر ئابدۇللاھ — ئاللاھنىڭ قۇلى — دېگەن بۇ ئىسىمنى نەسەبى نامەلۇم كىشىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ» دەيدۇ. مۇھەممەد — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى، ئابدۇللاھ ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى، ئابدۇلمۇتەللىب ھاشىمنىڭ ئوغلى، ھاشىم قۇسەينىڭ ئوغلى ... ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — ئەرەبلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ نەسەبلىك جەمەت ئىچىدىن دۇنياغا كەلدى. ھېچ نەرسىنى نەسەبنى تونۇغاندەك تونۇمايدىغان، ھېچنەرسىنى نەسەبنى چوڭ بىلگەندەك چوڭ بىلمەيدىغان، ئەزىز بىلگەندەك ئەزىز بىلمەيدىغان بىر مۇھىتتا دۇنياغا كەلگەن كىشى ... ئاشۇ قەۋم-

قىرىنداشلىرىنىڭ ئىلاھلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، تۇرمۇش ئەنئەنلىرى، ئىبادەتلىرى ۋە بارلىق ۋەزىيەتلەرگە ئۆزىنىڭ نامەلۇم نەسىبى بىلەن تۇرۇپ قارشى تۇردىمۇ؟ تەپەككۇر ۋە باھالاشتا بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ئەرزىمەس، كىرەكسىز، پۇچەك نەرسە بارمۇ؟! ئەھۋال قانداقلا بولسۇن، مەن شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلامنى ئېرماش-چېرماش قىلىۋېتىشلىرى ۋە جېدەل-ماجرالىرىغا رەددىيە قايتۇرۇپ ئولتۇرمايمەن. مەن پەقەت تارىخ لىنىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

مەن بۇ يەردە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆمەر پەرۇخ ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان، (مۇھەممەد ئەسەد) لىيو بولىد فايىسنىڭ «يول ئاچىلىدىكى ئىسلام» دېگەن كىتابىدىن ئالغان قۇرلارنى ئۆزۈپ كەلتۈرىمەن. مەزكۇر كىتابنىڭ 58-، 59- بېتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر بۆلۈك شەرتنامىلەردىن كېيىنكى زامانلاردا غەرب ئالىملىرى ياتلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە باشلاپ، ئىسلام مەدەنىيىتىدىن باشقا بارلىق نەرسىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلدى. پەقەت ئىسلامغا ئالاقىسى بار بولغان نەرسىلەرگە كەلگەندە ئىلگىرىكىلەرگە قارىغۇلارچە ئەگەشمىچىلىكتىن كېلىپ چىققان كەمسىتىلىش ئىلمىي تەتقىقاتلار دائىرىسىگە ئەقىلگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە سۆرەپ كىرگۈزۈلدى. تارىخ ياۋروپا بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئوتتۇرىسىغا كولىغا بۇ ئوكيان ھازىرغىچە كۆۋرۈك ياسىيالماستىن ئۆز پېتى قالدى. كېيىنچە ئىسلامنى ھاقارەتلەش، ياۋروپا تەپەككۇرىنىڭ ئاساسلىق بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىسلام يۇرتلىرىدا ھەرىكەت قىلىدىغان يېڭى ئەسىرلەردىكى تۇنجى شەرقشۇناسلار خرىستىئان مىسسىئونېرلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىسلام تەلىماتلىرى ۋە تارىخىغا قارىتا ئويدۇرۇپ ياساپ چىققان، سەتلەشتۈرۈۋېتىلگەن كۆرۈنۈشلەر ياۋروپانىڭ

بۇددىستلار (مۇسۇلمانلارنى دېمەكچى)غا قارىتا تۇتقان مەيدانىنىڭ تەسىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان پىلانلار ئاساسىدا بولغانىدى. لېكىن، بۇ ئەقلىي ئالدامچىلىق ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى.

ھالبۇكى، شەرقشۇناسلىق ئىلىملىرى ناساراالاشتۇرۇشنىڭ ئاسارەتلىرى ۋە نوپۇزىدىن ئازاد بولدى. بۇ شەرقشۇناسلىق ئىلىمىنىڭ جاھىلىيەتكە تەۋە ۋە دىنىي قىزغىنلىقنى قوغداشقا باھانە ـ سەۋەبلىرى قالمىدى. ئەمما، شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلامغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشى بۇرۇنقىلاردىن مىراس قالغان خاراكتېر، خۇسۇسەن ئەھلى سەلىبچىلىك ئۇرۇشلىرى ياراتقان ئاسارەتلەر ئۇستىگە قۇرۇلغان، تەبىئىي ھېسسىيات، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى ياۋروپا ئەقلىيچىلىرىنىڭ ھاكاۋۇرلىقىدىن بولغان».

شەرقشۇناسلار ئىسلام تەتقىقاتى ئۇچۇن ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىنتىزاملىق يولى، دەلىل ـ پاكىتلارنى خۇلاسىلەش ۋە تەھرىرلەشتىكى ئاجايىپ چىدامچان، سەۋرچانلىقى (گەرچە ئۇلارنىڭ دەلىللەرنى چۈشىنىش ۋە ھادىسىلەرنى يېشىشتە كۆپ خاتالىقلارنى سادىر قىلغان بولسىمۇ) ئۇلارنىڭ قەدىمقى نە ئەسەر قىلىنىپ تۈپلىنىشىدە، نە رەت ـ تەرتىپى ۋە نىزامىدا تۇتاشتۇرغۇچى ئالاقىسى يوق (يەنى قالايمىقان تۈپلەنگەن، بەت نومۇرى ۋە ئابزاسلار يوق) كىتابلارنىڭ ئىچىگە غەۋۋاسلاردەك كىرىپ كېتىشى، ماختاشقا ئەرزىيدىغان باتۇرلۇقى ۋە ئىغىر ـ بېسىقلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، مۇشۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى، ھىماتچىلىرى ۋە مۇشۇ تىلغا ئاساسەن ئۆز مەۋجۇدلىقىنى ساقلايدىغان ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىمۇ بۇنداق قىلىشقا سەۋرى ـ تاقەت قىلالمايدۇ، بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ئۆزلىرىنىڭ قوغداش، كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش ۋە پايدىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئۇلاردەك يۈزلەنمەيدۇ.

مانا بۇ كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان نادىر سۈپەتلەر، ئۇلارنىڭ قەدىمقى مەنبەلەر، دەلىل ـ پاكىتلارنى قىدىرىپ چىقىش ۋە نەشىر قىلىشقا سەرپ قىلغان كاتتا تىرىشچانلىقلىرى، چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشكە نۇرغۇن خاتالىقلارنىڭ بولۇشى ۋە بەزىدە بەك كۈلكىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئادىل ۋە ھەق باھا بېرىشكە ئەرزىيدۇ. لېكىن، بۇلار سەرپ قىلغان شۇنچىۋالا تىرىشچانلىق ئىبرەت ـ ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇ يەردىكى ساۋاق مەقسەت ـ نىشاندۇر. ئۇلار مۇشۇ بارلىق تىرىشچانلىقلارنى ۋە تۆلىگەن بەدەللەرنى ئاشۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئاشۇ نىشان يولىدا ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن چىقىم قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ نىشانى ئىسلامغا «خىزمەت قىلىش» ئۈچۈنمۇ ياكى ئىسلامنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭۈللەردىكى كۆرۈنۈشلىرىنى بۇلغاش ئۈچۈنمۇ؟

شەرقشۇناسلارنىڭ بۇنچىلىك دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە خېلى مەن مەن دېگەنلەرنى ۋايىسىتىدىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىشقا زورلىغان كۈچ ئۇلاردىكى «ئالىمنىڭ ۋىجدانى»مۇ ياكى شەرقشۇناسلارنىڭ قان ـ تومۇرىغا سىڭىپ كەتكەن، تېرىلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان، خىرىستىئان دىنى تارقاتقۇچى مىسسىئونېرلىقمۇ؟ مانا بۇ ئۇلارنىڭ شۇنچىۋالا جاپا تارتىشىغا تۈرتكە بولغان ۋە ھەردائىم ئۇزۇق بېرىپ تۇرىدىغان كۈچ دەل مىسسىئونېرلىق ئەمەسمۇ؟

نەسەبلەرنى قوغداش مۇھىت ۋە ئەنئەنىلەر تەرىپىدىن مۇقەددەس «پەرز» قىلىنىپ بېكىتىلگەن ئەرەب يېرىم

ئارىلىدا دۇنياغا كەلگەن رەسۇلۇللاھ ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نىڭ نەسەبىدە شەك ـ شۈبھىلەر پەيدا قىلىشقا ئورۇنغان مىرجىليوستا ئالىمغا خاس ۋىجدان قەيەرگە كەتتى؟

ئۆزىنىڭ «ئىسلام» دېگەن كىتابىدا: «ئىسلام نەزىرىدە ئىلىمگە قويۇلغان تەلەپ، ئۇنى دىنغا خىزمەت قىلدۇرۇش، يەنى ئاخىرەتلىك ئىشلارغا خىزمەت قىلدۇرۇشتۇر» دەپ يازغان، يەنە مەزكۇر كىتابىنىڭ ئۆزىدە «ئىسلامنىڭ ئۆزى بىرلا ۋاقىتتا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى بىردەك ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تۈزۈمدۇر. ئىسلامدا دىن دۇنيادىن ۋە جەمئىيەت شەرىئەتتىن ئايرىلمايدۇ» دەپ يازغان گرونباريومدا ئالىمغا خاس ۋىجدان قەيەرگە كەتتى؟

ئۆزىنىڭ «ئەرەب دۆلىتى» دېگەن كىتابىدا: ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر خەلىپىلىكنى مۇسۇلمانلاردىن مەجبۇري ھالدا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ تارتىۋالدى (ئەگەر ئۇ ئەلى ـــ ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى ھۆرمەتلىك قىلسۇن ـــ دىن تارتىۋالدى دېگەن بولسا، مەسىلەن ئاز ـ تولا دىققەت ئېتىبارنى تارتقان بولاتتى، لېكىن ئۇ مۇسۇلمانلاردىن تارتىۋالدى دەۋاتىدۇ؟!) دەيدۇ. ئۇ يەنە مۇھەممەد ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ كۆچى ئاجىز، ئورنى مۇستەھكەم ئەمەس چاغدا يەھۇدىيلار بىلەن ئىتتىپاقلىق كېلىشىمى تۈزدى. ئاز ـ تولا قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلىپ قۇدرەت تېپىۋىدى، ئۇنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقان مىللەتچىلىكنىڭ ئەسەبىي قانلىرى تېشىغا تېپىپ ئۇلارغا قارشى «ئىنقىلاب» قىلدى. ئۇلارنى يۇرت ـ ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇ ئۇچچىغا چىققان «مىللەتچى» بولمىغان بولسا شۇنداق قىلامتى؟ دەپ يازىدۇ ـ يۇ، يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئەھدىلەرنى

بۇزغـــانلىقى، ئۇلارغـــا قارشـــى مەكـــكە ۋە باشـــقا ئايمـــاق مۇشرىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىتتىپاقچى قوشۇن تەشكىللەپ مەدىــنە مۇسـۇلمانلىرىغا ھۇجـۇم قىلـدۇرغانلىقى، ئىچكـى جەھەتـــتىن دۈشـــمەن ئارمىيـــسىگە ماسلاشـــقانلىقى، مەدىنىدىكى مۇناپىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سۇيىقەسـت پىلانلىغانلىقى، زەھەرخەندىلىك بىلەن مەدىنىدە پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقانلىقى، تەشـۋىش پەيـدا قىلغـانلىقى، مۇسـۇلمانلارغا بولغـان ئۆچمەنلىكىنىـڭ ياۋا توڭگـۇزى قـۇتراپ كېتىـپ، ئـاخىرى مۇسـۇلمانلاردىن بولغـان بىـر ئايالنىـڭ نومۇسـىغا تاجـاۋۇز قىلغـــانلىقى، يۇقىرىـــدىكى ئەھـــدىگە خىـــلاپ قىلمىشلارنىڭ ئۆزى كولىغا ئورىغا ئۆزى چۈشۈشىگە سـەۋەب بولغـانلىقى ھەققىـدىكى تـارىخ ھەقىقەتلىـرى توغرىـسىدا ھېچنەرسـە يازمايـدۇ. پىلىھـۇزىن دېگەن بـۇ شەرقـشۇناستا ئالىمغا خاس ۋىجدان قەيەرگە كەتتى؟

«ئىسلامدىكى ئەقىـدە ۋە شـەرىئەت» دېگەن كىتابىـدا: ئىسلامدا ھېچقانداق يېڭى نەرسە ــــ يېڭىلىـق ياراتقۇچى نەرسـە ــــ يـوق. ئۇنىـڭ پىكىرلىرىـدە بولـسۇن، ئىنـسان ئالاقىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىلەردە بولـسۇن، ئـۇ ئىنـسانىى چەكـسىزلىك ھـېس ـ تۇيغۇسـىدىن ئۇسـتۈنگە كۆتۈرۈلمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا پروسـلاۋىيە پىكىرلىـرى ۋە كۆزقاراشـلىرى بىـلەن ئـۆزىنى پەردازلىغان، ئۇنىڭ نازۇك فىقھشۇناسلىق نىزامى ۋىزانتىيە قانۇنىدىن ئۆرنەك ئالغان، سىياسىي تۈزۈم پارس سىياستىگە تەۋە نەزەرىيىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئىسلام تەسەۋۋۇپى بولسا ھىندى دىنى ۋە يېڭى ئەپلاتونچىلار كۆزقاراشلىرىنىڭ دولقۇنىدا شەكىللىنىپ قالغان دەپ يازغان جۇلد ھىستېردا ئالىمغا خاس ۋىجدان قېنى؟!

«ئەرەب يۇرتلىرىنىڭ غەرىبدىكى قەدىمقى تىللار» ناملىق كىتابىدا قۇرئان تىل ۋە گراماتىكىلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلار قۇرئاندىكى خاتالىقلارنى تۈزەشتۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، قۇرئاندىكى بۇ خاتالىقلار دەۋرىمىزدىكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تۈزۈلۈپ بولالماي داۋاملىشىپ كەلدى دەپ يازغان مىرجىلىيوسنىڭ شاگىرتى قايسى رابىندا ئالىمغا خاس ۋىجدان قېنى؟!

... ... ؟!

... ... ؟!

... ... ؟!

ۋە بۇلاردىن باشقا نە ئەقىل، نە ئىلىم، نە ۋىجداننى ھۆرمەت قىلمايدىغان بىھۇدە سۆزلەرنى ئېيتقان تېتىقسىز، مەنتىقىسىز شەرقشۇناسلاردا ئالىمغا خاس ۋىجدان بارمۇ؟! بار دېيىلسە ئۇ قەيەرگە كەتتى؟!

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشلۇق ئىسلامىيەتكە تەۋە شەرق دۇنياسىدا ئاشۇ پەسكەش شەرقشۇناسلارغا چوقۇنىدىغان، قىزىقىدىغان، ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغان ھاڭۋاقتى زىيالىيلار، يۇندىنى ھەسەل دەيدىغان ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى ساماندەك تولا؟!

ئۇلار چاچقان پىتنىلەر شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ، بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانىغا گۇمان نەزىرى بىلەن قارىمايدىغان مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ يازغان نەرسىلىرىگە ئالدىنىپ بۇ كىتابلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇراجىئەت مەنبەسى قىلىۋالدى. ئۇلار تارىخىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىشتىن ياكى دەلىل ـ پاكىتلارنى تەھرىرلەشتە مۇراجىئە مەنبەسى قىلماستىن، بەلكى

ئىسلامىي تەسەۋۋۇرنىڭ ئەسلى مەنبەلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئىسلام تارىخىنىڭ ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشتە ئاشۇلارنىڭ كىتابلىرىنى مۇراجىئەت مەنبەسى قىلدى. ھەتتا، بۇلار تۈنجى ئەۋلاد ساھابە ـــ ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ـــ لەرنىڭ دەۋرىدىكى شەخسلەرنىمۇ، ھەتتا ئاشۇ دەۋرنىمۇ شەرقشۇناسلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆردى، ئەقلى بىلەن ئويلىدى. ئۇلارنىڭ قەلەملىرى ئارقىلىق يېزىلغاننى ئوقۇدى. قىسقىسى، ئۇستازلىرى نېمە دەپ يازغان بولسا، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەستىن قارا ـ قويۇق مۇراجىئەت مەنبەسى قىلدى. ئۇلار شەرقشۇناسلارنىڭ (ئاشكارا ياكى مەخپىي ھالدا بولسۇن) بىرىنچى نىشانى، غەرىزى، مۇددىئاسى مۇشۇ ئەقىدىنى شالغۇتلاشتۇرۇش، ئىسلامىي تەسەۋۋۇردا ئالدامچىلىق قىلىش، خىرەلەشتۈرۈش، رەھبەرلىك ۋە ئۈلگىلىك ئورۇننىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا شەك ـ شۈبھە ۋە گۇمانلار پەيدا قىلىش ۋە مۇشۇ دىننى بەرپا قىلىپ چىققان ئېسىل مەردانە ئەرەنلەرگە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئىسلام ئەقىدىسىنى قەبىھ كۆرسىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىنتايىن رەزىل سۇيىقەست ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك ئىستراتېگىيىلىك پىلاننىڭ بارلىقىنى قىلچە ھېس قىلماستىن، ئۇلارنىڭ ئەۋرەزلىرىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئاشۇ «مۇسۇلمانلار»غا پىتنە ئىدىيە ۋە سەقافەت جەھەتتىن مۇشۇ دەرىجىدە تەسىر قىلغان بولسا، ئىسلام توغرىلىق شەرقشۇناسلار ئېيتقاندىن باشقىسىنى تونۇمايدىغان زىيالىيلاردىن ئىبارەت «چۈپرەندىلەر[1]» تەبىقىسىگە قانچىلىك تەسىر قىلىدۇ؟! دىننى چۆرۈپ تاشلىغان، ئۇنى قالاقلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدىغان،

[1] ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان زىيالىيلارنى دېمەكچى.

كۆڭۈللىرى دىنغا قىلىنغان تەنىلەر ۋە بۇلغانمىلارغا كەڭ ئېچىۋېتىلگەن ۋە بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىغانلارچۇ؟! ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئالغىنىغا بېقىپ ئاللاھ نازىل قىلغاندەك، مۇسۇلمانلار تونۇپ يەتكەندەك، چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىدىغان، ھەقىقەتلەرنى ئەسلىتىدىغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (وَإِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَحْدَهُ اشْمَأَزَّتْ قُلُوبُ الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِالْآخِرَةِ وَإِذَا ذُكِرَ الَّذِينَ مِن دُونِهِ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُونَ) «يالغۇز ئاللاھ تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. ئاللاھتىن باشقا مەئبۇدلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ» (39 ـ سۈرە 45 ـ ئايەت).

توغرا، شەرقشۇناسلارنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشلىرى مۇشۇ دىنىنى يوق قىلىش ئۈچۈن پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۈيىقەستىنىڭ ئاساسلىق بىر پارچىسى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەڭ پەسكەش ۋە مەينەت تىرىشچانلىقتۇر. ئۇلار جەڭ باشلىغان تۇنجى مىنۇتتىن باشلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىگە ئاشكارا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ سۈيىقەستكە قارىتا سەگەك ۋە ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، دىنىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئەڭ رەزىل، پەسكەش يولنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئېيتقاندەك «ھەسەلگە زەھەر ئارىلاشتۇرۇش ئۇسۇلى»دۇر. ئۇلار باشتا ئىسلامنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ـــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ـــ نى بولۇشىغا ماختايدۇ. مۇشۇ دىن ئىدۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ پەزىلەتلەرنى تىلغا ئالىدۇ ۋە بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى بەك ماختاپ ئەپسانىۋىيلاشتۇرغىلى تاسلا

قالـدۇ. بـۇ بوشـلۇقىقا كىـلىـپ قالغـان مۇسـۇلمان ئۇنىـڭ سەمىمىي، راستچىل ئادەملىكىگە خاتىرجەم بولۇپ، ئـۆزىگە يامانلىق يەتكۈزمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، قولىدىكى ئاگاھ-دانـالىق ۋە ئويغـاق-سـەگەكلىكىنىڭ قـورال-يـاراقلىرىنى تاشلىغان هامان، ئۇ هەسەلگە زەهەر ئارىلاشتۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ مۇسۇلماننى بىخۇتلۇقتا قالدۇرىدۇ. «مەدھىيە، هەمدۇ-سانالار ۋە ئۇلۇغلاشلارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا چاندۇرماستىن ئاشـۇ تـۆهمەتلەرنى چـاپلاش، كـۆز ئىـشارىتى ئويـنـاش ۋە بورمىلاشلارنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇلار شۇ دەرىجىدە ئۇستاتلىق قىلىدۇكى، كىشى ناهايەتتە ئۆزىنىڭ ئەقىدە هەقىقەتلىرى توغرىـسىدا گۇمانلانـدۇرۇپ، ئاشـكارا ۋە يوشـۇرۇن هالـدا كۆڭۈللەرگە شۇبهە ئورۇغلىرىنى تېرىيدۇ. بۇ ئۇرۇغلار ئاستا-ئاستا بىخلىنىشقا باشلايدۇ. مانا بۇ هىيلە-مىكىرگە تولغان ئالدامچىلىق، مانا بۇ ئالدامچىلىقتا توشقان تاكتىكا ئالدىدا كىمـمـۇ گۇمانلىنالىـسۇن؟! (بـۇ مۇسـۇلمانغا ئاشـۇ مەدھىيىلەرنىـڭ هەمـمىـسىنى ئىـسلامنىڭ هەق دىـن ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان بىر ناسارا يازغۇچى چاناقلارغـا لىق-لىق قـاچىلاپ ئۇسـۇپ بېرىۋاتـسا)، مـانـا بـۇ تونۇشـقا كەلگەندىن كېيىن ئاشۇ يازغۇچى يازغان هەربىر جۈملىلەر ۋە تاۋۇشـلارنىڭ راسـت يـاكى يالغانلىقىـدا كىمـمـۇ گۇمـان قىلالىسۇن؟!

ئۇنىڭ تونۇشىدا دىندا تەنە قىلىشقا تېگىـشلىك جـايلار هەقىقـەتەن مەۋجـۇد، ئاتـا-بوۋىلىرىـدىن مىـراس قالغـان قـارىغۇلارچە تەسـلىمچىلىك بـۇ مۇسـۇلماننىڭ كۆزىـدىن مۇشـۇنداق تەنە قىلىـشقا تېگىـشلىك جـايلارنى يوشـۇرۇپ قالغاندى. ئاللاھ ئۇنىڭغا باتىلنىڭ پەردىلىرىنى قايرىۋېتىپ بېرىـدىغان، هەقىقەتلەرنـى نۇرلـۇق ۋە روشـەن ئىپـادىلەپ

بېرىدىغان، ئازمايدىغان ۋە ئاداشمايدىغان «ئىلىم» نۇرى بىلەن يېتەكلەيدىغان «شەيئىلەرگە ئوبيېكتىپ قارايدىغان شەرقشۇناس ئالىمنى» ئەۋەتتى ئەمەسمۇ؟!

مەن ئاشۇ ئادەملەرنىڭ بىرىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن سىلكىشلەپ ئويغىتىپ سىز مۇسۇلمان ئەمەس بىر ئادەمدىن ئىسلامنىڭ ئىشى توغرىسىدا سىزگە ھەق گەپنى سۆزلەپ بېرىشكە قانداق قارايسىز؟! بۇ ئادەم سىز ئىشەنگەن دىنغا ئىشەنمەيدۇ، قانداقسىگە دىنىي ئىشلىرىڭىزدا بۇ ئادەمنىڭ ئېيتقانلىرىنى دىنىنى تونۇشنىڭ مەرىپەت مەنبەسى قىلىۋالدىڭىز؟! دەپ سورىسام، ئۇ (ئۆز تىلى بىلەن تېخىچە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانماي كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ): «توغرا ... ئۇ ھەقىقەتەن ئىسلامغا ئىشەنمەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ دىنغا ئالاقىسى يوق، ئىسلام ئۇستىدە ئەركىن ھالدا ‹ئىلمىي› تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئەگەر بىز غەربلىكلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە كىتابلارنىڭ ئىچى ۋە شەرھلىرىگە قەدەر چوڭقۇر كىرىپ «خۇددى يىڭنىدە قۇدۇق قازغاندەك» ئەستايىدىل قېتىرقىنىشلىرىنى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداشلىرىنى، ئەمگەك مېۋىلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىرىماسلىقلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆگەنگەن بولساق نېمىدېگەن گۈزەل ئىش بولاتتى ـ ھە! بىز تېكىستلەرنى چۈشىنىش، ئانالىز قىلىش، ھادىسىلەرنى يېشىش ۋە سالمىقىنى ئاشۇرۇش، خاراكتېرلەرنى روشلاش ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ساغلام ئورنىدا قويۇش جەھەتلەردە ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشەتتۇق. ئەمما، دىنىي «ھەقىقەت»لەرنى ئۇلاردىن قوبۇل قىلغىنىمىزچۇ تېخى؟! ئاگاھ بولۇڭ، ئۇ ھەقىقەتەن ئەھلى سەلىبچىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئازگالغا ئىتتىرىدىغان پىتنىسى!!!

ھازىر ئالدىمدا مەن ئوقۇغان شەرقشۇناسلارنىڭ كىتابلىرى ئىچىدىكى «ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئىسلام» ناملىق ئەڭ سېسىق كىتاب تۇرۇپتۇ. مەن بۇ كىتاب توغرىلىق يۇقىرىدىكى پەسىللەردە بىر نەچچە قېتىم سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم.

بۇ كىتابمۇ باشقا كىتابلارغا ئوخشاش ئالدى بىلەن ئىسلامنى مەدھىيىلەش يولىدا ماڭىدۇ، ئاندىن مۇشۇ ماختاش ۋە ئۇلۇغلاشنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئاستىدا ئۆزى كۆزلىگەن پىكىرلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

لېكىن، ھەددىدىن زىيادە كۆپتۇرۇلگەن پەسكەشلىكنىڭ ئۇرۇغى سەن خرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدىغان غەربلىك بىر يازغۇچىنىڭ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىقرار قىلىشى مۇمكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ سېنى مۇتلەق «ئىشەنچلىك»لىك بوشلۇقىغا سۆرەپ كىرىدۇ، سەن گۇمانلىنالمىغۇدەك، ئانالىز قىلالمىغۇدەك، راستلىقىدا شەك قىلالمىغۇدەك مۇكەممەل ئىلمىي «ئوبيېكتىپ» قاراشنى شەكىللەندۇرىدۇ؟!

(يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك) ئۇ ساڭا: ياۋروپانىڭ ئەھلى سەلىب ئۇرۇشىنى ئۇنتۇپ كېتىشى ... شۇنداقلا بوسۇغۇسىدا تۇرۇپ نەچچە ئەسىر تەھدىت سالغان ئىسلامنى ئۆز ئەسلىمىلىرىدىن چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئىقرار قىلسا، كىتابىنىڭ 111- بېتىدە: «غەرب دۇنياسى خرىستىئان دىنى بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدا بولغان كونا

ئاداۋەتنىڭ ئۆچ ـ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئەرەبلەرگە قارشى يەھۇدىي قىساسچىلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ» دەيدۇ.

104 ـــ 105 ـ بەتلىرىدە: «غەرب ئۆزىنىڭ ھەربىي، ئىلمىي، پىكرىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دۇنياسىنى ۋەيران قىلىش، ھاقارەتلەش، خار قىلىش، بېشىنى كۆتۈرتمەسلىك ۋە بىچارە قىلىش ... قاتارلىقلارغا قارىتىدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە (خرىستىئان) دىنى ئەقىدىسىنىڭ ئۆزگە باس بولغان خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئىسلام دىنىدىكى «قۇربان بېرىش» بىلەن ناسارا دىنىدىكى «قۇربان بېرىش» ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرغان بىر سېلىشتۇرمىدا: «ناسارا دىنى ئەقىدىسىدىكى قۇربان بېرىش تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ يېنىدا قويغاندا سەلبىي ئوبراز پەيدا قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ ھەتتا قۇربان بېرىشلىرىدىمۇ ئىجابىيلىق مەۋجۇد، مەسىھ مەريەم ئوغلى ئەيسا ئۆز جېنىنى قۇربان قىلغاندا ئېزىپ ئاينىپ كەتكەن تارىخنىڭ چاقى ئالدىدا سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرىدۇ. ئۇ ھايات تۇرۇپ ئاينىپ كەتكەن مېڭىش يۆلىنىشىگە بۇنچىۋالا كەڭ قورساق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى، ھېچبولمىغاندا چاقنى توغرىغا بورىشى ياكى چاقنىڭ يۆلىنىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى كېرەك ئىدى. مۇسۇلمان ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىۋاتقان ۋاقىتتىمۇ ئۆز تۇيغۇسىدا بۇ قۇربان بېرىش تارىخ چاقىنى توغرا يۆلىنىشتە ئالغا سىلجىتىدۇ دېگەننى ھېس قىلىدۇ» دەيدۇ. سەن خرىستىئان دىنىغا سادىق بىر غەرب يازغۇچىسىدىن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ۋە ئوبيېكتىپراق سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىشنى خالامسەن؟!

مۇشۇنداق ياغلىما سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئادەم بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ دېگەن گەپ ـ سۆزلىرىدىن گۇمانلىنامدۇ؟

ئەمما، مەزكۇر كىتابنىڭ تۈتىنچى بۆلۈمىدە، ئۇنىڭ ساڭا ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ راستلىقىدا، ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىكىدە ۋە نىيىتىنىڭ ياخشىلىقىدا گۇمانلانماي تۇرالارسەنمۇ؟ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىيە ئۆز دۆلىتىنى دىندىن خالىي ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇپ چىقتى (Secular)، بۈيۈك تەڭرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان دۆلىتى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى ــــ ئىسلامىدىن چىقىپ كەتكىنى يوق، تۈركىيە دۆلىتى ئىسلامنى يېڭى ئۇقۇمدا چۈشەندۈردى، خالاس. بۇ يېڭى ئۇقۇمدا دىن بىلەن دۆلەت، دىن بىلەن جەمئىيەت، دىن بىلەن ئۆرپ ـ ئادەت، دىن بىلەن ئىقتىساد، دىن بىلەن قانۇنىي شەرىئەت، دىن بىلەن ھايات رېئاللىقى ئوتتۇرىسى ئايرىپ تاشلىنىدۇ (بۇلارنى ئايرىپ تاشلىغانغا مۇسۇلمان ئادەم دىندىن چىقىپ كېتەمدۇ؟) تۈركىيە ھەقىقەتەن يەر شارىدىكى بارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلەر دوراشقا تېگىشلىك ئۇلۇغۋار نەمۇنە، تۈركىيە ئېرىشكەن ‹كۈچ ـ قۇۋۋەت›، ‹ئىلىم›، ‹ھەزارەت›، ‹تەرەققىيات› ۋە ‹ھاللىق سەۋىيە›گە يېتىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭغا ئەگىشىشىڭلار كېرەك» دەيدۇ (ئەمما، تۈركىيىنىڭ رېئاللىقىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەرقاندىقى بۇ ئاپتورنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ: «تۈفى! سەن ماختىغان تۈركىيەگە! بىز تۈركىيىدە سەن كۆپتۈرگەن ئىشلارنىڭ بىرسىنىمۇ كۆرمىدۇق، كۆرگىنىمىز ئېچىنىشلىق تراگېدىيە، ئاچ ـ يالىڭاچ، كەمبەغەللىك، خارۇ ـ زارلىق ۋە تەڭسىزلىكنىڭ پىغانلىق ئىڭراشلىرى ۋە

بۈگۈنكى دۇنيا تاقىلىپ قالغان جىنسىي شەرمەندىچىلىكنىڭ پەسكەش تاشقىنى بولدى» دەيدۇ).

ئۇ يەنە كىتابىنىڭ بەشىنچى بۆلىمىدە: «پاكىستان پېشكەللىككە ئۇچرايدىغان مەغلۇبىيەتچى دۆلەت، ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلەت نىزامىنى دىن ئاساسىغا قۇرۇپ چىقتى. ئۇ ئىنتايىن يامان ئۈلگە. مۇسۇلمانلار پاكىستاننى دورىماسلىقى كېرەك» دەيدۇ. يەنە ئۆزىمۇ ئۇنۇتقان ھالدا 225- بەتتە: «پاكىستاننىڭ مەغلۇبىيەتچى دۆلەت بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى، پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا تۇنجى بولۇپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان پارتىيە — دىنسىز مىللىي پارتىيە بولۇپ، پاكىستاننى نامدا ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ چىققان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ساپ ئىسلام روھى ئاساسىغا، ئىسلامنىڭ تېگى - ماھىيىتىنى تونۇش ئاساسىغا قۇرۇلمىدى. بۇ پارتىيىنى بۈيۈك بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسى بىر قوللۇق تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇپ چىققان؟!» دەپ تاشلايدۇ.

ئۇ ئۇزۇن ئېرماش - چېرماش ئالا - جوقا سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، كىتاب ئاخىرىدا ساڭا: «بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ھازىرقى يېڭى ئەسىردە دەۋرگە ماس ياشاش ئۈچۈن ئۆز ئەقىدىسىدىكى ئاساسلىق پىكىرلەردىن ۋاز كېچىشى لازىم. ئۇ بولسىمۇ مۇسۇلمان جەمئىيىتى بارلىقتا كەلمەي تۇرۇپ ئىسلام بارلىقتا كەلمەيدۇ دېگەن پىكىر بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئىسلام ئاساسىغا قۇرۇلمىغان جەمئىيەتلەردە (ئەقىدىسىنى) ساقلىغان ھالدا ياشاش ئۈچۈن بۇ پىكىرلەرنى يەڭگۈشلەپ ئالماشتۇرۇشى لازىم» دېسە قانداق ئويغا كېلەرسەن؟! (مانا بۇ شەرقشۇناسلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك غايىسى بولغاندەك، ناسارالاشتۇرۇش

مۇرتىلىرىنىڭمۇ بىرىنچى دەرىجىلىك غايىسى، شۇنداقلا ئۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭمۇ مەقسەت قىلغان بىرىنچى دەرىجىلىك غايىسى).

ئەزىز ئوقۇرمەن، يۇقىرىدىكى ئىقرارنامىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىخلاسمەنلىكى، دىنىڭىزغا خالىس تۆھپە قوشقۇچىلار ئىكەنلىكىدە بىرەر گۇمانىڭىز كەلدىمۇ؟!

يۇقىرىدىكى بايانلار ھازىرقى يېڭى دەۋردىكى ئەھلى سەلبلەرنىڭ ئىسلامغا قاراتقان جەڭلىرىدۇر. ۋولفىرت كانتول سمىس «ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئىسلام» دېگەن كىتابىنىڭ 111 ـ بېتىدە خرىستىئان دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدىكى ئەھلى سەلبلەرنىڭ ئۆچ ـ ئاداۋىتى، تارىخى توغرىلىق ئۇزۇن توختالغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ يۇقىرىدىكى ئىسلام دۇنياسى بىلەن خرىستىئان دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى چېلىشىش ۋە قارشىلىشىشلار توغرىسىدىكى تارىخ ئۇستىدە ئۇزۇن توختىلىشىمىز ئىسلام دۇنياسىغا يۈرىكىمىزنى لەختە قىلغان ئۆزلۈك تەبىئەتنىڭ ئۆچ ـ ئادەۋەت ئوتىنى قايتىدىن يالقۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، ۋەياكى قايسى خىل كۆرۈنۈشلەر بىلەن بولغان تالاش ـ تارتىشلار ۋە بىر قوللۇق كەلتۈرۈپ چىققان تراگېدىيەلەردە ئۆزىمىزنى ئاقلاش ئۈچۈنمۇ ئەمەس. بىز پەقەت مەمنۇنىيەتلىك ۋە چۈشىنىشلىك ھەرىكەت قىلماقچى ياكى مۇشۇنداق قىلىشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان كىشىلەرگە «ئىككى گۇرۇھ» ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئالدىراپ كېتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ قويماقچى».

بىز بۇ يەردە مەزكۇر ئاپتورچاقنىڭ بىر جۈملە سۆزىنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلىتىمىز. بىزنىڭ يۇقىرىدىكى ئابزاسلاردا ئەھلى سەلبچىلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قىلغان

بارلىق رەزىل تارىخىي پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىشىمىز ئەھلى سەلبچىلەرگە قارشى قوزغاتقۇلۇق قىلىش، يۇرەكلەردە كۆيۈپ ئارام بەرمەيۋاتقان ئۆچ ـ ئاداۋەت پىلتىسىگە قايتىدىن ئوت ياقماقچى ئەمەس، بەلكى پەقەت ئىسلامغا كەلگەن زەربىلەر قەيەردىن كەلگەنلىكى، مۇسۇلمانلارغا ئېتىلغان مۇشت ـ پەشۋالارنىڭ قايسى تەرەپتىن، قايسى ۋاستىلەر بىلەن، قايسى ئۇسۇللار بىلەن كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ... مۇشۇ چېلىشىشتا غەربلىكلەر ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈندۇر.

ئاشۇ دەھشەتلىك جەڭلەر ۋە يېقىنقى شىلارنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، پەقەت ئىسلامنىڭ نامىنىلا بىلىدىغان، ياكى ئىسلام دېگەن ئىنسان ئادا قىلىپ قويۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىبادەتلەرنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسى، ئاشۇ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ قويسىلا «ئىسلام بولىدۇ» دەپ تونۇيدىغان، ۋەياكى ئىسلام توغرىلىق شۈبھىلەردىن باشقىنى ئۇقمايدىغان «مۇسۇلمان ئەۋلاد» بارلىققا كەلدى.

ئۇنىڭ نەتىجىسى، نامـاز ئوقۇسـام، روزا تۇتسـاملا مەن ئۆلچەملىك مۇسۇلمـان بولالايمەن، لېكىن مەن پىكىرلىرىم، ئۆرپ ـ ئـادەت، ئەنئەنىلىرىم، ئىقتىسادىي تـۈزۈم يـاكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئـۆزۈم خـالاپ يەر شـارى تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانچە ئەمەس قايسى پىكىرلەردىن قوبۇل قىلسام ياكى مۇسۇلمانچە ئەمەس تىزىملاردىن قوللانسام بولۇۋېرىدۇ. مەن يەنىلا بىر مۇسـۇلمان بـولالايمەن دەيدىغان مۇسـۇلمان ئەر بارلىققا كەلدى.

ئۇنىڭ نەتىجىسى، نىيىتىم ياخشى، كۆڭلۈم ياخشى بولسىلا مەن بىر مۇسـۇلمان ئايـال ھېسابلىنىۋېرىمەن، خالىغان كىيىملەرنى كىيىمەن، خالىغان يىگىتلەر بىلەن

ئارىلىشىمەن، ئىش ـ پەش تارتىشىمەن، ئۇلار بىلەن خالىغان ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەرنى شەكىللەندۈرىمەن، بۇنىڭ دىنىمغا ھېچقانداق مۇناسىۋىتى ياكى زىيىنى يوق دەپ قارايدىغان «مۇسۇلمان ئايال» بارلىققا كەلدى.

تېخى يۇقىرىقىلاردىن ھالقىپ ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى، دىنىنىڭ كېسەل كۆرپىسى، قالاقلىق، ئارقىدا قېلىش ۋە بىر ئىزدا توختاپ قېلىشنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدىغان مۇسۇلمان ئەر ۋە مۇسۇلمان ئايال بارلىققا كەلدى.

يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان ئەھلى سەلىب ئۇرۇشىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنى پارچىلاش، بۇزمىلاش، شۇنداقلا مۇمكىن بولغان بارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن بۇ ئەقىدىنى كىشىلەردىن سالدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆزى يالغۇز بۇنچىۋالا زور بۇزۇلۇشلارنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىسلامنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشتا ئەھلى سەلىبچىلەرگە كۈچلۈك ياردەم بەرگەن ۋە بىر يولدا ماڭغان يەنە بىر دولقۇن بار. بۇ دولقۇن پەقەت يالغۇز ئىسلام دۇنياسى ئىچىدىلا ھەرىكەت قىلماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان، ئالەمشۇمۇل دولقۇندۇر.

## ئالەمشۇمۇل دولقۇن ياكى دۇنيا ئېقىمى

دۇنيا ئېقىمى پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپ ئىسلامغا تەسىر قىلىشقا باشلىدى. ئىسلام دۇنياسى بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ دولقۇننىڭ تەسىرىگە يولۇققۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ بولغان، دەرۋازا ئېچىپ بولغان، ئوۋ نىشانىغا ئايلىنىپ بولغان بولۇپ، بۇ ئېقىمغا قارشى تۇرغىدەك، ئۆزىنى قوغدىغۇدەك كۈچ ـ قۇدرەتتىن ئاللىقاچان مەھرۇم بولۇپ بولغانىدى.

بۇ ئېقىملار يالغۇزغىنە ئىسلامغا قارشى ھەرىكەت قىلماستىن، بەلكى دۇنيادىكى بارلىق دىنى «ئەقىدىلەر»گە، بۇ ئەقىدىلەر قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئورتاق ھالدا بىر تۇتاش قارشى تۇراتتى. يەر شارىدىكى دىنىي ئەقىدىنى تامام يوقىتىشنى نىشان قىلغان دولقۇن ئىدى. بۇ ئېقىم ئەسلىدە ياۋروپادىكى بارلىق ئەھۋاللارغا قارىتا بارلىققا كەلگەن تەبىئىي ۋە يەرلىك مەنتىقىلەرنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا شەكىللەنگەن. ئۇ ياۋروپاغىلا ماس كېلەتتى. بۇنىڭدا ھېچقانداق تاسادىپىيلىق يوق، ئەمما بۇ دولقۇن ئىسلام دۇنياسىغا نىسبەتەن يات دولقۇن بولۇپ، مۇھىت ياكى شارائىتلار تەرىپىدىن بارلىققا كەلمىگەن. ئىسلام دۇنياسى بىلەن ھېچقانداق مۇئامىلە ـ مۇناسىۋىتى يوق، مەنتىقىسىز ۋە تەبىئىيلىكسىز ھالدا ئۇسۇپلا كىردى.

ئەگەر ئىسلام دۇنياسى ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدەك ئەركىن بولغان بولسا، بازىلىرى ۋە تۇۋرۇكلىرى مۇستەھكەم ۋە

كۆچلۈك بولغان بولسا، بۇ ئېقىملار ئىسلام بىناسىنى تەۋرىتىشكە پېتىنالمىغان ياكى ئاساسىي ئۇقۇملىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمىگەن بولاتتى. ئەگەر شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتى سۈپىتىدە تەسىر قىلىدىمۇ دەيلى، ئاساسلىق ئۇقۇملىرىغا تەسىر قىلمايتتى. بەلكى، بىر بۆلۈك تۈرلىرىگە تەسىر قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇس، بۇ دولقۇن ئىسلام دۇنياسىغا پەشۋا ئاتقاندا، ئىسلام ئالىلىقاچان ياۋروپا ئەھلى سەلىب مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن قول ـ پۇتلىرى چۇشەلگەن، بوينىغا تاقاق ـ زەنجىر كىشەنلەر سېلىنغان، كۆچى ئاجىز، زەئىپلىك ئۈستىگە زەئىپلىك مىنىۋالغان، سەل ئىلگىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئىچكى ئاجىزلىق ئامىللىرى ئۆزىنى ئوچۇق ـ ئاشكارىلىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن تالاي قېتىم زەھەر ئىچۈرۈلۈپ زەھەرلەنگەن بىچارە ھالەتلەرگە كېلىپ قالغان بىر ۋاقىتلاردا يۈز بەردى. قارشى تۇرغۇدەك، تاقابىل تۇرغۇدەك كۆچى، تاللاپ ـ شاللاپ قوبۇل قىلغۇدەك ئىقتىدار قالمىغان چاغلاردا يۈز بەردى. مانا ئەمدى بۇ دولقۇنلار ئېلىپ كەلگەن ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى بويۇن قىسىپ، يۇۋاشلارچە قوبۇل قىلماي نە ئامال ... نە چارە؟!

ياۋروپاچە ئاتىسا بۇ «تەرەققىيات» ئاشۇ يەردىكى كىشىلەر ئويلىغاندەك «مۇقەررەرلىك» بولمىدى. ئۇلار بۇنى خۇددى مۇقەررەرلىكتەك خىيال قىلاتتى. چۈنكى، بۇ دولقۇن بىر ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئاشۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا بارلىققا كەلگەن تەبىئىيلىكنىڭ ۋە مەنتىقىلىكنىڭ نەتىجىسى. شۇنداق تۇرۇپمۇ، بۇ ئېقىم ھەتتا ياۋروپاغا نىسبەتەنمۇ «مۇقەررەرلىك» بولمىدى. ھەتتا، ئاشۇ يەردىكى شارائىتلار ئۈچۈنمۇ مۇقەررەرلىك ـ قەتئىيلىك بولمىدى. ئەگەر ياۋروپا

ئۆزلىرىدىكى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ئىدىيىلەر ئورنىغا باشقا ئىدىيىلەر ۋە باشقا قىممەتلەرنىڭ بارلىققا ئېشىنىشنى خالىغان بولسا، بۇ ئىدىيە ۋە قىممەتلەر بىلەن دولقۇننى توسۇۋېلىشقا ئۇلگۇرگەن ۋە قىيان كەبىي ئېقىشنى تىزگىنلىيەلىگەن بولاتتى.

لېكىن، ياۋروپا ئۇنداق قىلىشنى خالىمىدى. ئۇ يەردىكى مۇقەررەرلىك مۇنداق بولدى: ( إِنَّ اللَّهَ لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنْفُسِهِمْ) «بىر قەۋم ئۆزىدە مەۋجۇد بولغان نەرسىلەرنى، يەنى ياخشىلىقلارني يامانلىققا ياكى يامانلىقنى ياخشىلىققا ئۆزلىرى ئۆزگەرتمىگۇچە، ئاللاھ ئۇلاردا بار نەرسىلەرنى ئۆزگەرتمەيدۇ» (سۇرە رەئدى 11 ـ ئايەت).

قايسى ھالەتتە بولسۇن، بۇ تەرەققىيات پۈتۈن يەر شارىغا نىسبەتەن، خۇسۇسەن ئىسلامغا نىسبەتەن قەتئىي تەلەپ قىلىنغاندەك بولمىسا بولمايدىغان ياكى بولۇشى زۆرۈر دەپ قارالغان مۇقەررەرلىك بولمىدى. تارىختا ئىسلامنىڭ ئېتىقادسىز دۇنياغا دۇچ كېلىشى پەقەت مۇشۇ بىرلا قېتىم ئەمەس. ئىسلامنىڭ پۈتۈن دۇنياغا يۈزلىنىش ۋە ئۇچرىشىشتا ئۇلاردىن ھەممە ساھەدە ئۈستۈن كەلگۈدەك ئۆزىگە خاس ئۇقۇملىرى، قىممەتلىرى ۋە پرىنسىپلىرى بار. ئىسلام ئەنە يۇقىرىقى خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىدۇ ۋە يول ئالىدۇ.

دۇنيانى ئۆز كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئېتىقادلىرى ئۈستىدە قالدۇرۇپ تاشلاپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۇقۇملىرى، قىممەتلىرى ۋە پرىنسىپلىرى بىلەن مۇشۇ دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ دۇنيانى كېتىۋاتقان تۈيۈق يولدىن قايتۇرۇپ، توغرا ۋە ساغلام بولغان يولغا بورايدۇ. ئىسلام دىنى مەيدانىغا كەلگەن دەۋردە پۈتۈن دۇنيا پادىشاھلىرى،

ئىمپېراتورلىرى ۋە ھۆكۈمرانلىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ۋە ئاللاھنى قويۇپ ئۇلارغا چوقۇنۇلغان. مانا بۇ سىياسىي ئۇقۇم ئىسلامغا قارىتا پۈتۈن دۇنيا بويىسۇنۇشقا، دىنى بولۇشقا تېگىشلىك «مۇقەددەرلىك» بولىدىمۇ؟ ياكى ئىسلام ھۆكۈمرانلارغا: «مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىشتا ئاللاھقا ئىتائەت قىلسام، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر مەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىي بولسام، سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلماڭلار» دېيىشنى، ياكى «ئەگەر مەن ياخشى، توغرا ئىش قىلسام ماڭا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر يامان ئىش قىلسام ماڭا تۈزىتىش بېرىڭلار» دېيىشنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بۇ ھاكىملار ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشكەن، بۇ توغرا يولغا ئېرىشكەن ئۇممەت ئىچىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پادىشاھ ۋە ئەمىر-بەگلەرنى نازارەت قىلىش ھالقىسىنى بەلگىلىدى ۋە ئۇلاردىن نازارەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئىسلام مەيدانغا كەلگەندە پۈتۈن يەر شارىنى ئەخلاق بۇزغۇنچىلىقى قاپلىغان، ئەخلاقسىز قىلمىشلارغا توشۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئەخلاقىي ئۇقۇم (بۇ ھەقىقىي تەرەققىيات بولۇشى مۇمكىن) ئىسلامىي جەمئىيەت ئۇنىڭ ئەخلاقىنى بۇزىدىغان ۋە ئۇنى ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرۈۋېتىدىغان مۇقەددەرلىك كۈچىگە ئىگە ئەخلاقىي ئۇم بولىدىمۇ؟ ياكى بۇ جەمئىيەت (ئۆزىگە يەتكەن ھەممە بۇزۇقچىلىقلاردىن قەتئىينەزەر) تاكى مۇستەملىكىچىلەر ۋە مىسسىئونېرلار تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن تولۇق ئىككى ئەسىر «كۈرەش» قىلغانغا قەدەر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ نازاپەتلىك، ئەڭ پاكىزە جەمئىيەت بولۇپ كەلدىمۇ؟!

ئىسلام ئىنسانلارغا ھاكىم، شەرىئەت، يەنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇن ـ تۈزۈملىرى ئورمانلىقتا تەۋە قانۇن ـ تۈزۈملەر، يەنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەپ كېتىدىغان، چوڭلار كىچىكلەرنى يۇتۇپ كېتىدىغان بىر دەۋردە مەيدانغا كەلگەنىدى (ياۋروپا ئۆزىنىڭ يېڭى ئويغىنىش ھەرىكىتىدە «كۆتۈرۈلگەن») بۇ ئىنسانىي چۈشكۈنلۈك ئۇقۇمى ئىسلامغا بېسىم پەيدا قىلىدىغان قەتئىيلىككە ئىگە ئۇقۇم بولغانمۇ؟ ياكى جەمئىيەتتە كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق ھەمكارلىق پرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، بۇ پرىنسىپنى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى ئىجرا قىلىپ كەلدىمۇ؟! ھەقىقەتەن تەرەققىيات ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىجابىي ۋۇجۇدىنى بىكار قىلىپ، ئۆز نەپسىنى ھادىسىلەرنىڭ بىتەرەپ قىلىشىغا تاشلاپ بەرگۈدەك دەرىجىدە مۇھىم مۇقەررەرلىك ئەمەس، مانا بۇنداق بولغاندا ھادىسىلەر ئىنساننى ئۆزىچە يېتىلەپ، ئۇنى بۇ دولقۇنغا يەتكۈزىدۇ. بۇ ھال ئىنسان ئۆزى تەرەپتىن بۇنى رۇسلاشقا ياكى قارشى تۇرۇشقا ئامال تاپمىغۇچە داۋاملىشىدۇ.

مانا بۇ مۇقەررەرلىك ئىنسان ئۇنىڭ ئېقىمىغا، دولقۇنىغا قارشى تۇرۇشتىن تولىمۇ ئاجىز، شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىمۇ، ئەھلى سەلب مۇستەملىكىچىلىرىمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن جايلىرىغا ھۆكۈمران بولۇۋالغاندىن كېيىن بۇ دولقۇنلارغا قارشى تۇرۇشتىن ئاجىز كەلدى.

❀❀❀ ❀❀❀ ❀❀❀

ئەھلى سەلب مۇستەملىكىچىلىرى قۇل قىلىنغان ئىسلام دۇنياسىغا ئىلھام قىلىپ، بۇ تەرەققىيات بولمىسا بولمايدىغان مۇقەررەرلىك، ئۇ ئىلگىرى خەيرلىك ئېلىپ كېلىدۇ دەپ شىۋىرلىدى. ئۇلار شۇ دەرىجىدە ئۇستاتلىق قىلىدۇكى، بۇ بۇزغۇنچى، ۋەيران قىلغۇچى دولقۇنغا قارشى تۇرىدىغان ئەقىدىنىڭ كىچىككىنە قالدۇقلىرى بولسىمۇ مەۋجۇد بولۇشىغا يول قويمىدى. بۇ رەزىل ئىلھام كۈچىيىشكە باشلاپ، زېھىنلەردىن ئورۇن ئېلىپ، بۇ ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتقا قارشى تۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى قالاقلىق، دەۋرنىڭ كەينىدە قالغانلىق، چۈشكۈنلۈك، ئادەم بۇنداق سۈپەتلەرگە مۇپتىلا بولغۇچە! ... قالاقلىقنىڭ بارلىق ئاسارەتلىرىدىن يۇلقۇنۇپ قۇتۇلۇش كېرەك. ئىشقىلىپ، بۇ سەپسەتىلەر كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئەمدى كىممۇ ئۆزىنى قالاقلىقنىڭ شالتاقلىرىغا تاشلىسۇن! بۇنداق سەت، يىرگىنىشلىك ناملارغا ئىگە بولۇشنى خالىسۇن! كىممۇ ئۆزىنى كەينىدە قالغان «جاھانغا باقماس، يۆلىنىشكە قاراپ ئاقماس» بولۇۋېلىپ، توڭ تېزەكتەك جەمئىيەتتە يېتىم قېلىشقا رازى بولسۇن! ئادەم بۇ كاتتا، چوڭ «ئېقىم» بىلەن ماس قەدەمدە مېڭىپ، «چىرايلىق» داڭ ـ تەۋسىپ، نام ـ ئاتاققا ئىگە بولۇپ، تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىقپەرۋەر، مەدەنىيەتلىك، ئالغا ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە ... زاتلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، قالاقلىق ۋە مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ تۆھمەتلىرىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش شەرەپ ئەمەسمۇ؟! بۇ چىرايلىق ئاتاقلار كىمگىمۇ ياقمىسۇن؟! كىمگىمۇ چىرايلىق ئاڭلانمىسۇن؟!

مەن بۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ نەچچە يىللار ئىلگىرى دېڭىز ساھىلىدا يۈز بەرگەن مۇنۇ مەنزىرىنى ئېسىمگە ئالدىم.

«ئوغـۇل دوسـتى بىـلەن دېڭىـز سـاھىلىغا كەلـگەن، ئايالـلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىدىكى ھايانىڭ تولىمۇ ئـاجىز قالدۇقى قالغـان بىـر قىـز سـۈرەتكە چۈشـۈش ئۈچـۈن قـۇم ئۈسـتىدە پـۈتىنى يىغىـپ ئولتـۇردى. سـۈرەتچى قىزنـى «يېڭىلىققا خاس» سۈرەتكە تارتىش ئۈچۈن قىزنـى پـۇتىنى ئەركىن ھالدا ئۈزۈن سۇنۇپ، پۇت ئارىلىقىنى ئـازادە قويـۇپ ئولتۇرغۇزۇشقا ئورۇندى. قىز ئاشۇ كىچىككىنە ھايا بىـلەن رەسـىمچى ئېيتقانـدەك ئولتۇرۇشـقا ئۇنىمىـدى. سـۈرەتچى «ئالله» مەنىسىدىكى شـۇئىدە: «تـوۋا! قىزچـاق، دېھقـان ئوخشىماسىز؟! ئەگەر ئۇنداق بولمىسىڭىز بۇ نېمە قىلىق؟» دېدى.

مانـا بـۇ ھـالەتتە قىزدىكـى تولىمـۇ زەئىـپ، ئۆچـۈش ئالدىدىكى شام نۇرىدەك قالغان غۇۋا شەرمى - ھايا قىزنىڭ نەپسىدىن، چىرايىدىن، ... بەدىنىدىن بىردىنلا يوقالدى. ئۇ يېڭىلىقچە گۈزەل بەدىئىي سۈرەتكە چۈشۈش ئۈچـۈن، يـاكى قالاق دېگەن سەت نامغا قالماسلىق ئۈچۈن «ئەركىن ھالدا» پۇتىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ، پـۇت ئـارىلىقىنى چـوڭ ئېچىـپ ئولتۇردى.

ئەھلـى سـەلب مۇسـتەملىكچىلىرىنىڭ ئېـزىلگەن مۇسـۇلمانلار بىـلەن بولغـان ئەھـۋالى يـۇقىرىقى مەنزىـرىگە ئوخشاش: «سىلەر قـالاق ئـادەملەرمۇ؟ ... يـاكى نـېمە؟». شـۇنىڭ بىـلەن قارشـىلىق يوقىلىـدۇ، ئـورنىنى تەسلىمچىلىك ئىگىلەيدۇ.

ياۋروپا «مەدەنىيىتـى» ئەقلـى، ئىرادىسى ۋە تەدبىـرى تارتىۋېلىنغـان ئىسـلام دۇنياسـىنىڭ تەۋەلىكلىرىـدە «مۇقەررەرلىك» سۈپىتى بىـلەن ئـۆز يولىـدا راۋان ماڭـدى. مەسىلەن، «سانائەتلىشىش»نى مىسالغا ئالساق، ئۇ ئۆزىنىڭ

نۇرغۇن تەرەپلەردە پۈتۈن دۇنياغا خەيرلىك بولغان تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ، ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرى سانائەتنىڭ ئىسلامىيەت دەرۋازىلىرىدىن ئۆتۈپ ئىسلام رايونلىرىدا ئورۇن ئېلىشقا كەڭچىلىك قىلدىمۇ؟ ياكى پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇپ ئىسلام دۇنياسىغا سانائەت كىرىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالدىمۇ؟! ئىسلام دۇنياسىدا ئۆز غەرەزلىرى ۋە مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيانى سانائەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا قالدۇردىمۇ؟!

خۇلاسە گەپ، تەرەققىيات نامىدا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دىنىنى ۋە ئەخلاقىنى بۇزىدىغان نەرسىلەرنىڭ قىستالماي كىرىشى ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇش ۋە كۈچىنى پارچىلاشتىكى غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى. مانا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە گەرچە بۇ تەرەققىيات تارقىلىشى «مۇقەررەرلىك» دەپ ئاتالغان ئالەمشۇمۇل تەرەققىيات بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەۋە كۈچ ۋە مۇۋەپپەقىيەت ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەرقاندىقىنىڭ كىرىپ قېلىشى چەكلەندى.

مانا بۇ ئېيتقانلىرىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ زېھنىدە ساقلىنىپ قالغان كېرەكسىز ئەخلەت، مەسىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئېنىقلىققا ئىگە قىلىدىغان بىر مىسال بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار «تەرەققىيات» ۋە «مۇقەررەرلىك» توغرىسىدا مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئازدۇرمىلىرىغا ماس تەپەككۇر قىلىدۇ.

بىز يورۇتۇشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە قالدى. ئۇ بولسىمۇ ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرى ئىسلام دۇنياسىنى

مەجبۇري ھالـدا كۆتـۈۋېلىش ئۈچـۈن دەرۋازىلىرىنـى يوغـان ئاچقىلى سالغان ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان قارشىلىق ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەنئىي قىلغـان ۋە بىتچىت قىلغـان، قـالاقلىق، خۇراپىيلىـق، مەدەنىيەتـسىزلىك، قاتمـاللىق ... نـاملار ئاسـتىدا كىـشىلەرنى قـايمۇقتۇرۇپ كەلـگەن. بـۇ «ئالەمـشۇمۇل دولقـۇنلار»نىـڭ نېمىلىكىنـى تونۇشىمىزدۇر.

ﷺ ﷺ ﷺ

تونۇلغىلى ئىككى ئەسىردەك بولغان بۇ «تەرەققىيات»نى بىـر نەچـچە بەتلىـك ئابزاسلاردا خۇلاسـىلەش ئاسـان ئىـش ئەمەس.

مەن «تەقلىدلەرگە جەڭ» دېگەن كىتابىنىڭ «تارىخ بىلەن جەۋلان قىلىـش» دېـگەن پەسـلىدە، ئـون توققـۇزىنچى ۋە يىگىرمىنچـى ئەسـىردە ياۋروپـا ئىـشلىرىنىڭ قانـداق يۇرۇشكەنلىكى، قانداق بولۇپ دىندار ۋە دىنىـي ئاساسلارغا تايانغان مەدەنىيىتى بار ۋە ئۆرپ-ئادەت ئەنئەنىلىرى بار بىر خەلقتىن (ئۇلاردىكى بۇ دىن قانداق بولسۇن، مۇشۇ دىندارلىق ۋە ئۇنى مۇستەھكەم تۇتـۇش، ئەنـئەنىلەرگە رىئـايە قىلىـش قانـداق بولـسا بولـسۇن) ئەقىـدىسى يـوق، ئەخلاقـى يـوق، ئەنئەنىلىرى يوق مىللەتلەرگە ئايلىنىـپ قالغـانلىقى ... ئاللاھنى يـوق دەيـدىغان، ھەمـمە ئىـشتا مـاددىنى ئاسـاس قىلىـپ، ماددا بىرلەمچى ئىكەندا ياشايدىغان، بويۇنتۇرۇقلارنىڭ ھەممىـسىدىن ئـۈزۈپ قۇتۇلغـان، پەسـكەش ھـايۋانلارچە

مەنپەئەتكە ـ لەززەتكە غەرق بولۇپ كەتكەن بىر خەلقنە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلغانىدىم.

تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ ئېنىق لاھىيەسىنى شەكىللەندۈرگۈچىنىڭ دارۋىن ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق ئېيتقانىدىم.

دارۋىن 1809 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1859 ـ يىلى «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابنى، 1871 ـ يىلى «ئىنساننىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابنى نەشىر قىلدۇرغان.

دارۋىنىزم دەسلەپتە كىشىلەرنىڭ ئەقىدىلىرى توغرىسىدا قاتتىق تەۋرىنىشلەرنى پەيدا قىلغان. چۈنكى، ئىنساننىڭ دىن ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان ئۇقۇمى شۇكى، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئالاھىدە جانلىق، ئۇنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى: ئۇ روھ ۋە ئاڭغا ئىگە. مانا بۇ ھەقىقەتكە روھىي ۋە مەنىۋى، دىنىي ۋە پىكرىي قىممەتلەر ئەگىشىپ كېلىدۇ. بۇ قىممەتلەر ھايۋانلار دۇنياسىدا تېپىلمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ بۇ قىممەتلەرنى قانچىلىك دەرىجىدە چىڭ تۇتىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتمىغانىدىمۇ، قايسى ھالەتتە بولمىسۇن، بۇ قىممەتلەر كىشىلەردە «مەۋجۇد»، ھېچبولمىغاندا كۆڭۈلنىڭ تېگىدە مەۋجۇد. مانا بۇ مەۋجۇدلۇق ئىنساننى ئازراق، كىچىككىنە بولسىمۇ ئىچكىگە يوشۇرۇنغان ھايۋانىيلىقتا ئەركىن يۈرۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

لېكىن، دارۋىن نەزەرىيىسى ئىنساننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا ھايۋاندىن ئۆزگىرىپ بارغانلىقىنى، ... ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلدى.

ئۇ ئەلـۋەتتە هـايۋان، ئـاللاھ ئۇنـڭغـا ئـۆز روھـىـدىن پۈۋلـىـمىدى. ئۇنىڭ يارىتىلىشىغا ئالىي كۈچ ئارىلاشمىدى. ئۇ بـىـر هايۋانـدىن يەنە بـىـر هايۋانغـا ئۆزگـىرىـپ، تەرەققىيـات جەريانىدا ئاخىرى ئادەمگە ئايلاندى. نەچچە مىليـارد يىلـلار ئىچىدە ئاستا تەرەققىي قىلىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەرسـىـلەردىن باشـقا، ئۇنىـڭ هايۋانـدىن هېچقانـداق ئارتۇقچىلىقى يوق.

دارۋىـن بىـلەن چېركـاۋ ئوتتۇرىـسىدا ئىنـسان ئىش-مەسىلىسى توغرىلىق قاتتىق، دەھشەتلىك قارىمۇقارشىلىقلار بارلىققا كەلدى. چېركاۋ ئۇنى خۇداسىزلىق ۋە كۇفرى بىلەن ئەيىبلەيتتى. ئۇ چېركاۋنى خۇراپاتلىق ۋە جاهالەت بىـلەن ئەيىبلەيتتى.

كۆپ ساندىكى كىشىلەر باشتا چېركاۋ بىلەن بىر سەپتە تۇردى. چۈنكى، ئۇلارغا دارۋىننىڭ ئىنساننى هاقارەتلىشى، ئـۇنى هايۋانىيلىققـا تەۋە ماددىنىـڭ ئەسلىگە قـايتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئالىيلىققا تەۋە روھىنىڭ پۈۋدەلگەنلىكىنى يوققـا چىقىرىپ، ئىنساننىڭ كائىناتتا تۇتقان يۈكسەك ئورنىنى تارتىۋېلىشى دېگەندەك ئىشلىرى ئېغىر تۇيۇلدى.

لېكىن، بۇ كىشىلەر ئاىرى دارۋىننىڭ سېپىغا قايتىپ كېلىپ چېركاۋغا قارشى ئۇنىڭ پىكرىنى قوللىدى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە چېركاۋلار مەسىھلەر تەبىئىتىگە ئىلهام بەخـش ئېتـىدىغان رەهـمەت ۋە خۇداگۇيلۇقنىـڭ مەنـا-ئۇقـۇملىرىنى دۇنيانىـڭ خـار-زەبـۇن قىلغـۇچى، ئەزگـۈچى هاكىمىيەتلەرگە ئۆزگەرتىۋەتكەن، كىشىلەرنى قەهرى-غەزەپ بىلەن چېركاۋ رەهبەرلىكىگە بويسۇندۇرىدىغان، مۇقەددەس دىن نامىـدا كىـشىلەرگە ئىقتىـسادىي، روهـىـي ۋە پىكىرىـي جەهەتلەردىن تۈرلۈك بېسىملار كەلتۈرگەن، چېركاۋ زېمىنىغا

ھەقسىز ئىشلەرنى يولغا قويغان، تۇرلۇك ئالۋاڭ ـ سېلىق، ھاشار ۋە باج تۈزۈملىرىنى يۈرگۈزگەن. چېركاۋ ۋە چېركاۋ ئەھلىگە مۇتلەق بويسۇنۇش تەلەپ قىلىنغان، ئاسماننىڭ سۆزى نامىدا مەلۇم پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىشنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن. بۇ پىكىرلەرگە قارشى چىققۇچىلارنى خۇداسىزلىق ۋە كۇفرىلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەپ جازالىغان.

خۇلاسە، چېركاۋلار ھەقسىز ۋە يولسىزلىق بىلەن كىشىلەرگە بىنورمال قائىدىلەر، ئىجرا قىلىشقا تاقەت يەتمەيدىغان پرىنسىپلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، كىشىلەرنى دىندىن ۋە دىن ئەقىدىسىدىن زېرىكتۈرۈپ بەزدۈرگەن، جان ـ جەھلى بىلەن ئۆچ كۆرۈشكە سەۋەب بولغان تۇرلۇك ئالۋاڭ ـ سېلىق ۋە كىشىلەرنىڭ قان ـ تەرىنى شورىۋېلىش سىياسەتلىرى بۇ دىن ۋە دىندار پوپ راھىبلارغا قارشى ئىچكى ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغان. ئۇلارنىڭ قولىدىكى دىن كىشىلەرنى قۇل قىلىشنىڭ دەستىكىگە ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ سانلىق ئېزىلگۈچى، ھاقارەتلەنگۈچى، خورلانغۇچى كىشىلەر چېركاۋنىڭ ئۆزلىرىگە ناھەق پەرز قىلغان ھاقارەتلىك قائىدىلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دارۋىننىڭ «ئىنسان»غا بىھۆرمەتلىك قىلىشىدىن قەتئىينەزەر چېركاۋغا قارشى «تەدرىجي تەرەققىيات» سەپسەتىسىگە ھەمكارلاشقان.

ئىشلار (تولۇپ تاشقان غەزەپ ۋە قىزغىنلىق ئىچىدە) مۇقەددەسلىكى قانداقلا بولسۇن، «ئىنسانىيەت»نىڭ ۋۇجۇدى دەپ سۈپەتلەنگەن چېركاۋلارنى پاچاقلاپ تاشلاش بىلەن توختاپ قالماي، ... دىننى پاچاقلاپ تاشلاش ۋە دىنغا ئالاقىدار بارلىق ئۇقۇملار ۋە مەنالاردىن چىقىپ كېتىش بىلەن ئاخىرلاشتى.

ياۋروپا ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ تىپىك رۇملۇققا ئايلاندى. خۇداسىز، بۇتپەرەست، ماددىزمچى، ئاتىئىزمچىلارغا ئايلاندى. ماددا بولمىسا، سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان بولسا ئىشىنىدىغان، بولمىسا ئىشەنمەيدىغان بولدى. ماددىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ چاقىرىقىنى تىڭشىمايدىغان، ئىجرا قىلمايدىغان بولدى.

ماددىي جەھەتتىكى ئاشۇ دولقۇنلار كېڭىيىپ ھەممە تەرەپلەرنى ۋە ھەممە ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالدى ... سىياسىي، ئىقتىساد، دىن، ئەخلاق، ئەنئەنىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بولىدىغان مۇناسىۋەتلىرى، ئالاقىلىرى ماددىي نۇقتىدىن قارالدى ... تارىخ ماددىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈلدى. ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى جىنسىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈلدى.

ھەر ئىككىلىسى دارۋىنىزمنىڭ ئىنسانغا بولغان ئۇقۇمىنىڭ سوزۇلۇشىدىن بولغانىدى. تارىخنى ماددىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش پۈتۈن ھاياتلىقنى ماددىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش بولدى. ئىنسانىيەت تارىخى يېمەك-ئىچمەك ئىزدەشتىن ئىبارەت تارىخقا ئايلاندۇرۇلدى. ماددىي كۈچ ئىنساننىڭ ھاياتىنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭ پىكىرلىرى ۋە ئەقىدىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. پىكىرلەر، ھېس-تۇيغۇلار ۋە ئەقىدىلەر ئۆزلۈك زاتى-قىممىتىگە ئىگە ئەمەس. ئۇ كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئەمەس. ھايات رېئاللىقىدا ئۇلارنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنىڭ چېرتىيوژلىرىنى سىزىپ بەرگۈچىمۇ ئەمەس. بەلكى، ئۇ ئىقتىسادىي ۋە ماددىي «تەرەققىيات»نىڭ لايىقى ۋە ئۇنىڭغا باغلانغۇچى ئىدى. ئۇ يەردە ئىسمى دىن دەپ ئاتىلىدىغان، ياكى ئەخلاق دەپ ئاتىلىدىغان، ياكى ئەنئەنىلەر دەپ ئاتىلىدىغان تۇراقلىق

قىممەتلەر يوق. قىسقىسى، مۇتلەق ھالدا ھېچقانداق تۇراقلىق نەرسە يوق، ئۇ يەردىكى نەرسىلەر ھەر لەھزىدە ئۆزگىرىپ، ئالمىشىپ تۇرىدۇ.

ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان، ئۆزىدىن باشقا دەۋرلەرگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان چۈشەنچىلىرى ۋە قىممەتلىرى بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىدا ... دىن، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىلەر فېئودالىزم دەۋرىنىڭ ئۇقۇملىرى ۋە ئاشۇ دەۋرنىڭ زۆرۈر تەقەززالىرى ... ئەمما، سانائەت دەۋرىگە دىن، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىلەر كېرەك ئەمەس. بۇ ئازادلىق دەۋرى، ئەركىنلىك دەۋرى. ئۇ ئۆزىگە ھۆكۈمران بولغان سايمانغا ئوخشاش، يېڭى ئۇقۇملار، چۈشەنچىلەر ۋە يېڭى «ئەخلاق»نى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ يېڭى ئۇقۇملار ئىچىدە دىن دېگەن گەپ يوق. چۈنكى، ئىنسانىيەت ئىلىم-پەن ۋە سانائەت دەۋرىدە دىنىنىڭ چېگرا-سىزىقلىرىدىن ھالقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ دىن ۋە ئۇنىڭ خۇراپاتلىرىنىڭ ئەپسانە ھېكايە-چۆچەكلىرىگە ھاجىتى قالمىدى. ئۇ كۆزدە كۆرگىلى، قولدا تۇتقىلى بولىدىغان رېئاللىق دۇنياسىدا ياشاۋاتىدۇ. ھېسلار ۋە سەزگۈلەر رېئاللىقىدا ياشاۋاتىدۇ. دىنىي ۋە «مېتافىزىكىلىق» پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھېسلار ۋە سەزگۈلەر ئارقىلىق بىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ «ئۆسۈشى» ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ماس كەلمەيدۇ. ئۇ قايتىش مۇمكىن بولمايدىغان يىراق ئۆتمۈشنىڭ يالدامىسى، قالدۇق تەسىرلىرى.

ئىنسانىيەتنىڭ پائالىيەتلىرىنى جىنسىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈشنىڭ مەزمۇنى شۇكى، ئىنسانىيەت ئېلىپ

باردىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى جىنسىيەتكە باغلاپ چۈشەندۈردى.

بۇۋاق جىنسىي لەززەت بىلەن ئېمىدۇ، جىنسىي لەززەت بىلەن سىيىدۇ ۋە چوڭ تەرەت قىلىدۇ. باش مالتىقىنى جىنسىي لەززەت بىلەن شورايدۇ. ئانىسى تەرەپكە جىنسىي مايىللىق بىلەن ئىنتىلىدۇ. «دادا» بالىدا ئانىسىغا مايىل ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئەنە شۇ جىنسىي ئاشىقلىقتا توسقۇنلۇق قىلسا، بالىدا ئانا تەرەپكە مايىللىق بارلىققا كەلگەن جىنسىي تۇيغۇ-سېزىملار ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، روھىي جەھەتتىن سىقىلىش ياكى تارتىنچاقلىق ئۆسۈپ قالىدۇ. مۇشۇ ئېغىر بېسىم ۋە ئۆسمىلەردىن «قىممەت»لەر بارلىققا كېلىدۇ. دىن، ئەخلاق، ئەنئەنە ۋە ئىدىيە-ۋىجدان بارلىققا كېلىدۇ. لېكىن، جىنسىي تۈرتكە-ئىنتىلىش ھەردائىم ئاشۇلارنىڭ كەينىدە ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى تۈرتكە بولۇپ ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دىن، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن «روھىي بېسىم» زەھەرلىك ۋە پىسخىكا ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن روھىي ۋە ئەسەبىيلىك ئىزتىراپلار ۋە گومۇشلۇق كېسىلى، روھىي كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. ئىنسانىيەت پىسخىكىسىدىكى چېلىشىشلاردا ئىنساننىڭ روھىي جەھەتتىكى ئاكتوئاللىقىنى بىھۇدە چېرىتىپ تاشلايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەتنى ھەرخىل ناملار ئاستىدىكى (دىن، ئەخلاق، ئەنئەنە ناملىرى ئاستىدىكى) زەنجىر-كىشەن ۋە تاقاقلاردىن قۇتۇلۇپ ئەركىن پەرۋاز قىلىشى ئۈچۈن بۇ بېسىمنى (جىنسىي مايىللىقنى) ئەركىن قويۇۋېتىپ، دادىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراتماسلىقى كېرەك.

ياۋروپادا يېڭى «تەرەققىيات» مۇشۇ ئىككى ئۇقۇمدىن يولغا چىقتى.

ئۇ ئۇزۇپ ھايۋانىي ئاساسقا تايىنىپ چىقتى.

چۈنكى، ياۋروپا دارۋىن تەپسىر قىلغاندەك نەخ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ھايۋانىي «ئىنسان»نىڭ ئۆزى بولغاندى. بۇنىڭدا ھېچقانداق زىيادىلىك يوق. مانا بۇ ئىساننى ئىنسانىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرمەي، ھايۋانىيلىقتا تەۋە ماددىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈلگەن بۇ ئۇقۇملار ياۋروپادىكى ۋە باشقا جايلاردىكى دارۋىن تارىختا ئىبارە ئىشلەتكەن ھايۋانىي ئادەملەرگە لايىق، ئاشۇلارغا مۇناسىپ. ياۋروپا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى تۆۋەنگە سىيرىلىش، دىن، ئەخلاق، ئەنئەنە ئۇقۇملىرىدىن ئۇزۇل-كېسىل قوپقۇرۇق بولۇش ھەرىكىتىدە بىنورمال، تەرتىپسىز ھالدا سىيرىلىپ چۈشتى. مانا بۇ سىيرىلىپ چۈشۈشتە ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىكى روھىي، دىنىي ۋە ئەخلاقىي قىممەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى. پۈتۈن ھاياتلىق ماددا ... ھاياتلىق پۈتۈن لىنىيە بويىچە ھايۋانلارچە مەنپەئەتلىنىشكە ئۆزگەرتىلدى. چۈنكى، دارۋىنىزمچىلارنىڭ قارىشىدا دىن، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىلەر ماددىي تەرەپكە نەزەر سېلىشقا قارشى، ھايۋانلارچە مەنپەئەتلىنىشكە قارشى «توسۇق»لار ئىدى. ئۇنداق بولغانىكەن، بۇ توسۇقلارنى يۈز-خاتىرە قىلماستىن، ئىچ ئاغرىتماستىن دەل ۋاقتىدا چېقىپ تاشلاش كېرەك. بۇ توسۇق پەيدا قىلغان «رىشاتكا»لارنى چېقىپ تاشلاش جەريانىدا «ئىلمىي» نەزەرىيىلەر، ئىلمىي تەتقىقاتلار ۋە ئىلمىي تەجرىبىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. ... ئىلمىي نەزەرىيىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دىننى خۇراپاتلىق،

خۇراپىيلىق، ... خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن دېيىش كېرەك.

ئەخلاقنى بولسا ئىنسانىيەتكە زىيانلىق كىشەنلەر ۋە بويۇنتۇرۇقلار دېيىش كېرەك. ئەنئەنىلەرنىچۇ؟! ھازىرقى «گىگانىت ئەۋلادلار» تىتما-تىتما قىلىۋېتىشكە تېگىشلىك چېرىپ كەتكەن كونا لاتا دېيىشىك كېرەك.

نەزەرىيىلەرنىچۇ؟! سەن دەيسەن: جىنسىي مۇناسىۋەت «بىئولوگىيىلىك» ھەرىكەت، ئۇ «فىزىئولوگىيىلىك» ئېھتىياج، ئۇنىڭ ئەخلاق بىلەن ئالاقىسى يوق، بارلىق ئوغۇل-قىز ياشلار ئۆزىدە قوزغالغان جىنسىي شەھۋەتنى ئىستېتىك زوق بىلەن ئېلىپ بېرىشقا «تېگىشلىك». چۈنكى، جىنسىي مۇناسىۋەت «تاماق يېگەن»، «سۇ ئىچكەن»، «كىيىم كىيگەن» بىلەن ئوخشاش ئىش. ئۇلار كۆڭۈلنى تىنجىتىش، ئەسەبلەرنى پەسەيتىش، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تولۇق لەززەتلىنىش ئۈچۈن تارتىنىپ ئولتۇرماستىن، بۇ پايدىلىق نەتىجىلىك ئىشنى قىلىشقا ئەركىن ئاتلىنىش كېرەك؟! بۇ ئۇقۇملار غەرب جەمئىيىتىگە سەل كەبىي شىددەت بىلەن ئاقتى.

ئۇ بىرەر توسۇقتا توختاپ قالمىدى. ياۋروپا ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ: «مانا بۇ ‹تەرەققىيات›، مانا بۇ ‹مۇقەررەرلىك›، بىرەر كۈچنىڭ ئۇنىڭ يولىدا تۇرۇۋېلىپ پۈتلىكاشاڭ پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ يولىدا توغرا تۇرۇپ پۈتلىكاشاڭ پەيدا قىلغۇچىلارنى ...، نېمىدەپ ئاتاش كېرەك؟! ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ كەينىدە قالغان، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ كاللىسى بويىچە ياشايدىغان، قالاق، قاتمال، كەج، مەدەنىيەتسىز، كاللا ئىشلەتمەيدىغان

دۆت، ھاۋاقتى، ئۇلار غەرەز ئۇقمايدىغان، چۈشەنمەيدىغان كالۋا ئادەملەر دەپ ئاتاش كېرەك؟!

شەرقتىكى قولچۇماقچىلارمۇ ئاشۇلارنى دورىدى. ئۇلار نېمە دېسە شۇنى بىلجىرلىدى. ئۆز-ئۆزىگە «بۇ توغرىمۇ ياكى خاتامۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ باقمىدى. بۇ نەزەرىيە غەربلىكلەر ھاياتىغا ماس كەلگەندەك ... شەرقلىكلەر ھاياتىغا ماس كېلەمدۇ، يوق؟ ئەگەر ئاشۇ جەمئىيەت ۋە ئاشۇ يەردىكى مۇھىتقا مۇناسىپ تەبىئىي ئۆسۈملۈك بولغان بولسا، بۇ مۇھىت ۋە شارائىتقا نىسبەتەن مۇناسىپ كېلىدىغان تەبىئىي ئۆسۈملۈكمۇ، ئەمەس؟ ھېچ ئويلىنىپ كۆرۈلمەي ... سوئال قىلىنىپ كۆرۈلمەي قوبۇل قىلىندى.

ئۇلار ئۆزىدىن سوراپ باقمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە بۇ نەزەرىيىگە قارىتا قۇللۇق شەكىللىنىپ بولغانىدى. قۇللارنىڭ خوجايىنلار بىلەن ئۇلار دېگەن گەپلەر، ئۇلار قىلغان ئىشلار توغرىسىدا سوئال سورايدىغان، زاكۇنلىشىدىغان، گەپ تالىشىدىغان ئىش نەدە بار؟! ئۇلارغا بۇنداق جۈرئەت قەيەردىن كېلىدۇ؟! ياۋروپانىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشى مۇمكىنمۇ؟! خوجايىنلارنىڭ خاتالىششى مۇمكىنمۇ؟! ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇللار تۇرسا، قۇللار بىر نەرسىنى ئۇقامدۇ؟ ياق! ئۇنداق ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئىشلار ھەرگىز بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى. سوئال-جاۋاب ۋە مۇھاكىمە بولمايدىغان ھېچنەرسە مەۋجۇد ئەمەس. پەقەت غەربتىن ئىمپورت قىلىنغان ساياق پىكىرلەر ۋە ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى مۇنازىرىسىز، تەكشۈرۈلمەي قوبۇل قىلىندى. غەربلىكلەر كاتتا ئۇسكۇنىلەر ۋە ئەسلىھە-سايمانلارغا ئىگە، بىز ئىگە بولالىدۇقمۇ؟ ئىلىم-پەنگە ئىگە، بىز ئىگە بولالىدۇقمۇ؟ كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە، بىز ئىگە

بولالىدۇقمۇ؟ ئۇلار بىزنى ئىگىلىۋالدى، بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولالىدۇقمۇ؟!

ياق! ... ياق! ...

غەرب دىن يوق دېگەن بولسا دىن يوق، ئەخلاق يوق دېگەن بولسا ئەخلاق يوق، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەنئەنىلەر يوق دېسە ئۇ يوق!

سىلەر قالاق، مەدەنىيەتسىز كىشىلەرمۇ ياكى نېمە؟!

تەرەققىي قىلساڭلار، ھەزارەتكە ئىگە بولساڭلار، ئالغا ئىلگىرىلىسەڭلار بولمامدۇ؟!

تەرەققىي قىلمامسىلەر؟ ھەزارەتكە ئىگە بولمامسىلەر؟ ئالغا ئىلگىرىلىمەمسىلەر؟

بۇنىڭ ئۇچۇن بىرىنچى بولۇپ ئىسمى دىن دەپ ئاتالغان چېرىپ كەتكەن كونا لاتا ـ پۇتىنى، ئىسمى ئەخلاق دەپ ئاتالغان دەۋردىن قالغان كونا كېشەنلەر ۋە بويۇنتۇرۇقلارنى چۆرۈپ باشتىن ئېگىز ئاتتۇرۇپ تاشلىۋېتىش كېرەك! ئەنئەنىلەر ئاتالغان قاشاقلىقنىڭ سىمۋولى ... ئاڭلىسىلا ھۆ بولۇپ قۇسقۇسى كېلىدىغان قاتماللىق، كونا رەسمىيەت قائىدىلەرنىچۇ؟! ... تۇفى! ... خەپ! ... قانداق قىلارمەن سېنى! ... يۇرۇڭلار! ... ئەركىنلىككە ئېرىشىڭلار! بوينۇڭلارغا بويۇنتۇرۇق، پۇت ـ قولۇڭلارغا كېشەن، يولۇڭلارغا توسۇق بولۇۋالغان بۇ رودىپايلارنى چېقىپ تاشلاڭلار؟! ئەي ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان باھادىر ئوغۇل ـ قىزلار! سىلەرنى ئائىلەڭلار كېشەنلەپ تۇرغان چېرگىندى تەقلىدلەرگە قارشى چىقىڭلار! ئائىلەڭدىكىلەر قالاق ئادەملەر، سىلەر بولساڭلار خۇراپاتلىققا ئىشەنمەيدىغان، مەدەنىي، زامانىۋى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان باھادىر ئەۋلادسىلەر.

سىلەر غەربلىكلەرنى دوراڭلار، ئۇلار قىلغاندەك قىلىڭلار، دوست تۇتۇشلار توغرا، ئۆزئارا ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشلار توغرا، قوچاقلىششلار توغرا، سۆيۈشۈشلەر، «يوشۇرۇنچە» جىنسىي مۇناسىۋەتلەر، بولارنىڭ نېمىسى يامان! جىنسىيەت ئالدىدا ئاز-تولا كۆچىسەڭلار نېرۋاڭلارنى راھەتلەندۇرەلەيسىلەر، ئارام ئالدۇرالايسىلەر؟!

ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرى بىر پەشۋاغا يارىمايدىغان، نېمە دېسە ئېغىزىنى ئېچىپ ئىگىلىپ تۇرىدىغان بۇ لەببەيچى، ماڭقۇرت قولچۇماقچىلارنى مەسخىرە قىلغان ھالدا، جاپا تارتىشتىن دەم ئالغان بودەك قوللىرىنى سىيلاپ ئولتۇردى ۋە مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئاشۇ چاكارلارنىڭ قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن خۇشھال! چۈنكى، بۇ غالچىلار مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى يەڭگىللىتىپ، بەلكى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، ئۇلارنى دەم ئېلىشقا چىقىرىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇلار بۇرۇنقىدەك جاپا-مۇشەققەتلەرنىڭ نەچچىدە بىرىنى تارتمىسىمۇ، كرېسلودا ئارام ئېلىپ ئولتۇرسىمۇ ئىشلىرى جايىدا يۈرۈشۈپ مېڭىۋېرىدۇ.

توغرا! ياۋروپا ئۆزىنىڭ يىرگىنىشلىك ھايۋانىي بىھۇشلىقىدا تۇرۇپ، بۇ ھايۋانىي چۈشكۈنلۈكنىڭ تەرەققىيات، ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە يۈكسىلىدىغانلىقىغا ئىشەندى. لېكىن، ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ ياۋروپا تېخىچە پۈتۈن تەرەپلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغىنى يوق. ھېلىھەم ئۇلاردا ھەقىقىي «پەزىلەت»لەر مەۋجۇد. بۇ پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ ئوچۇق نامايەندىلىرى «ھەرىكەتچانلىق»، «نەتىجە قازىنىش روھى» ۋە «ئىنتىزامچانلىق»، «تىرىشچانلىق ئۈستىدىكى قاتتىق جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش»، «قارشىلىققا ئۇزۇن مۇددەت بەرداشلىق بېرىش» ... قاتارلىقلار ... ئاشۇ

پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى چۈشكۈنلەشتۈرگۈچى، ئەخلاقىي بۇزغۇنچىلىق دولقۇنلىرى ۋە ئېچىنىشلىق شەرمەندىلەرچە ھايۋانىيلىق دولقۇنى بىلەنمۇ تامامەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىدى (ئەگەر ئۇ يەردىكى تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى «مۇقەررەرلىك» دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بولسا، شۇنىڭدىن كېيىن فرانسىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىچكى دۇنياسى گۇمران بولغان رايونلار بارلىققا كەلدى). ئەمما، قۇل قىلىنغان شەرق ئۇنىڭدا مۇشۇ «تەرەققىيات»نىڭ ھەممە يۈكلىرىنى ئۈستىگە ئالغۇدەك، كۆتۈرۈپ كېتەلىگۈدەك، بوشىشىپ قالمايدىغان، ئازراق مۇددەتتىن كېيىن يېمىرىلىپ كەتمەيدىغان ئاشۇ پەزىلەتلەردىن بىرەرسى بارمۇ؟!

تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقى سىياسىتىدىكى بۇرۇنقى كونا ئاجىزلىق، ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرى سايىسى ئاستىدىكى چاپلاشما ئاجىزلىق، پائالىيەتچان، ھەرىكەتچان، جانلىق كۈچ بولغان كۆندىكى ئىسلامدىن كېلىپ چىققان، يەر شارىدىكى ھاياتلىقنىڭ ھەربىر شاخ ـ پۇتاق ۋە ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا قەدەر ئىلىم، ھەرىكەت، نەتىجە، پەتىھ ۋە ئازادىچىلىك يەتكۈزۈپ بەرگەن كۆندىكى ئىسلامدىن كېلىپ چىققان قەدىمكى ئۆزلۈك پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى.

شەرق بۇ «تەرەققىيات»قا يەنە بىر تەرەپتىن ئېھتىياجلىق ئىدى. تارتىۋېلىنغان ئىنسانىيلىقى پاچاقلاپ تاشلانغان كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۆزلىكىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن سالدۇرۇۋېلىنغان ئىززەت ـ نەپسى، ھۆرمەت ـ ئېتىبارى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنبەسى، يىلتىزى ئۈستىمە، كۆڭۈلنىڭ قات ـ قېتىدا ھاياتىي كۈچكە، ئەمەلىي

ھايات رېئاللىقىدا ئەمەلىيلەشكەن جانلىق ھەرىكەت كۈچىگە ئىگە بولغان ساپ ئىسلامىي كۈچ سۈپىتىدە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن تەرەققىي قىلىشقا موھتاج.

مۇستەملىكىچىلەر بىتچىت قىلىشقا، ھەرقاچان ئالدىنئالا ئەجەللىك زەربە بېرىشكە دەرىجىدىن تاشقىرى ئەھمىيەت بەرگەن ۋە رىغبەت قىلغان نىشان دەل مۇشۇ نۇقتىنى نىشان قىلغان ئىسلامىي ھەرىكەتلەردۇر.

ئەمما، ھايۋانىيلاشقان ياۋروپا «تەرەققىياتى»نىڭ ئىقىپ كىرىش ئۈچۈن مۇستەملىكىچىلەر دەرۋازىلارنى ئۆلۈغ ئېچىۋېتىدۇ. ئۆزلىرى بۇنىڭدىن ئىلگىرى «مەدەنىيەتلىك زىيالىيلار قوشۇنى» قىلىپ بىر قوللۇق تەربىيىلەپ چىققان، زەھەر ئىچۈرۈۋېتىلگەن ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ چەت، يىراق جايلىرىغا قەدەر زەھەرلەش ئۈچۈن تەييارلانغان ياللانما، ئىجارىكەش قۇللىرى ئىچىدىن ئاتارمەن-چاپارمەن غالچىلىرىنى تاللاپ چىقىرىپ، ئاتالمىش مەدەنىيەتنىڭ بۇزۇق كاناي-سۇنايلىرىنى چالدۇرىدۇ.

*********

بىز ياۋروپاغا قايتىپ ئۇ يەردىكى تەرەققىيات بىلەن يولغا چىقايلى!

دارۋىنىزمنىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئۇقۇملىرىدىن «دۇنيانىڭ ماددىي بۇيۇملىرى»غا ھەددىدىن زىيادە قىزىقىش ئۆسۈپ يېتىلدى.

ماددىي تاۋارلارنى ياخشى كۆرۈش قەدىمدىن بېرى ئىنسانىيەتنىڭ تۇغۇلما خاراكتېرى، تەبىئىتى بولۇپ كەلدى:

( زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا ) «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن-كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر» (سۈرە ئال ئىمران 14- ئايەت).

توغرا، مەنپەئەت تاۋارلىرىنى ياخشى كۆرۈشتە يېڭى نەرسە يوق، لېكىن دىنلار ۋە روھىي قىممەتلەر داۋاملىق مەنپەئەتلەرگە بولغان تەبىئىي قىزىقىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ھەرىكەت مەسئۇلىيىتى قىلىپ ئۈستىگە ئالغان. بۇ تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە بۇ تەبىئىي رىغبەتنى قويسا، يەنە بىر پەللىسىگە يەر شارىدىكى تاۋارلاردىن تېخىمۇ ئۈستۈن، تېخىمۇ مەڭگۈلۈك قىممەتلەرنى قويىدۇ: (وَاللهُ عِندَهُ حُسْنُ الْمَآبِ ○ قُلْ أَؤُنَبِّئُكُم بِخَيْرٍ مِّن ذَلِكُمْ لِلَّذِينَ اتَّقَوْا عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَأَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَرِضْوَانٌ مِّنَ اللهِ ... ) «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىسىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك)، (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرى ۋە نېئمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھوزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە ئاللاھنىڭ رىزاسى بار» (سۈرە ئال ئىمران 14 ـــ 15- ئايەتلەر).

دىنىنىڭ چېگرا دائىرىسى ئىچىدىكى ھاياتلىق، بولۇپمۇ ئىسلامىي پىكىر چېگرا دائىرىسى ئىچىدىكى ھاياتلىق، دۇنيا

تاۋارلىرىدا نازاپەتلىك بولۇشنىڭ ئەڭ كاتتىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئىسلامدىكى نەپسىنى بۇ تاۋارلار بۇزۇپ قويمىدى ياكى ئازدۇرۇپ ھايۋانىيلىق سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈپ قويمىدى. بەلكى، نورمال بولغان تەڭپۇڭ ھالەتنى بارلىققا كەلتۈردى.

لېكىن، ياۋروپا ئۆزىنىڭ «تەرەققىي قىلىشى» جەريانىدا دىنىنىڭ چەك-چېگرا دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتتى. ماددىي مەنپەئەتكە بولغان قىزىقىشنى تەرتىپكە سالىدىغان «ئىنتىزام»لاردىنمۇ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تەرتىپلىك، ئىنتىزامسىز ۋە چەك-چېگرىسىز ھالدا ماددىي مەنپەئەتلەر ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى.

جىنسىي مەنپەئەتلىنىش باشلاندى. لېكىن، ئۇ بىرەر توختامدا توختاپ قالمىدى. ئۇنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قالمايدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى. ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ تارىخنىڭ ھەرقايسى باسقۇچىدىكى ئىنسانلاردا جارىي قىلىپ كەلگەن قانۇنىيىتى. تارىخ ھەزارەتلىرى ئىچىدىن قايسى ھەزارەتكە مەنپەئەتكە ھەددىدىن زىيادە قىزىقىش سىڭىپ كىرگەن ھامان، ئۇ ئالدى بىلەن جىنسىي مەنپەئەتلىنىش بىلەن باشلاندى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھاياتلىقنىڭ ھەربىر پۇتاقلىرىدا ماددىي مەنپەئەتنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئۇچقۇنلىرى كۆرۈلدى. مەنپەئەت ناھايەتتە راھەت-پاراغەت، ئەيشى-ئىشرەت ۋە بەزمە-مەشرەپلەرگە ئېلىپ باردى.

ياۋروپادا كۆتۈرۈلگەن «تەرەققىيات» دولقۇنىنىڭ ھالىمۇ شۇنداق بولدى. ئۇنىڭغا مول-ھوسۇل دۇنياسىدىكى سانائەت ۋە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ياردەم بەردى. ھاياتلىق يېڭى سانائەتنىڭ مەھسۇلى بولغان كىنو، رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئېپتىخارلىق ماشىنىلار، بايۋەچچىلەرچە ئۆي-جاھازىلىرى،

راھەتلىك چۈشەكلەرنىڭ «خۇشاللىق»لىرى بىلەن تولۇپ تاشتى. سانائەت ھاياتلىقىنى «گۈزەللەشتۈرۈش» ۋە زىننەتلەش ئۈچۈن بارلىق ۋاستىلەرنى كەڭ ـ كۆلەمدە ئىشلەتتى ۋە ئۇنى كۆزنى چاقنىتىدىغان ئازدۇرغۇچى، جەزبىدار كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقاردى.

بۇنىڭدا ۋە بۇنىڭ تېگى ـ تەكتىدە ئەيىب يوق.

تەرەققىياتتا ۋە ئۇ بارلىققا كەلتۈرگەن ئۈسكۈنە ـ سايمانلاردا ھېچقانداق ئەيىب يوق. لېكىن، ھاياتلىققا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان «قىممەتلەر»دە ئەيىب بار.

مول ـ ھوسۇل تۈرلىرىگە نازىرلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ھاياتلىقنىڭ مەقسەت ـ نىشانى ۋە غەرىزى نېمە؟ ۋە بۇ مەھسۇلاتلار تەلقىن قىلىنغان كىشىلەرنىڭ مەقسەت ـ نىشانى ۋە غەرىزى نېمە؟

بىز «كاپىتالىزم»نىڭ مەزھەب مەيدانى توغرىسىدىكى، ئۇنىڭ مول ـ ھوسۇلغا ئېرىشىش يولى ۋە كاپىتاللارنىڭ پايدىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئاسانلا چۆنتىكىگە كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن «مونوپوللۇق»نى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرگەن ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىش غەرەزلىرى توغرىسىدىكى مەزھەبۋازلىق جېدەللىرىگە ئارىلاشمايمىز.

بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى مەسىلە ئۇلاردىن بەكمۇ چوڭقۇر.

ئەگەر كاپىتاللار مول ـ ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى شىددەتلىك ئۇسۇلنى كاپىتالىزمچە ئىشلەتمىسە، سوتسىيالىزمچىلار ئېيتقاندەك داۋاملىق پايدا ئېلىش بىردىنبىر ئاساسلىق نىشانى بولسا، ئۇنداقتا بۇ ھوسۇللارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا بىر يولدا ماڭىدۇ.

بىز ئارىلاشماقچى بولغان مەسىلە دۇنيانىڭ تاۋارلىرىغا ھەددىدىن زىيادە قىزىقىش مەسىلىسى بولۇپ، بۇ قىزىقىش ئىنسانغا ھايۋانىي نۇقتىدىن چۈشەنچە بېرىلگەن ماددىي ئۇقۇمنىڭ سىياسىتى ئاستىدا ياۋروپادا تەۋەللۇت قىلدى. خەلقئارالىق يەھۇدىي قىساسچىلىرى يەھۇدىيلاردىن باشقا پۈتۈن مىللەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاش، ئۇلارغا تولۇق ھۆكۈمران بولۇش، بارچە مىللەتلەرنىڭ تۇرلۇك ھوقۇقلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھوقۇق مونوپوللۇقىنى تەسىس قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى شەھۋەتلەرگە غەرق قىلىپ، شەھۋەت چۆلۈۋىرىدىن يېتىلەش ياكى شەھۋانىي ئاجىزلىقىدىن رەھبەرلىك ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى قىلغان ماددىي تاۋارغا ھەددىدىن ئارتۇق قىزىقىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئىشلار قانداقلا بولمىسۇن ماددىغا ھەددىدىن زىيادە قىزىقىش كەڭ قانات يايدى. ھەتتا، ئۇ بۈگۈن پۈتۈن دۇنيا ئۆپۈقلىرىغا قەدەر كەڭ تارقالغان يېڭى ھەزارەت سىمالىرى ئىچىدە «بىر سىما» بولۇپ قالدى.

(ئاخىرقى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فرانسىيىدە بارلىققا كەلگەن ۋە ھازىرغا قەدەر باشقا رايونلاردا بارلىققا كېلىۋاتىدۇ) تەرەققىياتنىڭ ئۇممەتلەر ھاياتىدىكى ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى نەتىجىلىرى قانداقلا بولسۇن، بۇلار ئىچىدىكى بىزگە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئۇ چۈشكەن، ئورۇنلاشقان ھەر ماكاندىكى كىشىلەرگە تەسىر قىلغان روھىي، دىنىي ۋە ئەخلاقىي ئۇقۇملىرىدۇر.

دىنىي يۈزلىنىشلەر بىلەن ماددىي بۇيۇملارغا چەكتىن ئارتۇق قىزىقىش ئوتتۇرىسىدا روشەن قارىمۇقارشىلىق ۋە سۈركىلىش مەۋجۇد. دىن (خۇسۇسەن ئىسلام دىنى) دۇنيا

مەنپەئەتلىرىنى هارام قىلمايدۇ ياكى ئۇنىڭغا جەك ئېلان قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»: «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، كىم (ئاللاھ تائالا) ئۆز بەندىلىرى ئۈچۈن چىقىرىپ بەرگەن ئاللاھنىڭ زىنىنىتىنى (يەنى نېئمەتلىرىنى) هارام قىلدى» دەيدۇ. لېكىن، دۇنيانىڭ ماددىي مەنپەئەتلىرىگە چەكتىن ئېشىپ قىزىقىش نەپسىنى بۇزىدۇ ۋە ئۇنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. نەپسىگە دۇنيا هاياتىنى ــــ تىرىكچىلىكنى سۆيۈملۈك كۆرسىتىپ، ئاخىرەتنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ ۋە ئاخىرەتكە چېتىلىدىغان «تەكلىپ»لەرنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ ھەم ئاشۇ بۇيۇملاردىن چەكلەيدىغان مەھرۇم قالدۇرغۇچى «تۇزۇملەر»دىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

مانا ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر، نەپسىلەر ماددىي مەنپەئەتلەرگە قانچىكى غەرق بولىدىكەن ياكى ھەرقاچان غەرق بولىدىكەن، ئۇ دىن مۇھىتىدىن يىراقلىشىدۇ. دىنىنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرى ۋە باغلاقلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ تەرتىپكە سالغۇچى نىزاملىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان قىلىپ قويىدۇ ۋە دىنىنىڭ يېمىرىلمەس بازىلىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلىدۇ ياكى مەڭگۈ زاۋال تاپىدۇ.

مۇستەملىكچىلەرنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئاستىدا ئىسلام دۇنياسى ئاتالمىش «مەدەنىيەت»كە غەرق بولدى. ھەزارەت، تەرەققىيات ياكى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا ناملار ئاستىدا ھەددىدىن ئارتۇق ماددىيپەرەسلىك ئىسلام دۇنياسىغا ئاستا ـ ئاستا ئۆمىلەپ كىردى.

ئىسلام راھەت ۋاسىتىلىرى بولغان ماشىنا، ئايروپىلان، پاراخوت، تېز پويىز، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، گۆش توغراش ماشىنىسى ۋە بۇلارغا ئوخشايدىغان ۋاقىتنى تېجەپ، جاپا ـ

مۇشەققەتنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بارلىق سايمان ۋە ئۈسكۈنىلەرنى هارام قىلمىدى. تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىنونىڭ ئۆزىنى هارام قىلمىدى، رادىئونى هارام قىلمىدى ۋە تېلېۋىزورنى هارام قىلمىدى. لېكىن، ئىسلام ئەيشى ـ ئىشرەتۋازلىق روھىغا، تۈگەشتۈرگۈچى زەئىپانىلىك روھىغا قارشى تۇردۇ. كىنو ـ تىياتىر، رادىئو ئۆزۈللىرى ئۆلاپ تارقاتقان ۋە ئومۇملاشتۇرغان ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقلارغا قارشى تۇردۇ. بېرىلىۋاتقان ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇۋاتقان پروگراممىلارنىڭ پۈتۈن ھاياتلىقنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، خۇددى توپا بىلەن تەڭ قىلغۇچى جىنسىي لەززەت لەھزىلىرىنى كۆرسىتىشلىرىگە قارشى تۇردۇ.

ئىش قانداقلا بولسۇن، ئاچكۆز گالدا يەپ ـ تويماس غەربتىن شەرققە قەدەر سوزۇلدى. ئۇ ھەزارەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ چىرايلىق نامى بىلەن «تەرەققىيات» دەپ نام ئالدى ۋە ئۇ ئىسلامنى يېقىتىشقا قارىتىلغان بۇرۇنقى يېقىتقۇچى ئامىللارنىڭ ھەممىسىگە سەپلەپ بېرىلدى.

✱✱✱ ✱✱✱ ✱✱✱

ئاخىرقى تېما: ئاياللار تېمىسى.

ئازادلىق ھەرىكەتلىرى، باراۋەرلىك ھەرىكەتلىرى، ئازدۇرۇش ھەرىكەتلىرى، بۇ ھەقتىكى قىسسىلەر بەك ئۇزۇن، بۇ ئورۇندا تەپسىلىي بايان قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

مەن بۇ توغرىلىق «تەقلىدلەرگە جەڭ» ۋە «بورمىلانغان ئىسلام» دېگەن كىتابلاردا تەپسىلىي توختالغانىدىم.

بىزگە بۇ يەردە ياۋروپادىكى ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ ئاشۇ يەردىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتلارغا كۆرە «مەنتىقىي» ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ يەردىكى قەۋملەر ئۇ يەردىكى قەۋملەر ئىمان كەلتۈرمىگەن نەرسىلەرگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ياۋروپادا بولۇۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنىڭ نەخ ئۆزىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىدىغان «مۇقەررەرلىك» بولمىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا ئاشۇ يەردىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشنىڭ «زۆرۈرەت» ئەمەسلىكىنى، چۈنكى ئۇ يەردە مەۋجۇد شارائىتلارنىڭ بۇ يەردە مۇتلەق مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى، ئاشۇ يەردىكى ئاياللارغا قارىتىلغان زوراۋان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مۇسۇلمان شەرقىدە مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرنىڭ ئەندىزىلىرى ۋە سۈرەتلىرىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىشنىڭ «مۇقەررەرلىك» ئەمەسلىكىنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

(بىز بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ۋە باشقا كىتابلاردا ئېيتقاندەك) مۇسۇلمان ئايال ئۇستىگە چۈشكەن زۇلۇم، جاھالەت ۋە قۇللۇقنى يوقىتىش بىلەن ئىسلامغا ئوچۇق مۇخالىپ كېلىدىغان ھايۋانىيلىق ئوتتۇرىسىدا جەمئىيەتنى بۆزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئايال كىشىنى ئايال زاتىغا قىزىقىدىغان بارلىق شەھۋانىيلاشقان جەمئىيەت ئىگىلىرىگە ئويۇنچۇق، كۆڭۈل خۇشى ۋە ئىچ پۇشىقى چىقىرىدىغان بۇيۇم ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويىدىغان ۋە شەھۋەتلىرىنى تۆكۈپ، ھەرقاچان شەھۋەت خالىتىلىرىنى بوشىتىشقا شارائىت ھازىرلايدىغان نەرسىلەرگە كەلتۈرۈپ قويىدىغان ئاشۇ مودىل كۆرۈنۈشلەرنى قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن پەرق زور.

قىسسە «تەرەققىي قىلىۋاتقان» سانائەت جەمئىيىتىدىكى ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالماي، ئايال كىشىنىڭ يۈكىنى، ھاجەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئاجىز كەلگەن چاغلاردىن باشلىنىدۇ. بۇ جەمئىيەتتە كۆپ ساندىكى كىشىلەر كاپىتالىستلار ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئويلىغىنىڭىزدىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن. چۈنكى، بۇ يەردە كاپىتالىستلار پايدىغا كۆپ ئېرىشىش تەمەسىدە ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى بەك تۆۋەن بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى سانائەتلەشكەن جەمئىيەتتە تۇرمۇشنى قامداشقا، خوتۇن ـ بالىلىرىنى بېقىشقا ئاساسىي جەھەتتىن يەتمەيدۇ. قىسقىسى، ئەرلەر ئائىلە تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشى ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىش، ئەرنىڭ تۇرمۇش بېسىمىنى يەڭگىللىتىش ۋە بەزىدە پۈتۈن ئائىلىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ زاۋۇت ـ كارخانىلاردا ۋە باشقا جايلاردا ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. كارخانىچىلار ۋە زاۋۇت باشلىقلىرى كۆپ پايدىنى كۆزلەپ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئاياللارنى ئىشلىتىشكە باشلايدۇ. ئاياللارنى ئىشلىتىشنىڭ كىرىمى كۆپ، چىقىمى ئاز بولىدۇ. چۈنكى، ئەرلەر بىلەن بىر زاۋۇتتا ئوخشاش ئىش قىلىدىغان، ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەيدىغان، ئىش قىلىش ۋاقتى تەڭ، ئەرلەر قانچە سائەت ئىشلىسە ئاياللارمۇ شۇنچە سائەت ئىشلەيدۇ. لېكىن، بېرىدىغان، ئالىدىغان ئىش ھەققى ئەرلەرنىڭ ئىش ھەققىنىڭ تەڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ، ياكى كەلمەيدۇ. مانا بۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان، كۆككە پەرۋاز قىلىۋاتقان ئۇلۇغ ياۋروپالىقلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ۋىجدانى تاقەت قىلالمايدىغان «ئادالەت»!

يوقىرىقىدەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىي ۋە مەنتىقىي ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشتىن باشقا چارىسى يوق. لېكىن، ئۇ بۇ جەرياندا تەلەپ قىلىنىدىغان ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالدى. ئىش تاشلاش، ئۆزىنى ئاشكارىلاش، تەشۋىقات، ئۆزىنى بىلدۈرۈپ قويۇش، نامايىش قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز مەنپەئەتىگە كېرەكلىك قانۇنلارنى چىقىرىش ئۈچۈن قانۇنى ئورگانلارغا ئورتاقلاشقۇسى كەلدى. چۈنكى، ئۇ يەردىكى قانۇنلارنى مەنپەئەتدارلار باشقىلارنى ئېكىسپولاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئۆزى خالاپ بەلگىلەيدۇ. ئىسلامدىكى ئەھۋالغا ئوخشاش قانۇنلارنى پۈتۈن بەندىلەرگە ئورتاق ھالدا ئاللاھ بەلگىلىمەيدۇ. كېيىنچە ئاياللار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سايلام ھوقۇقى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن پارلامېنتتا قاتنىشىش ھوقۇقى، كېيىن ھەرخىل ۋەزىپىلەردە باراۋەر بولۇش، تەلىم-تەربىيىدە باراۋەر بولۇش ھوقۇقى تەلەپ قىلدى. ئۇلار باشلىغان يولدا باراۋەرلىكنىڭ ھەممە تۈرىنى تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئاللىقاچان بىر تەرەپكە چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن دىن ۋە ئەنئەنىلەرنى قايتىدىن يۇيۇپ-تاراپ، بۇ ئىككىسىنى ئاياللارنى ئەرلەر بىلەن تەڭ مەيداندا قىستاشمىدىن چەكلەش ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولدى.

بۇ ئەھۋاللار ياۋروپادا ياشاۋاتقان مۇشۇنداق بوشلۇقتا «تەبىئىيلىك» ۋە مەنتىقىلىق جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلەتتى. ياۋروپالىقلارغا ھۆكۈمران بولۇۋالغان چۈشكۈنلەشتۈرگۈچى ۋە بورىۋەتكۈچى مۇھىتلارغا ماس كېلەتتى. ئاياللارنىڭ دىن ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ ؟؟؟؟؟ ئاستىدا ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇق تالىشىشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى، ئەرلەر ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقلارنى ھېچبىر چەكلىمىسىز ئەھۋالدا ئۆزى

خالىغانچە ئېلىپ باراتتى ـ يۇ، ئاياللار ئەنئەنىلەر نامى بىلەن چەكلىنەتتى ۋە تەقىپ قىلىناتتى.

ياۋروپا ئاياللىرى «ئۆز ھوقۇقلىرى»غا بىر ـ بىرلەپ ئېرىشتى. ئاشۇ ھوقۇقلارنىڭ قاتارىدا بۇزۇقچىلىق ھوقۇقى ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەت ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىمۇ بار ئىدى.

بەلكى، رەزىل ئادەمنىڭ ياردىمى ۋە كۈشكۈرتىشى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ھوقۇقىنى قولغا ئالدى، ئېرىشتى. چۈنكى، بۇ رەزىل ئادەم شۇنداق قىلغاندا بۇلغانغان، كىرلەنگەن، پاسكىنا تاۋار ـــ ئاياللار جىنسىيىتى ـــ گە ئاسانلا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى، جىنسىيەت شارائىتى ھەرقاچان تەل بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، پەس مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. خوتۇن خەق تىجارەت ئورۇنلىرىغا، زاۋۇت ـ كارخانىلارغا، رەستىلەرگە، يوللارغا چىقتى، چىقىپ كەتتى. بىرلا ۋاقىتتا كەسىپ قىلىش ئۈچۈن، پىتنە پەيدا قىلىپ ئازدۇرۇش ۋە ئېزىش ئۈچۈن چىقتى ۋە چىقىپ كەتتى.

رەزىل ئادەم پەرۋىدىنىڭ جىنسي تەلىم ـ تەربىيىسى ئاستىدا ئاياللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھوقۇقى قولغا كەلدى. ماددىي مەنپەئەتكە ھەددىدىن ئارتۇق قىزىقىشنىڭ قارا كۆلەڭگىسىنىڭ نەتىجىسىدە چىقىپ كەتتى. پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇشنى ۋە ئۇلارغا شەھۋەتپەرەسلىك يوللىرى ئارقىلىق ئىگە بولۇش ۋە قامال قىلىشنى مەخپىي پىلان قىلغان دۇنيا يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ يۈزلەندۈرۈش ۋە بورىۋېتىشىنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئاستىدا چىقىپ كەتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايال كىشىگە «ئازدۇرۇش»، «قىزىقتۇرۇش»نىڭ بارلىق

پەن ـ تېخنىكىلىرىنى، ھۈنەر ـ سەنئەت ماھارەتلىرىنى ئۆگەتتى.

مەسىلە پەقەت ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىشكىلا قاراشلىق ئەمەس. چۈنكى، ئايال زاتىنىڭ تەبىئىتىدە «ئۆزىنى قالتىس كۆرسىتىش»كە قىزىقىش ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىش خاراكتېرى بار. لېكىن، بىر جەمئىيەتتىن يەنە بىر جەمئىيەتكە، بىر پىكىردىن يەنە بىر پىكىرگە ئۆتىدىغان ۋاستىلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىش، ئەجەبسىنىش (يەنى قالتىس چاغلاش) پىتىنلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئاۋۋالقى ئىككىسى مۇباھ ھەم نازاپەتلىك، يەنە بىرى مۇباھمۇ ئەمەس، پاكىزمۇ ئەمەس. لېكىن، پەرۋىدىنىڭ قولىدا ئىنسان تەبىئىتىدە يوق، نازاپەت ئىنسان ۋۇجۇدىنى تۇگەشتۈرگۈچى بېسىم دېگەن تەلقىنلەر بىلەن تەربىيىلىنىپ چىققان «ھەزارەتلىك ياۋروپا» نازاپەت ۋاستىلىرىنى ئىختىيار قىلىشنى خالىمىدى.

ئۇنداق بولغانىكەن، ئايال كىشى ئۆز ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەڭ پاسكىنا ۋە سېسىقلىرىنى ئېلىپ مەيدانغا ــ دوئېلغا چۈشۈشى كېرەك. قايسى ئەسلىھەلەرنى ئېلىپ چۈشىدۇ؟ ئازدۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى، «گوللاش ئەسلىھەلىرىنى»، قىزىقتۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى، ئېزىتقۇلۇق ئەسلىھەلىرىنى ئېلىپ مەيدانغا چۈشۈشى كېرەك. ئېزىتقۇلۇق پەقەت ئۆزلۈكنى نىشان قىلغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا نىشان ـ غەرەزلەر بولمىسىمۇ، ... مەسىلەن، ئۆمۈرلۈك جۈپتى بولىدىغان ئەرنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى ھەتتا ئاشنا ئوينايدىغان ئەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇچۇنمۇ ئەمەس.

بەلكى، ئېرىش ئۈچۈن ئېزىتقۇلۇق قىلىش، ئايال زاتىدىكى جەزبىيەتنىڭ نەقەدەرلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش، ئاندىن ھۆكۈمرانلىق كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئېزىتقۇلۇق قىلىش! ...

ئەمەلىيەتتىمۇ ئاياللار ھۆكۈمرانلىقتا ... سەلتەنەتكە ئىگە.

دارۋىن نەزىرىدىكى ھايۋانغا ئوخشىتىلغان، يەپ ـ ئىچىپ، كىيىپ، نەسىللىنىشتىن باشقىنى ئۇقمايدىغان ئادەم مەۋجۇدلا بولىدىكەن ...

پەرۋىد ئەخلاق ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ «ئارقان ـ چۇشەكلىرى»دىن يېشىپ قويۇۋەتكەن، پەقەت جىنسىي كۈچ قەسىرىنىڭ قۇلىغا ئايلانغان ئادەملا مەۋجۇد بولىدىكەن ...

دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە ھەددىدىن زىيادە قىزىققۇچى ئادەم مەۋجۇدلا بولىدىكەن ... ئەڭ چوڭ ھۆكۈمنىلىرىنى ... شەھۋەت ھۆكۈمرانلىقى، جەسەت ھۆكۈمرانلىقى ۋە جەسەتنىڭ شەھۋانىيلىقىنى قوزغاتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ھاياتىدىكى «مەن» ئەڭ چوڭ ھۆكۈمران بولغان ئادەم مەۋجۇدلا بولىدىكەن ... ئاندىن سەلتەنەت كۈچىگە دەپ بىلىدىغان «ئېزىتقۇ» ئايال شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ئۇنىڭ ئەرلەرگە قارىتا جەلپكارلىقى، جەزبىدار ۋە مەھلىيا قىلىشلار ئاشقانسېرى شەھۋەتكە غەرق ئىشقىۋاز ئەرلەرگە بولغان ھوقۇقى ئېشىپ بارىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئازدۇرۇش ئاياللاردا ئۆزلۈكىنى نىشان قىلغان ئازدۇرۇشقا ئايلاندى. ئېزىتقۇلۇقنى ئەرگە ئېرىشىش ... ياكى ئاشىنىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇ ئومۇمىي ئەرلەرگە ئىشلىتىلىدىغان قورال ... ئاياللار بۇ قورالنى پەقەت ئەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا

«ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى» ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا نىشان يوق.

ئاياللار ھازىر رېئال ئەھۋالدا جاپالىق ئىشلەۋاتىدۇ. ئۆز ئىشلىرى ۋە جاپا-مۇشەققەتلىرىدە بەختسىزلىككە ئۇچراۋاتىدۇ. لېكىن، ئاياللار بۇ بەختسىزلىكنىڭ ئورنىنى ئېزىتقۇلۇق يوللىرى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن «سەلتەنەت كۆچى» بىلەن تولدۇرۇۋاتىدۇ. ئەرلەرنىڭ قەلبلىرىدە ئاياللارنىڭ تېخى «مەۋجۇد»لىقىنى ھېس قىلدۇرۇش بىلەن تولدۇرۇۋاتىدۇ.

ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قارىتىلغان ئېزىتقۇلۇق نەيرەڭلىرى، پىتنە-پاساتلىرى تېخىمۇ چەكتىن ئاشتى. ئۇنىڭغا ياندىشىپ شەيتاننىڭ كاناي-سونايلىرى ياڭرىدى. يالىڭاچ كىنو، يالىڭاچ تىياتىر، يالىڭاچ سۈرەتلەر، يالىڭاچ ئېلانلار، يالىڭاچ ناخشا-رادىئو ئۈزۈلى، ئىشقىۋازلىق ھېكايە-چۆچەكلىرى، يالىڭاچ گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ھەممىسى ئازدۇرۇش ۋە شەھۋانىيلىقنى قوزغاشنىڭ ۋاستىسى.

ھەممە جاي پىتنە-پاساتلار مەيدانىغا ئايلاندى ... ھەممە جايدا ئاياللار سۈرەتلىرى، ئېلان-بېزەكلىرى كۆزگە چېلىقىپلا تۇرىدۇ. دۇنيا پاھىشىخانا، ئىشرەتخانىغا ئايلىنىپ قالدى. ياۋروپاچە «تەرەققىيات»، ھەزارەت ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش نامى ئاستىدا پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قاپلىدى ... دىن، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىلەردىن قالغان كىچىككىنە قالدۇقلارنىمۇ پاچاقلاپ تاشلىدى.

بۇ «تەرەققىيات» ئۆز ئىشىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، خېلى بۇرۇنلا ھەرقايسى بۇزۇقچىلىق تۈرلىرىنىڭ ئېقىپ كىرىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بولغان ئىسلام دۇنياسىغا يامرىشى تەبىئىي ئىدى.

ياۋروپادىكى ئاياللار «ئازادلىق» ھەرىكەتلىرى تەقلىدچىلىكى ئىسلام ئەللىرى تەرىپىدىن مۇزاكىرىگە قويۇلماستىن، ئاقىۋىتى ئويلىشىلماستىن ياۋروپادىن ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىندى. (يۇقىرىدا مىسسىئونېرلار ئېيتقاندەك)، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ۋۇجۇد دۇنياسىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتلەرنى مۇستەملىكىچىلەر ئاشكارا ۋە مەخپىي ھالدا قوللىدى ۋە مەدەت بەردى. مۇشۇ ئازادلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرگە غەربتىن كەلگەن كەلگىندى ئېزىتقۇلۇق پەنلىرى تارالدى ... ھەممە نەرسە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەق قىلىنغانىدى.

«مۇسۇلمان» ئايال ئېزىتقۇلۇق پەنلىرىنى ئۆگەندى.

ئۆز يۇرتى ۋە ئۆز تىلىدا يالىڭاچ كىنو، يالىڭاچ تىياتىر، يالىڭاچ ئۇسسۇل، يالىڭاچ رادىئو ئۇزۇلى، يالىڭاچ ئىشقىۋازلىق ھېكايىلىرىنى تاپالايدىغان بولدى. ئېزىتقۇلۇق پەنلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەندى، ئۇنىڭ ئارقىلىق ئازدى ۋە ئازدۇردى.

گېزىت ـ ژۇرناللار ساھەسىدە «ئايال كىشى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا «ئېزىتقۇلۇق»نىڭ تېگى ـ ماھىيىتىنى بىرمۇبىر چۈشەندۈرىدىغان، ئاياللار قانداق قىلغاندا تېخىمۇ «جەزىبىدار»، «جەلىبكار» (ناز ـ كەرەشمىلىك)، «رەڭدار» بولالايدىغانلىقىنى ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرىدىغان، ھەتتا ئىزىپ ئىچۈرىدىغان ئەر ـ ئايال مۇھەررىر (ئۇستاز ـ تەرجىمانلار) بار بولدى.

ئەرلەرگە بولغان باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە سەلتەنەت كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ئۇسۇللارنى ئۆگىتىدىغان مۇئەللىم ۋە مۇئەللىمەلەر بار بولدى.

ئازدۇرۇش ئۆيدە، ... كوچىلاردا ...
ئازدۇرۇش گەپ ـ سۆزدە، ... ھەرىكەتلەردە ...
ئازدۇرۇش كىيىنىشتە، ... ياسىنىشتا، ... مېڭىشتا، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشتا، يۈرۈشتە، ... قاراشتا ...

«مۇسلىمە» ئايالدىكى ئازدۇرۇش ـــ ئۆزلۈك تۇغرىسىدىكى ئازدۇرۇشقا ئايلاندى. ئۇنى ئەرگە ئېرىشىش ياكى ئاشىنىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىش زۆرۈر ئەمەس. ئىدىيىسى ئازاد بولغان «يازغۇچىلار»نىڭ يۈزلەندۈرۈشلىرى بىلەن ئاشىنا ئوينىاش ياكى ئاشىنا تۇتۇش ئاياللارنىڭ كاتتا ... «ھوقۇقى»غا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئازدۇرمىچىلىق قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى ئەرلەر قەلبىدە ئاياللارنىڭ بارلىقىنى، ئۇ بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش بولدى. ئۇ ئۆگەنگەن ئېزىتقۇلۇق بىلىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالدى. مەكتەپتە، ... يولدا، ... رەستىدە، ... ئاممىۋي سورۇنلاردا، ... ئىشقىلىپ ئاياللار ئۆزلىرىنى ئەرلەردىن قاچۇرمايدىغان، ... ياق ئەر زاتىدىن ئايىمايدىغان، شاپاق نەرقى بىئېتىبار نەرسىگە ئايلاندى.

بەلكى، «مۇسلىمە» ئايال مۇشۇ دەۋردىكى شەرق جەمئىيىتىگە تەۋە «ئاقارتىش» ھۆكۈمى بىلەن پۈتۈن نىزاملاردىن قېچىپ قۇتۇلۇش ۋە كۆڭۈللەر ئىچىدىكى ئازدۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ غەربتىكى ساۋاقداشلىرىدىن ئېشىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ دىندىن قالغان ئەڭ كىچىك قالدۇقلارنىمۇ ۋەيران قىلىدىغان ئاخىرقى ھالقا تولۇقلاندى ... ۋە تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ھازىر ئىسلام زېمىنى، جۇملىدىن پۈتۈن يەر شارىدا يۈز بەرگەن ھەيران قالارلىق رەزىل ئويۇنلار! ياق، سىياسەتلەر، ھىيلە-نەيرەڭ، سەپسەتىلەر، ئىستراتېگىيىلىك پىلان-تەدبىرلەر، تاكتىكىلار، ئالدى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن دۇنيا دىنىي-ئېتىقادىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان نىشانلىق ھەرىكەتلەرنى كۆردىڭىز ... ياكى ئاڭلىدىڭىز.

ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بارلىق ۋاستىلەر، كۆرسىتىلگەن قورقۇنچلۇق تىرىشچانلىقلار ۋە بۇلارغا يەر شارىدىكى «كۈچلۈكلەر»نىڭ ھەممىسى يىراق-يېقىندىن كېلىپ ھەمكارلىشىشلاردىن كېيىن، ... بىرلىشىشلەردىن، ... ئىتتىپاقلىشىشلاردىن كېيىن، ... بۇلارنى كۆرگەنسىز، ... ئاڭلىغانسىز ...

يەر شارى ئۈستىدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قالدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمۇسىز؟ شۇنچىۋالا بىمەنىلىكلەر، ئالەمشۇمۇل ئەقىدىگە ئادەمنىڭ ئەمەس، شەيتاننىڭمۇ خىيالىغا كېلىپ قالمىغۇدەك ياۋۇزلۇقلار، سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيىلىك پىلان-تەدبىرلەر، ياۋۇزلارچە بېسىملار، ئۇرۇپ-سوقۇشلار «مۇسۇلمان بولغانغا پۇشايمان قىلغۇدەك (ئۇنداق بولمايدۇ)» دەھشەتلىك ئېزىشلەردىن كېيىن يەر شارىدا ئىسلامنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ياكى دىنىم ئىسلامدۇر دەيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئويلاپ باققانمۇسىز؟!

قەيەردە مەن مۇسۇلمان دەيدىغان مۇسۇلمان ئەر ياكى مۇسۇلمان ئايال بولسا، ئۇ زېمىننىڭ قايسى بۇرجىكىدە بولسۇن ۋەيران قىلغۇچى كۈچلەر بىرلىكتە ئاقتۇرۇپ تېپىپ چىقىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىدىغان، ئۇ ئىككىسىنىڭ مەۋجۇد بولۇشىغا نىسبەتەن خۇددى جەھەننەمنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلاندۇرۇلغان بۇ كۈنلەردە مەن مۇسۇلمان دەيدىغان ئەر-ئايال مۇسۇلماننىڭ مەۋجۇدلۇقىنى خىيال قىلغانمۇسىز؟!

سىقىلىشنىڭ جەھەننىمى، قىستىلىشنىڭ جەھەننىمى، مۇسۇلمان ئەمەس جەمئىيەتتە يولۇقىدىغان، نەپسىي، پىكرىي، روھىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىن كېلىدىغان غېرىبلىق جەھەننىمى، قوغلىنىش، مەسخىرە، ئەرزىيەت، ھاقارەت ۋە نەپرەتلىنىشنىڭ جەھەننىمى.

خۇسۇسەن، مۇسۇلمان ئايال كېشەنلەردىن قېچىپ قۇتۇلغان، يالىڭاچلاشقان جەمئىيەتتە ئۆزىنى باشقىلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان كەڭ، ئازادە كىيىملەرنى كىيگەن مۇسلىمە ئايال يولۇقىدىغان كەمسىتىلىش جەھەننىمى.

(بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن كېيىن) «لا اله الا الله محمد رسول الله» (بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن — ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر) دەيدىغان ئىنساننىڭ ھازىرغا قەدەر بارلىقى بەك قىزىقارلىق، ھەقىقەتەن ئاجايىپ-غارايىپلىق. مەن يەنە بۇلارغا قوشۇپ ساڭا: «كەلگۈسى چوقۇم ئىسلامغا مەنسۇپ» دېسەم، بۇ سۆزۈمدىن ھەيران قالارسەنمۇ؟ گاڭگىراپ قالارسەنمۇ؟ ۋەياكى چۆچۈپ كېتەرسەنمۇ؟!!

## كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپ!

كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپمۇ؟

مەن بۇ سۆزنى ئېيتسام، بۇ سۆزگە ئىشەنمىدىغان بىرەر ئادەم چىقارمۇ؟ بۇ كىتابتا بىز سۆپەتلەپ ئۆتكەن ئىسلامنى بىتچىت قىلىش ئۇچۇن سەرپ قىلىنغان ۋەيران قىلغۇچى مۇشۇ تىرىشچانلىقلاردىن كېيىن، ئىسلامغا خاتىمە بېرىش ۋە مۇنقەرز قىلىش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلغان يەرلىك ئامىللارنىڭ ھەممىسى ۋە ئالەمشۇمۇل دولقۇندىن كېيىن، مەن چوقۇم كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپ دېگەن بۇ سۆزنى ئېيتسام، بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىدىغان بىرەر ئادەم چىقارمۇ؟

توغرا!

ئەھلى سەلب مۇستەملىكچىلىرى ئىسلامغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ئۆز ئىلكىدە بار بولغان كۈچ ـ تاقەتلەر ۋەھاكەزالارنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلدى. رەزىللىك، پەسكەشلىك داستانى بولغۇدەك بەدەللەرنى تۆلىدى، چىقىملارنى تارتتى.

ئىسلام دۇنياسى كىچىك ـ كىچىك دۆلەتچاقلارغا پارچىلىۋېتىلدى.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەرىتە، چېگرا ـ سىزىقلىرىدا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان رەڭلەر ـ سىزىقلار پەيدا بولدى.

ھەربىر دۆلەت ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى چىڭ تۇتتى. قېرىنداشلار

ئوتتۇرىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت، جەڭگى ـ جېدەللەر ۋە تالاش ـ تارتىشلار ئۆكسىمىدى.

ئاشۇ ھەربىر دۆلەتتە دىن جەمئىيەتتىن، شەرىئەت ھاياتلىقتىن ئايرىپ تاشلاندى. ئاشۇ دۆلەتلەردە دىنىي ھاياتلىقنى ئېرىشتۇرۇش، دىنىي ئەمەلىي، جانلىق، قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ھەرىكەتچانلىققا قايتۇرۇپ كېلىش مەقسىتىدە بارلىققا كەلگەن ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى قارشىلىققا، رەھىمسىزلەرچە قانلىق باستۇرۇشقا ئۇچرىدى.

ئۆسمۇر ياشلارنى ئۆزىنىڭ دىنىي مەنبەلىرىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان، ئۇنىڭ كۆڭلىدە شۈبھىلەردىن باشقا نەرسە قالدۇرمايدىغان تەلىم ـ تەربىيە سىياسىتى باشقىلار تەرىپىدىن سىزىپ بېرىلدى. ئىسلام يۇرتلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىندىن نەپرەتلىنىدىغان، دىنىي سېلىپ تاشلايدىغان، دىنىي قالاقلىق، قاششاقلىق، قاتماللىق ۋە ئارقىدا قالغانلىق، چۈشكۈنلۈك دەپ قارايدىغان «زىيالىيلار قوشۇنى»دىن بارلىققا كەلگەن ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ چىقىشقا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بەردى. مۇستەملىكىچىلەر زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا بارلىققا كەلگەن ھەرقانداق ھەرىكەتنى، خۇسۇسەن ئىسلامغا قايتىش ساداسى ياڭرىغان ھەرىكەتلەرنى بىتچىت قىلىش، قايتىدىن باش كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ۋە كۇكۇم ـ تالقان قىلىشقا قاتتىق ئەھمىيەت بەردى. چۈنكى، زىيالىيلار قاتلىمىدىن بۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ئەھلى سەلىب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىككى ئەسىردىن بېرى تارتىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ۋە سەرپ قىلغان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىھۇدە خۇراپاتلىق ۋە نەتىجىسىز ھالدا كۆككە سورۇۋەتكەنلىكتىن دېرەك بېرەتتى. ئەھلى سەلىب

مۇستەملىكچىلىرى بۆلارنىڭ ھەممىسىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

بىر ئەۋلاد ياكى ئەۋلادلارنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ شەرقتە بارلىققا كەلگەن ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ھەر قاندىقىغا توسۇق ۋە داۋانلار، پۇتلىكاشاڭلار، توسالغۇلار پەيدا قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟!

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزىنى دۇنيانىڭ ساقچىسى، تىنچ ـ ئامانلىقنى قوغدىغۇچىسى دەپ جار سالىدىغان ئامېرىكىنىڭ ئۆزىدە ئىسلامغا زەربە بېرىش، ئىسلامىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ۋە ناسارالاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭ دوللار سەرپ قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولدى؟ ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەر ئارىسىدا ئىسلاملاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئېلىپ كېتىپ، ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەگەشكۈچى ۋە قوللىغۇچىلىرى 500000 (بەش يۈز مىڭ) —— يېرىم مىليونغا يەتتى.

بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئامېرىكا قارا تەنلىكلەرنى تۇتۇپ، تۈرمىلەرگە تاشلاپ، ئىسلامغا كىرىشتىن ۋاز كەچتۇرۇش ئۈچۈن رەھىمسىزلەرچە سوراق ـ قىيناق، قوپال مۇئامىلىلەرنى باشلىۋەتتى ۋە كەڭ كۆلەمدە تازىلاش ۋە باستۇرۇش ئېلىپ باردى. كېيىنكى نەتىجە قانداق بولدى؟ ئامېرىكا تايىم (Time) ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىسلامنىڭ قارا تەنلىكلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى بەلگىلىدى ۋە سىياسىي قارارلارنى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن قارا تەنلىكلەرنى تازىلاش،

باستۇرۇش ۋە تۈرمىلەرگە قاماش ئەھۋاللىرى سادىر بولدى. ئەكسىچە، ئىسلام دەۋىتى تۈرمە ئىچىدە كەڭ ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ئاشۇ مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ مەقسەت ـ نىشانىغا يېتىش يولىدا ھېچقانداق نەرسىگە پەرۋا قىلمىدى. ئۇلارنى قاتتىق قوللۇق يولىدىن توسۇپ قالالمىدى. قاتتىق جازالاشلار قورقۇتالمىدى. چۈنكى، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ئايلىنىپ كەتكەن».

ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟!

شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا ئافرىقىدىكى ئىسلام كېڭىشىنى توختىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن چىقىملارنى قىلغان ۋە بەدەللەرنى تۆلىگەندىن كېيىن، ئافرىقىدا ئىسلامنىڭ كېڭىيىشىگە يول قويۇش، ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش كېرەكلىكىنى، بولمىسا قاران تەنلىكلەر قىتئەسىنى كوممۇنىستلارنىڭ ئىگىلەپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى.

زېمىندا ئاللاھنىڭ نۇرى بولغان ئىسلامنىڭ ئۆچۈرۈلۈشىگە يول قويمايدىغان ئىلاھىي ئىرادىنىڭ قارشى تەرىپىدە «ئىنسان» نېمىمۇ قىلالىسۇن؟! ھەم قىلالايدۇ: ( يُرِيدُونَ لِيُطْفِؤُوا نُورَ اللَّهِ بِأَفْوَاهِهِمْ وَاللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ ) «ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى غالىب قىلغۇچىدۇر)» (61 ـ سۈرە 8 ـ ئايەت).

✱✱✱ ✱✱✱ ✱✱✱

بىز پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى ۋە ئۇنىڭدىكى مۇسۇلمانلارنى قويۇپ تۇرايلى! ۋە ئاشۇ ئېقىملارنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى بولغان غەربكە نەزەر سالايلى!

غەرب دۇنياسى جاپاسىنى تارتىۋاتقان، خاپىلىقىنى تارتىۋاتقان قاقشاتقۇچ روھىي يالاڭتۆشلۈكنىڭ داۋاملىشىشى مۇمكىن ئەمەس، مەگەر مۇشۇ بىر ئەۋلاد بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرلىشىشى تەقدىرى ئەزەلىيدە بەلگىلەنمىگەن بولسا ...

ئەمما، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە مۇشۇ ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ يەنە بىر زامانلارغىچە داۋاملىشىشى بەلگىلەنگەن بولسا، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ھوشىغا كەلمەي، ئۆزى سىغىرىلىپ چۈشكەن چوڭقۇر ھاڭغا سەگەكلىك بىلەن دىققەت قىلماي ئامالى يوق.

ئۇ ئەمەلىيەتتىمۇ ئويغىنىشقا، سەگەكلىشىشكە باشلىدى.

ئۇ بۇ يەردىكى ئاجىزلىقنى ھېچنەرسىنىڭ تويغۇزالمايدىغانلىقىنى، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمايدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي تۈزۈملەرمۇ، ھۆكۈمرانلىق نىزامىمۇ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارمۇ ئىلگىرى ھېچكىمگە بېرىلمىگەندەك پۈتۈن كىشىلەرگە بېرىلگەن زېمىننىڭ بارچە ماددىي بۇيۇملىرىمۇ، جىنسىي مەنپەئەتلەر، كىشىلەرنىڭ راھەت ـ پاراغەت، ئەيشى ـ ئىشرەت ئىچىدە پاراۋان تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشى، راھەتنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈش ئۈچۈن تەق قىلىنغان گۈزەللىكلەر، يەنە ئۇلار ۋە بۇلار ھەممىسى بىر بولۇپ ئىنسانىيەتنىڭ ئاجىزلىقىنى تويغۇزالمايۋاتقانلىقىنى

ۋە ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

روھىي ئاچلىق، ئەقىدە ئاچلىقى، بۇ ئاچلىق ھەردائىم كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە ھۆكۈمران بولۇۋالغان بىئاراملىق كۆرۈنۈشى بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلىپ كەلدى. روھىي ئىزتىراپلار، ئەسەب-نېرۋا ئاجىزلىقلىرى، يۇقىرى قان بېسىم، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، مالىخولىيالىق ۋە ساراڭلىق روھىي كېسەللىكلىرى، ھازىرقى زامان يېڭى سانائەت شەكىللەندۇرگەن بارچە قۇلايلىقلار تۇرۇشلۇق، راھەت-پاراغەت ۋە مەنپەئەتلىنىشنىڭ بارچە شارائىتلىرى تولۇق، پۇرسەتلەر تولۇق تۇرۇشلۇق، ئىنسانىيەت ئۆزى مۇپتىلا بولغان ئاشۇ ئاچلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بەلكى، خالايىقلار كىرلەنگەن، بۇلغانغان ماددىي تاۋارلارغا ئۆزىنى قانچە ئاتقانسېرى، غەرق بولغانسېرى، ئۇنىڭدىكى ساراڭلارچە تېزلىك ۋە تەلەپ ئېشىپ بارىدۇ. قەلب چوڭقۇرلۇقىغا مۆكۈنگەن ئاچلىقنىڭ تۈيغۇ-سېزىملىرى ئاشىدۇ (يەنى بىر جىنايەتنى قىلىش بىلەن توختىماي تېخىمۇ كۆپ جىنايەتلەرنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئەرلەر قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن ئەمەس، قىلغان جىنايەتلىرى ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن پەخىرلىنىدىغان بولىدۇ، ئاياللارچۇ؟!).

بۇ ئاچلىق يېقىن كۈنلەردە ئويغىنىپ، سەگەكلىك بىلەن ئەقىدە ئاستىغا، ... ئاللاھ توغرىسىدىكى ئەقىدىگە قايتىپ كەلمەي ئامال يوق. چۈنكى، بۇ ئەقىدە بىردىنبىر ماھىيەتلىك خىلىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭدىن باشقىسى ئالالمايدۇ.

تەلەپ قىلىنغان بۇ ئەقىدە تاشقى رەڭدارلىق ـ مەدھىيىۋازلىق بولمايدۇ. نە باشقا «ئىنسان»نىڭ زىيىنىغا ھېساب دەپتىرى ئاچىدىغان روھ ئالەمىگە غەرق بولۇش بولمايدۇ. بەلكى، (ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇ مۇددەتلىك مۇشۇ تەجرىبىلىرىدىن كېيىن) ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن ھەممە تەرەپلىرىنى، ئەقلى، روھى ۋە جىسمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شامىل ئەقىدە بولىدۇ.

يەر شارىدا ئىسلامدىن باشقا بۆلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شامىل ئەقىدە يوق. ھازىرچە ئىسمى مۇھەممەد، ئەھمەد ۋە ئەلىيگە ئۆزگەرگەن ئادەملەرنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئەمەس. لېكىن، ئۇلار پات ئارىدا (ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلما تەبىئىتى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاچچىق تەجرىبىلىرى بىلەن) مۇشۇ ئەقىدە تەرەپكە توغرا يول تاپىدۇ، تەلەپ قىلىنغان بۇ ئەقىدە ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شامىل ئەقىدە بولىدۇ. بۇ ئەقىدە ئۇنىڭ يۈزلىنىش ۋە يۆلىنىشلىرىنى بىرلەشتۈرىدۇ، بىرلىككە كەلتۈرىدۇ، بۆلىنىشتىكى ھەربىر قىسمىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمەيدۇ.

*** *** ***

بۈگۈنكى كۈنلەردە ئەقىدە ئالدىدا كاتتا توسالغۇ پەيدا قىلغان، دىنغا قايتىش ئالدىغا قويۇلغان توسۇقلار، كۆزگە چېلىققان پەردىلەر ئۇزۇن ئۆتمەي زاۋال تاپىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن تۇنجى «ئىنقىلاب» ئەمەس.

پىكىرلەر ۋە ھېس ـ تۇيغۇلار ئالماشسا، مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان ئىشلار نېمىدېگەن ئاسان ئۆزگىرىدۇ ـ ھە!

ئىنسانىيەت ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن ئورىۋالغان روھىي يالاڭتۆشلۈكنىڭ خەتىرىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتكەن چاغدا، بۈگۈن ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىدىن قۇتۇلۇپ ياشاش ئۈچۈن ھەرقانچە ئورۇنغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ئەقىدە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن «نىزام»لارنىڭ ھەممىسىنى رازى بولغان ھالدا سۆيۈنۈپ قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى، بويۇنتۇرۇقلارنى ئۈزۈپ سەييارىلەردەك بولۇشىغا ياشاش بۈگۈنكى ئىنسانىيەت دەردىنى تارتىۋاتقان ئىزتىراپلارنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىدۇر.

كۆڭۈللەر بۇلغانغان، كىرلەنگەن ماددىي مەنپەئەتلەردىن، ئەقىلگە سىغمىدىغان مەنپەئەتلەرگە يۆتكىلىدۇ ۋە پات ئارىدا مۇشۇ مەنپەئەتتە بار بولغان ئەسلىي ھالەتتىكى تەبىئىيلىكنىڭ راھىتىنى تاپىدۇ.

بۈگۈنكى ئاياللار رول ئېلىۋاتقان ئازدۇرمىچىلىق، ئېزىتقۇلۇق پائالىيەتلىرى، ئاياللارغا لەززەتلىك، تاتلىق تېتىغان بۇ ھەرىكەتلەر ئۆزلۈككە قايتىدۇ. ئۇلار بىرىپ تاقىلىپ قالغان بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئۆزلۈككە قايتىشىغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئاخىرى قايتىدۇ. مانا بۇ ئېزىتقۇلۇق ساھەسىدىن ئۆزلۈككە قايتىش ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئاياللىرىدا ئاز-تولا باشلاندى. چۈنكى، ئاياللار كىچىككىنە ئېسىگە كېلىۋىدى، بۇ ئېزىتقۇلۇقنىڭ ئاقىۋىتىدىن چۆچۈپ كەتتى.

مانا بۇ چۆچۈش ئاياللارغا كەڭ دائىرىدىكى ئۆزلۈكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. توغرا! لېكىن، ئۇ ئاياللارغا باشقا ؟؟؟؟ ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ؟؟؟؟ ئۇنىڭ يولدىشى، لايىقىغا نىسبەتەن ئىچ-ئىچىدىن ئىگە بولىدۇ، ھوقۇقلۇق بولىدۇ.

ئائىلە ۋەيران بولىدۇ، ئالاقە - مۇناسىۋەتلەر ئاجرايدۇ، كۆڭۈللەر جاراھەتكە تۇشىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاياللارنىڭ بۇنداق بىنورمال يۈرۈش - تۇرۇشلار ۋە ئۆزىنى نابۇت قىلىشلاردىن كۆڭلى سوۋۇيدۇ ۋە قالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بەختسىزلىكنى مىراس قالدۇرىدىغان، پىتنە - بۇزۇقچىلىقلار ئۇستىگە ئەمەس، تەبىئىي، ئەسلى ماھىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا لەببەي دەپ تۇرىدىغان نازاپەتلىك بولغان قىزىقتۇرۇشقا ئېرىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ.

---

ئەنە شۇ يېقىن كۈنلەردە كىشىلەر ئىنسانىيەت دىنىغا كىرىدۇ، ئىسلامغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەنە شۇ ئىنساننىڭ ئىرادىسىدىن بەك كاتتا كۈچتۇر. چۈنكى، بۇ كاتتا كۈچ ئاللاھ تەبىئىي ئاڭغا ئامانەت قىلغان، كۆڭۈللەردە ھەرىكەت قىلىشقا قالدۇرغان قانۇنىيەت ئۇستىگە بىنا قىلىنغاندۇر. ئەنە شۇ كۈن كەلگەن چاغدا، ئەقىدىلەر ھېسابىدا ئىنسانىيەتتىن بىر ئەۋلاد ياكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆمرى - ۋاقتى نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟!

بۇ ئەھۋالنىڭ قاچان يۈز بېرىشى مۇھىم مەسىلە ئەمەس.

ئەڭ مۇھىمى پات ئارىدا يۈز بېرىدۇ. ئاللاھ مۇشۇ ئىنسانىيەتكە يوقۇلۇشنى — قىيامەت قائىم بولۇشنى بېكىتمىگەن بولسا، ئاللاھنىڭ خاھىشى بىلەن پات ئارىدا يۈز بېرىدۇ.

ئەنە شۇ كۈن كەلگەندە — ئاللاھ خالىسا ئۇ كۈن چوقۇم كېلىدۇ — ھەرقايسى دەۋر ۋە جايلاردىكى مۇسۇلمان

ئەۋلادلارنىڭ خۇداسىزلىق-كۇپرىلىق ئوتتۇرىسى بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ھازىرغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان تەگسىز ھاڭ ئۇستىگە كۆۋرۈك ياساش ئۇچۇن بەرگەن قۇربانلىقلىرى ۋە تارتقان دەرد-ئەلەملىرىنىڭ ھەممىسى نېمىگە تەڭ كېلىدۇ؟ ھېچ نەرسىگە! ...

قۇربانلىقلار ئاسمان ۋە زېمىندا كاپالەتكە ئىگىدۇر: «ئاللاھ ئۆزىگە ياردەم بەرگەن كىشىلەرگە (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئۇستۇنلۇكى ئۇچۇن ياردەم بەرگەن كىشىلەرگە) ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن بەك كۈچلۈكتۇر ۋە غالىبتۇر» («قۇرئان كەرىم»).

بۈيۈك ئاللاھ راست سۆزلىدى.